نەپرەت

# چوڵ شاهمات تاختسی

# ZBIGNIEW BRZEZINSKI

# THE GRAND CHESSBOARD

«چوڭ شاھمات تاختىسى ناملىق» كىتابنى ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلىگۈچىدىن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ! سىز كۆرۈۋاتقان مەزكۇر ئېلكىتاب بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمانى يەنى باغداش مۇنبىرىدىكى نەپرەت2009 نىڭ ھاۋالىسى بىلەن باغداش مۇنبىرىدىن ئېلىنىپ ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلەندى.
ۋاقىت قىس يەنە كېلىپ ئەسەرنىڭ ھەجمى بىر قەدەر چوڭ،سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك ئېلكىتابتا بەزى بىر ئىملا خاتالىقى،ئۇنىڭدىن سىرىت نۇرغۇن سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولۇشى مومكىن ،شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

## ئالاھىدە ئەسكەرتىش:

**بۇ كىتابنىڭ ئېلكىتابى پەقەت شەخسنىڭ ئۆگىنىشى ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈنلا ئىشلەندى.ھەرقانداق شەخس ياكى ئورۇننىڭ سودا خاراكتېرىدە ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ!!! ئەگەر سودا خاراكتىرىدە ياكى باشقا ساھەدە قانۇنسىز ئىشلەتسىڭىز بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق ئاقىۋەتكە ۋە قانۇنى جاۋابكارلىقىقا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولىسىز.بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلغۇچى ۋە بۇ كىتابنى ئېلكىتاب قىلىپ ئىشلىگۈچى ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ!**

# چوڭ شاھمات تاختىسى

## ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنى ۋە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىملىقى

زبىگنېۋ برزىنسكى

تەرجىمە قىلغۇچى: نەپرەت (ئوكيان توردىن)

«چوڭ شاھمات تاختىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بىر تەرجىمە ھەۋەسكارى ھەمدە سىياسىي، ھەربىي ئىشلار مەستانىسى. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتېگىيىچىسى، جۇغراپىيىۋى سىياسەتچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نەزەرىيە ئاساسىنى ياراتقۇچىسى زبىگنېۋ برزېنسكىينىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەسىرى «چوڭ شاھمات تاختىسى» نى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

بۇ كىتابنى ئىنگلىزچە نەشرى ۋە شاڭخەي ئەسىر نەشرىياتچىلىق گۇرۇھى نەشر قىلغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن بىرمۇ-بىر سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلدىم. كىتاب جەمئىي يەتتە باب بولۇپ، ئالتىنچى بابىدىكى تىيەنئەنمىن ۋەقەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار(جەمئىي بىر بەت ئەتراپىدا ھەمدە پۈتكۈل ئەسەر مەزمۇنىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ) بولغاچقا، جۇڭگونىڭ قانۇن-پەرمانلىرىغا ئاساسەن، خەنزۇچە نۇسخىسىدا بۇ جايلىرى چىقىرىپ تاشلانغان، شۇڭا مەنمۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە بۇ جايلىرىنى تەرجىمە قىلمىدىم. قالغان جايلىرى ئىنگلىزچە نۇسخىسى بىلەن ئوخشاش .

زبىگنېۋ برزېنسكىي بۇ كىتابقا «چوڭ شاھمات تاختىسى» دەپ ئىسىم قويۇشنىڭ سەۋەبى، زبىگنېۋنىڭ قارىشىچە، لىسابوندىن تارتىپ ۋىلادىۋوستوكقىچە بولغان بىپايان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھمات تاختىسى بولۇپ، دۇنيانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى بەلگىلەيدىكەن ھەم ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىش ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىكى مەركىزىي سەھنە ئىكەن. بېرزىنىسكى ئامېرىكىنى ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەرلەرگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە زومىگەر، فرانسىيە، گېرمانىيە، رۇسىيە، جۇڭگو ۋە ھىندىستاندىن ئىبارەت بەش

**جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىلىك دۆلەت ۋە ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، جەنۇبىي كورىيە، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق بەش جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق دۆلەتلىرىنى ئۆزىگە تارتىش ۋە پارچىلاش ئارقىلىق، ياۋروئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدا ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ، رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان .**

**بىرزىنىسكىي بۇ كىتابتا قارىشىچە، ئامېرىكا دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتكۈل دۇنيادا ھەربىي ئەۋزەللىكىنى ئىگىلىمەكتە، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئۆتكۈر تېخنىكا ساھەسىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، «ئامېرىكا مەدەنىيىتى» جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئامېرىكا بىرىنچى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپلا قالماي، ھەم ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت. ئۇنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2015-يىلى ئەتراپىدا، ئامېرىكا دۇنيادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويىدىكەن. شۇڭا بۇنىڭدىن ئىلگىرى بالدۇر تەييارلىق قىلىپ، ئامېرىكا مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خەلقئارالىق تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا چوقۇم يەنە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىغا قارشى تۇرىدىغان ئامېرىكىغا قارشى ھەرقانداق بىر ئىتتىپاقنىڭ بارلىققا كېلىشىنى توساش ئىكەن .**

**مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھېچقانداق بىر كەسپىي تەھرىرنىڭ تەھرىرلىشى ۋە تۈزىتىشىدىن ئۆتمىگەن، شۇڭا بەزى خاتالىقلاردىن خالى ئەمەس. قىممەتلىك تەكلىپ پىكىر بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىتاب خالىسانە تەرجىمە قىلىندى ھەمدە باغداش تورىنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلان قىلىندى. بارلىق تەرجىمە ھوقۇقى باغداش تورىغا تەۋە، ھېچقانداق شەخس ۋە ئورگانلارنىڭ تەشۋىقات ۋە پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىشىگە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بولمىسا جاۋابكارلىققا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ .**

# ئاپتور ھەققىدە:

**زبىگنېۋ برزىنسكى**



**ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىستراتېگىيىچىسى، جۇغراپىيىۋى سىياسەتچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىمىرىپ تاشلاشنىڭ ئېستراتېگىيىلىك نەزەرىيە ئاساسىنى ياراتقۇچىسى زبىگنېۋ برزېنسكي 1928-يىلى3-ئاينىڭ 28-كۈنى پولشانىڭ پايتەختى ۋارشاۋادا تۇغۇلغان. 1938-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن كاناداغا كۆچمەن بولۇپ بارغان. 1949-يىلى كانادا مونتىرىئال شەھىرىدىكى مجىل ئۇنىۋېرستېتى (McGill University) نى پۈتتۈرگەن. ئىككىنچى يىلى ئامېرىكا خارۋاد ئۇنىۋېرستىتىغا كىرىپ ئوقۇغان، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1958-يىلى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1960-يىلى، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستىتىنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈمەت ئىلمىنىڭ مۇئاۋىن پرافىسورى بولغان. 1961-يىلى،پرېزىدېنت كېنندى بېرزېنسكىينى دېپلوماتىيە سىياستى مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان. 1962-يىلى، كولۇمبىيە**

ئۇنۋېرستتىنىڭ پرافېسورى بولغان، بىرلا ۋاقتتا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستېتى كوممۇنىزم مەسىلىلىرى تەتقىقات ئورگىنىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1966 ـ1968 يىللىرى، جونسۇن هۆكۈمتى دۆلەت ئىشلىرى مەهكىمىسىنىڭ سىياسىي پىلان كومىتتىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1977 ـ 1981يىللىرى، پرىزدېنت كارتېرنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىشلىرى ياردەمچىسى بولغان. سىياسىي سەهنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستېتى سىياسەت فاكولتتىنىڭ پرافېسورى ،ئامېرىكا جورجى شەهىرى ئۇنۋېرستى Georgetown) (Universityخەلقئارالىق ئېستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىهەتچىسى بولغان .

ئاساسلىق ئەسەرلىرى :

**1.**مەڭگۈلۈك تازىلاش–سوۋېت هاكىم مۇتلەقلىقىدىكى سىياسەت
**2.**سوۋېت گۇرۇهى:بىرلىك ۋە ئىختىلاپ
**3.**ئىككى دەۋر ئارىسىدا:ئامېرىكىنىڭ ئېلېكترون تېخنىكىسى دەۋرىدىكى رولى
**4.**هوقۇق ۋە پرىنسىپ:دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىهەتچىسىنىڭ ئەسلىمىسى
**5.**مۇسابىقە لاهىيىسى:ئامېرىكا سوۋېت رىقابىتىدىكى جۇغراپىيىۋى ئېستراتېگىيە تۈزۈلمىسى
**6.**زور مەغلۇبىيەت: 20ـئەسىردىكى كوممۇنىزمنىڭ گۈللىنىشى ۋە هالاك بولىشى
**7.**كونتروللىقنى يوقىتىش: 21ـئەسىر هارپىسىدىكى دۇنياۋى قالايمىقانچىلىق
**8.**چوڭ شاهمات تاختىسى ـئامېرىكىنىڭ هەممىدىن ئۈستۈن ئورنى ۋە جۇغراپىيىۋى ئېستراتېگىيىسىنىڭ مۇهىملىقى
**9.**تاللاش ـيەرشارىۋى هۆكۈمرانلىق ياكى يەرشارىۋى رەهبەرلىك
**10.**ئىككىنچى قېتىملىق پۇرسەت ـئۈچ پرىزدېنت ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتتىكى كىرزىس

# كىرىش سۆز: دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت سىياستى

دۇنيادىكى هەرقايىسى قىتئەلەر تەخمىنەن 500 يىل ئىلگىرىدىن باشلاپ، سىياسىي

جەھەتتە ئۆزئارا تەسر كۆرستىشكە باشلىغاندىن بۇيان، ياۋروئاسيا قۇرۇقلۇقى ئىزچىل ھالدا دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى. ئايرىم بىر قىسىم ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى دۆلەتلىرى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممىدىن ئۈستۈن دۆلەت بولۇش ئىمتىيازىدىن بەھرىمان بولىۋاتقاندا، ياۋروئاسيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىر قىسىم مىللەتلەر-كۆپ قىسمى ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقىنىڭ غەربىي ياۋروپا قىسمىغا جايلاشقان مىللەتلەر ئوخشىمىغان ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىغا سىڭىپ كىردى ۋە كونترول قىلدى .

20-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 10 يىلىدا، دۇنيا ۋەزىيىتىدە قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقىغا تەۋە بولمىغان بىر دۆلەت تۇنجى قېتىم تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى بۇزۇپ، ياۋروئاسيا دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتىدىكى مۇھىم كېسىم چىقارغۇچى بولۇپلا قالماي، دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە يىمىرىلىشى غەربىي يېرىم شاردىكى چوڭ دۆلەت ئامېرىكىنىڭ تېزلىكتە ھەم تۇنجى ھەقىقىي مەنىدىكى يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدىمى ئىدى .

بىراق، ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقى جۇغراپىيىلىك سىياسىي مۇھىملىقىنى يەنىلا ساقلاپ كەلدى. غەربىي قىسمىدىكى ياۋروپاغا دۇنيادىكى كۆپلىگەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلەر جايلىشىپ قالماي، شەرقىدىكى ئاسىيامۇ يېقىندا ئىقتىسادى ئاشقان ۋە تەسىر كۈچى زورايغان ئىنتايىن مۇھىم مەركەز بولۇپ قالدى. شۇڭا، يەرشارىدىكى ھەممە ئىشقا قول تىققان ئامېرىكا ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقىدىكى چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىگە قانداق تاقابىل تۇرىدۇ، بولۇپمۇ باشلامچىلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ۋە دۈشمەنلىشەلەيدىغان ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقى چوڭ دۆلىتىنىڭ پەيدا بولىشىنى ئامېرىكا توساپ قالالامدۇ يوق دېگەنلەر ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى ھەممىدىن ئۈستىن رولىنى جارىي قىلدۇرۇشىغا نىسبەتەن يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم .

شۇڭا، كۈچلەرنىڭ ھەرخىل يېڭى ساھەلىرىنى (تېخنىكا،ئالاقە،ئۇچۇر ھەمدە پۇل-مۇئامىلە) ئېچىشتىن سىرت،ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە سىياستى جۇغراپىيىۋى سىياسى مەسىلىلەرگە داۋاملىق دىققەت قىلىشى ھەمدە ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقىدا ئامېرىكىنىڭ تەسىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكا سىياسىي كېسىم چىقارغۇچى بولىغان مۇقىم قۇرۇقلۇق ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلىشى كېرەك .

شۇنداق قىلىپ، ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقى يەرشارىدىكى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىدىغان شاھمات تاختىسى بولۇپ قالدى. بۇ كۈرەش جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە-جۇغراپىيىۋى سىياسىي مەنپەئەتنى ئىستراتېگىيىلىك ئىدارە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى،

**1940-يىلى، يەرشارىۋى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئادولق هىتلىر بىلەن يۇسۇف ستالىن ئىنىق كېلىشىم تۈزۈپ (شۇ يىلى 11-ئايدىكى مەخپىي سۆھبەتتە)، ئامېرىكىنى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا كېلىشكەن ئىدى. ھەر ئىككىلىسىلا ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا كىرىشى ئۈلارنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش قارا نىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان ئىدى. ھەر ئىككىلىسىلا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقى دۇنيانىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى ھەمدە كىم ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنى كونترول قىلسا، شۇ دۇنيانى كونترول قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ بولغان ئىدى. يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىگە: ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنى داۋاملىشامدۇ يوق، ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنى نېمە مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت يېڭى مەنالار قېتىلدى .**

**ئامېرىكا سىياستىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ياخشى نىيەتلىك ھەمدە يىراقنى كۆرەر بولىشى، ئۈزۈن مۇددەتلىك يۈزلىنىش ۋە ئىنسانلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئاساسەن،ھەقىقىي ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يەرشارى چوڭ ئائىلىسى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ياۋروئاسىيانى ئىدارە قىلالايدىغان ھەمدە ئامېرىكىغا خىرس قىلالايدىغان رىقابەتچى مەيدانغا كەلمەسلىكى كېرەك،بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. شۇڭا، ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقى جۇغراپىيىۋى ئېستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقىش بۇ كىتابنىڭ مەقسىتىدۇر .**

**زبىگنېۋ برزىنىسكىي**
**ۋاشىنگىتون كولۇمبىيە**

**ئالاھىدە رايونى**

**1997 - يىل4-ئاي**

## مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب: يېڭىچە زومىگەرلىك**
**يەر شارىۋى يۈكسەك ئورۇنغا ئۆتۈشىدىغان قىسقا يول**
**تۇنجى يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت**
**ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى سىستېمىسى**

ئىككىنچى باب: ياۋروئاسىيا چوڭ شاھمىتى
جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە
جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلار ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ئوق مەركەز دۆلەتلىرى
ھەل قىلغۇچ تاللاش ۋە يوشۇرۇن خىرىس

ئۈچىنچى باب: دېموكراتىيە قاراۋۇلخانىسى
سەلتەنەت ۋە ھۆرلۈك
ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي نىشانى
ياۋروپانىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ۋاقىت جەدۋىلى

تۆتىنچى باب: قاراڭغۇ ئۆڭكۈر
روسىيەنىڭ يېڭى جۇغراپىيىۋى سىياسەت مۇھىتى
جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىدىكى تۈرلۈك خىياللار
بىر تاللاشتىكى ئىككى مۈشكۈلات

بەشىنچى باب: ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى بالقان
مىللەتلەر داشقازىنى
كۆپ قىرلىق رىقابەت
ھەم ئىدارە قىلماسلىق ھەم چەتكە قاقماسلىق

ئالتىنچى باب: يىراق شەرق لەڭگىرى
جۇڭگو يەر شارىۋى دۆلەت ئەمەس بەلكى رايونلۇق دۆلەت
ياپونىيە رايونلۇق ئەمەس بەلكى خەلقئارالىق دۆلەت
ئامېرىكا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ تەڭشىلىشى

يەتتىنچى باب: خۇلاسە
ياۋروئاسىيا چوڭ قۇرۇقلىقىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى
ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى
ئەڭ ئاخىرقى يەر شارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتتىن كېيىن

# بىرىنچى باب: يېڭىچە زومىگەرلىك

زومىگەرلىك ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لېكىن ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى يەرشارىۋى تەڭداشسىز ئورنى، بۇ ئورۇننىڭ تېزلىكتە شەكىللىنىشى، پۈتكۈل يەرشارىنى قاپلىشى ھەمدە بۇ ئورۇندىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. پەقەت بىر ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە، ئامېرىكا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرتىشگە ئۇچرىشى ئارقىلىق، غەربىي يېرىم شاردىكى نىسپىي تەنها دۆلەتتىن، تارىختىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان دۇنياۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى.

## يەر شارىۋى يۈكسەك ئورۇنغا تۇتىشىدىغان قىسقا يول

1889- يىلدىكى ئامېرىكا-ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ چەتئەللەردە قىلغان بىرىنچى قېتىملىق بويسۇندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشتۇر. بۇ ئۇرۇش ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ تىنچ ئوكيانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھاۋايدىن ئۆتۈپ فىلىپپىنغىچە يېتىپ كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىچىلىرى ئىككى چوڭ ئوكيانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تەلىماتىنى يارىتىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاندا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيەنىڭ «دېڭىز ئوكيانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش» ئىدىيىسىگە خىرىس قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا غەربىي يېرىم شارنىڭ بىردىنبىر مۇھاپىزەتچىسى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورۇندىن بەھرىمان بولۇش غەرىزىنى بىلدۈردى. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىستىكى پاناما قانىلىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. پاناما قانىلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكياندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئوكياننى كونترول قىلىشتا رولى كۆپ .

ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ تېزلىكتە سانائەتلىششى ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي غايىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئاساس ياراتتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي كۈچى پۈتكۈل يەرشارى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن33% نى ئىگىلەپ، ئەنگلىيەدىن ئېشىپ دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندى. ئامېرىكىنىڭ مۇنداق گەۋدىلىك ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىنى تەجرىبە ۋە يېڭىلىق يارىتىش مەدەنىيىتى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئەركىن بازار ئىقتىسادى جاسارەتلىك ۋە خۇراپاتلىقنى ئىشەنمەيدىغان كەشپىياتچىلار ئۈچۈن ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بۇ كەشپىياتچىلار ئۆزىنىڭ غايىسىگە يېتىش يولىدا كونىچە ئەنئەنىۋى ئىمتىياز ۋە قاتمال ئىجتىمائىي تەبىقە تۈزۈمىنىڭ بوغۇشىغا ئۇچرىمىدى. يىغىنچاقلىغاندا، ئامېرىكىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلىدىغان دەرىجىدە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ماسلاشتى. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قىزىقتۇرىشى ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تېزلىكتە ئاسسىملياتسىيە قىلىشى دۆلەت كۈچىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى .

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئامېرىكا ھەربىي كۈچلىرىنىڭ ياۋروپاغا زور كۈچ بىلەن كىرىشىگە تۇنجى پۇرسەتنى يارىتىپ بەردى.ئىلگىرى ئۇدا نىسپىي تەنھا ھالەتتە تۇرىۋاتقان چوڭ دۆلەت ئۆزىنىڭ نەچچە يۈزمىڭلىغان قوشۇنىنى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تېزلىكتە يۆتكىدى. بۇ قېتىمقى ئوكيان ئاتلىغان ھەربىي يۈرۈش كۆلەم ۋە دائىرە جەھەتتە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ، دۇنيا سەھنىسىدە يېڭى بىر مۇھىم رولچىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى، بۇ قېتىمقى دۇنيا ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى قېتىم دىپلوماتىيە تىرىشچانلىقى كۆرسىتىپ، ئامېرىكىنىڭ پىرىنسىپى ئاساسىدا ياۋروپانىڭ خەلقئارالىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى تېپىشنى ئىلگىرى سۈردى. ۋۇدروۋ ۋىلسون (Woodrow Wilson) نىڭ داڭلىق 14نۇقتا پىلانىدا، ئامېرىكا غايىزىمچىلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ جۇغراپىيۋى سىياسىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ھەمدە غايىزىمچىلارنىڭ يەنە ئامېرىكا كۈچلىرى ئارقىلىق زورايغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. (بۇنىڭدىن15 يىل ئىلگىرى روسىيە بىلەن ياپونىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى بىر توقۇنۇشىدا ئامېرىكا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتقان خەلقئارالىق ئوبرازىنى نامايەن قىلغان ئىدى). ئامېرىكا غايىزىمچىلىرى بىلەن ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىشى كىشىلەرگە ئامېرىكىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلدۇردى .

كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاساسلىقى يەنىلا ياۋروپا ئۇرۇشى بولۇپ، يەرشارى خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئۆز ئۆزىنى ھالاك قىلىش ئالاھىدىلىكى ياۋروپانىڭ دۇنياغا بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنىڭ ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا، بىرمۇ ياۋروپا دۆلىتى ھەل قىلغۇچ ئۈستۈنلىكنى ئىگەللىيەلمىدى. ئەكسىچە، بۇ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قەد كۆتۈرىۋاتقان ،ياۋروپا دۆلىتى بولمىغان ئامېرىكىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپا يەر شارىدىكى چوڭ دۆلەتلەر سىياسىتىدىكى ئاساسلىق كۈچ ئەمەس بەلكى ئوبيېكتى بولۇپ

قالدى .
لېكىن ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا بولغان قىسقا مەزگىللىك رەھبەرلىكى ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئۆزلۈكسىز ئارىلىششىنى ساقلاپ قالالمىدى.ئەكسىچە،ئامېرىكا ئۆزئۆزىدىن قانائەتلىنىدىغان غېرىپلىق ۋە غايىۋىزىملىق بىرلەشكەن ھالغا تېزلا چېكىنىپ كەتتى.گەرچە20-ئەسىرنىڭ20-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن30-يىللارنىڭ باشلىرىغىچە،ھاكىم مۇتلەقلەر ياۋروپا قۇرۇقلىقىدا كۈچ توپلىسىمۇ،ئامېرىكا قۇدرەتلىك،ئىككى چوڭ ئوكياندا ئۇرۇش قىلالايدىغان دېڭىز فلوتىغا ئىگە بولۇپ،ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ھەمدە يەنىلا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ كەلدى.ئامېرىكىلىقلار يەرشارى سىياسىتىدا چەتتە قاراپ تۇرۇشنى بەكرەك خالايتتى .
بۇ خىل خاھىش بىلەن بىردەك بولغىنى، ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك ئۇقۇمى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىلى دەيدىغان كۆز قاراش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى قوغداشقا مەركەزلەشكەن، دائىرە جەھەتتە ئۆز دۆلىتى بىلەنلا چەكلەنگەن بولغاچقا، خەلقئارالىق ۋە يەرشارىۋى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئاز ئويلىشاتتى.خەلقئارالىق سەھنىدە ھەل قىلغۇچ رول ئويناۋاتقىنى يەنىلا ياۋروپادىكى ھەرقايسى چوڭ دۆلەتلەر ۋە كۈنسېرى زورىيىۋاتقان ياپونىيە ئىدى .
دۇنيا سىياسىيسىدا ياۋروپا دەۋرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئاخىرلاشتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىر مەيدان ھەقىقىي يەرشارىۋى ئۇرۇش ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۈچ چوڭ قىتئەدە بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەردى ھەمدە ئاتلانتىك ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ۋە ياپونىيە قوشۇنلىرى ئايرى-ئايرىم ھالدا يىراقتىكى غەربىي ياۋروپا ئارىلى ۋە ئوخشاشلا يىراقتىكى شەرقىي ئاسىيا ئارىلىغا ۋەكىللىك قىلغاندا،ئۇلاردىن 10 مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ھىندىستان-بېرما چېگرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ يەرشارىۋى كۆلەمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سىمۋول خاراكتېرىدە كۆرسىتىپ بەردى.ياۋروپا ۋە ئاسىيا جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى .
ئەگەر بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ناتسىست گېرمانىيە غەلبە قىلغان بولسا، يەككە بىر ياۋروپا دۆلىتى يەرشارىۋى ئەۋزەللىككە ئىگە دۆلەت بولۇپ قالاتتى (ئەگەر ياپونىيە تىنچ ئوكياندا غەلبە قىلغان بولسا، يىراق شەرقتە باشلامچىلىق ئورنىنى ئىگەللەيتتى، ئەمما ياپونىيە يەنىلا رايونلۇق زومىگەر). لېكىن گېرمانىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاساسلىقى ياۋروپانىڭ سىرتىدىكى غالىبىيەتچىلەردىن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بەلگىلىگەن ئىدى. بۇ ئىككى دۆلەت ياۋروپانىڭ ئەمەلگە ئاشمىغان پۈتكۈل يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش غايىسىگە ۋارىسلىق قىلدى .


كېيىنكى 50 يىل ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئورنىنى تالىشىش كۈرىشىگە جۆر بولدى. ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسلارنىڭ قاتتىق ئىشىنىدىغان نەزەرىيەلەرنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئىدى. بۇ كۈرەش تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكياننى كونترول قىلىۋاتقان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دېڭىز ئوكيان دۆلىتى بىلەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ مەركىزىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق دۆلىتىنى (جۇڭگو-سوۋېت گۇرۇھىنىڭ زېمنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ) ئۆزئارا رەقىبكە ئايلاندۇردى. جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن ئېنىق بولدى: شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ تىركىشىشى پۈتكۈل دۇنيانىڭ تەغدىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. غالىپ كەلگىنى پۈتكۈل يەرشارىنى ھەقىقي كونترول قىلىدۇ. مۇبادا ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرسە، ھېچكىم ئۇنىڭ يولىنى توسالمايدۇ .

تىركەشكەن ئىككى تەرەپ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ئۇمۇدۋارلىققا تولغان ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلدى. بۇ ئىدىيەلەر ئىككىلا تەرەپنىڭ غەلبە قىلىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتكەنلىكتىن، مەردانىلىق بىلەن زۆرۈر تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز زېمىنىدا كۆرىنەرلىك يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. پۈتكۈل يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلغان ياۋروپا ئىمپېرىيىلىرىنىڭ بىرىمۇ ياۋروپا دائىرىسىدە ھەل قىلغۇچ ئەۋزەللىككە ئېرىشەلمىگەن ئىدى، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ ئېدىئولوگىيىسى ئارقىلىق ھەرقايسى بېقىندى دۆلەتلەر ۋە ھامىي دۆلەتلەرگە بولغان كونتروللىقىنى كۈچەيتكەن ئىدى. بۇ تەرىپى كىشىلەرگە دىن ئۇرۇشى دەۋرلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. يەرشارى جۇغراپىيىۋى سىياستى دائىرىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا بەيگىگە چۈشكەن ئىدىيىسىنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقى، ئومۇميۈزلۈك ماس كېلىدىغانلىقىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىشى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىلگىرىكىدىن كەسكىنلەشتۈرىۋەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەرشارىۋى مەنىگە ئىگە بولىشى بۇ كۈرەشنى تەڭداشسىزلىققا ئايلاندۇردى. يادرو قوراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاساسلىق تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى يۈزتۇرانە ئۇرۇششنىڭ ئىككىسىنىلا ھالاك قىلىپ قالماي، كۆپلىگەن ئىنسانلارغا ئەجەللىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىك دەرىجىسى ئىككى رەقىبنىڭ زور چەكتە ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا مەجبور قىلدى .

جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە، توقۇنۇشنىڭ كۆپ قىسمى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يۈز بېرىدۇ. جۇڭگو-سوۋېت گۇرۇھى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىدارە قىلغان بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى رايونلارنى كونترول قىلالمىغان ئىدى. ئامېرىكا بولسا كەڭ كەتكەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ ئەڭ غەربىي ۋە

ئەڭ شەرقىدىكى دېڭىز قىرغىقىدا ئۆز ئورنىنى مۇۋاپىقىيەتلىك تىكلەپ بولغان ئىدى.بۇ قۇرۇقلۇقتىكى قاراۋۇلخانىلارنى قوغداش (غەربىي«فرونت» تىكى بېرلىن قاملى ۋە شەرقىي«فرونت» تىكى كورىيە يېرىم ئارىلى ئۇرۇشىدا مەركەزلىك ئىپادىلەندى) كېيىن سوغاق ئۇرۇش دەپ ئاتالغان دەۋردىكى بىرىنچى قېتىملىق ئېستراتىگىيىلىك سىناق بولۇپ قالدى .
سوغاق ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، ئۈچىنچى مۇھاپىزەت «فرونت» يەنى جەنۇبىي فرونت ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ خەرىتىسىدە

**1.1 - رەسىمگە قاراڭ**




**1.1 - رەسىم**

پەيدابولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ئامېرىكىنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئىنكاس قايتۇرىشىغا تۈرتكە بولدى. ئامېرىكا ئافغانىستاننىڭ مىللىي قارشىلىق ھەركىتىگە بىۋاستە ياردەم بېرىش ئارقىلىق سوۋېت ئارمىيىسىنى پاتقاقتا پاتقۇزۇپ قويدى. ئامېرىكىنىڭ پارس قولتۇقىدا قۇرغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي مەۋجۇتلىقى تەھدىت شەكىللەندۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلىشىنى توستى. ئامېرىكا پارس قولتۇقىنى قوغداشقا ۋەدە بېرىش ئارقىلىق بۇ رايوننى ياۋرو ئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە ئوخشاش مۇھىم دەپ قارىدى .

**ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقى گۇرۇھىنىڭ پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئامېرىكىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك توساپ قېلىشى، ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى كۈرىشىنىڭ نەتىجىسىنى قورالسىز ۋاستە بەلگىلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى ئىككىلا تەرەپ بىر مەيدان يادرو ئۇرۇشى پارتلىشىدىن قورقاتتى، شۇڭا ھېچكىم ئاخىرىغىچە بىۋاستە ھەربىي توقۇنۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سىياستىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى جانلىقلىق، ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچ ۋە مەدەنىيەت جەلپ قىلىش كۈچى ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئۆزگەردى .**

**ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاپ كەلدى، ئەمما جۇڭگو-سوۋېت گۇرۇھى 20 يىلغا بارمايلا پارچىلىنىپ كەتتى.قىسمەن سەۋەبى كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ قاتتىق دەرىجە تۈزۈمى، دوگمىچىلىق ۋە ئاجىز خوسۇسىيىتىگە سىڭىشتۇرغاندا، دېموكراتىك ئىتتىپاق زور جانلىقلىققا ئىگە ئىدى. دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى بار بولۇپ، قاتماللىق، شەكىل جەھەتتىكى دوگمىچىلىق يوق ئىدى. كوممۇنىزم لاگېرى دوگمىچىلىقنى تەكىتلەپ، پەقەتلا بىر مەركەزنىڭ گېپىنى ھېساب قىلاتتى. ئامېرىكىغا ئەگەشكەن ئاساسلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىدىن كۆپ ئاجىز، لېكىن جۇڭگو ئۇنچە ئاجىز ئەمەس. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا قول ئاستىدىكى ئادەمدەك مۇئامىلە قىلسا بولمايتتى. مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبى ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا جەھەتتە زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارا-بارا چېكىنىپ، ئىقتىساد ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك مادارىنىڭ قالمىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئىدى. ئىقتىسادنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى چۈشكۈنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .**

**ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە غەربلىكلەردە قوزغىغان ۋەھىمىسى، بۇ ئىككى رىقابەتچىنىڭ سىممېترىكسىزلىكىنى ئۇزۇن مۇددەت خىرەلەشتۈرۈپ تاشلىدى. ئامېرىكا ناھايىتى باياشات، تېخنىكىسى ئىلغار، ھەربىي جەھەتتە ماسلىشىشچانلىققا ۋە ئىسلاھات روھىغا باي، ئىجتىمائىي جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئىدېئولوگىيىنى قامال قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش كۈچىنى ئاجىزلىتىۋەتتى، تۈزۈمنى بارغانسېرى قاتماللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىپ، تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت كۈچىنى تېخىمۇ يوقاتتى. پەقەت ئۆزئارا ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش پارتلىمىسىلا، ئۇزۇن مۇددەتلىك رىقابەت مۇقەررەر ھالدا ئامېرىكىغا پايدىلىق تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ .**

**كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق**

ئۆچرىدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاق،مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى ئاكتىپ دەپ قارىدى. ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ غەربى ۋە شەرقىدىكى ئىككى مۇھىم ئىتتىپاقدىشى گېرمانىيە ۋە ياپونىيە،ئامېرىكىنىڭ يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرگىنىگە مەدھىيە ئوقۇدى. ئامېرىكا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، قايىل بولۇشقا ۋە ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغان جەمئىيەت دەپ قارالدى .

بۇنىڭغا ئەكسىچە ھالدا، روسىيە مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم بېقىندى دۆلەتلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى، روسىيەنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەم ئۆزىگە ئىشەنچىسى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان شەرقتىكى ئىتتىپاقدىشى جۇڭگو تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، روسىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارنى ئۆز پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان غەربىي ياۋروپادىن ئايرىپ تاشلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى .

جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، روسىيە «俄国»بولسا «ئاچارچىلىق قاپلىغان زېمىن» (the hungry land ) دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلار روسىيەنى ئوچۇق ئاشكارا كەمسىتەتتى. گەرچە جۇڭگولۇقلار موسكۋانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەن دارۋىڭغا دەسلەپتە دەرگۇماندا بولغان بولسىمۇ،جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلابتىن كېيىن 10 يىلغا بارمايلا، موسكۋانىڭ ئېدىئولوگىيە جەھەتتىكى رەھبەرلىك ئورنىغا قاتتىق خىرىس قىلدى. ھەتتا ئۇلار شىمالدىكى ياۋايى قوشنىسىغا (روسىيەلىكلەر) بولغان ئەنئەنىۋى كەمسىتىشنى ئاشكارا ئىپادىلىدى .

ئەڭ ئاخىرىدا، روسلاردىن باشقا نوپۇسنىڭ 50% نى ئىگەللەيدىغان باشقا مىللەتلەرمۇ موسكۋانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەت قىلدى. روسلاردىن باشقا سىياسىي جەھەتتە بارا-بارا ئويغىنىۋاتقان مىللەتلەردىن ئۇكرانلار، گرۇزلار، ئەرمەنلەر ۋە ئەزەربەيجانلار سوۋېت ئىتتىپاقىنى سىرتتىن كەلگەن ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قارىدى. ئىدارە قىلغۇچى مىللەت مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇلاردىن ئىلغار ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ غايىسى سەل ئاجىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ رىغبەتلەندۈرىشىگە ئۇچرىدى، بۇ ئىسلام ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ

باشقا جايلاردا بولۇۋاتقان مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ھەركەتلىرىنى چۇشىنىشكە ئەگىشىپ كۆچەيدى .


ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئىمپىرىيەلەرگە ئوخشاش،سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتىن ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان پارچىلىنىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەغدىرى بىر ئالىمنىڭ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى :

ئىمپىرىيە بارلىققا كېلىشىدىلا مۇقىم ئەمەس،چۈنكى تەۋەلىكىدىكى رايونلار ھەمىشە تېخىمۇ يۇكسەك ئاپتونومىيەدىن بەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ھەمدە بۇ رايوندىكى ئۆكتىچىلەر سەرخىللىرى پۈرسەت تېپىپ، ھەركەتكە كېلىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور ئاپتونومىيەگە ئېرىشىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىمپىرىيە ئۆزۈشتا ھالاك بولمايدۇ بەلكى ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىدۇ. پارچىلىنىش ھەمىشە ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، بەزىدە ئىنتايىن تېزمۇ بولىدۇ .①

## تۈنجى يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت

رەقىبىنىڭ غۇلاپ چۈشىشى بىلەن ئامېرىكا تەڭداشسىز ئورۇنغا ئۆتتى. ئامېرىكا تۈنجى ھەم بىردىنبىر يەرشارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. گەرچە ئۆتمۈشتىكى ئىمپىرىيەلەرنىڭ كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك، پەقەت رايون خاراكتېرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ يەرشارىدىكى تەڭداشسىز ئورنى بەزى جەھەتلەردە ئۆتمۈشتىكى ئىمپىرىيەلەرنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئىمپىرىيەلەر ۋاسسال بەگلىكلەر، بېقىندى دۆلەتلەر، ھامىي دۆلەتلەر ۋە مۇستەملىكىلەر ھەمدە ياۋايىلار دەپ قارىلىدىغان ئىمپېرىيىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان. نۆۋەتتە ئامېرىكا چەمبىرىكىدىكى بەزى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنداق ۋاقتى ئۆتكەن ئاتاشلار مەلۇم دەرىجىدە پۈتۈنلەي نامۇۋاپىق بولىشى ناتايىن. ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش، ئامېرىكا «ئىمپىرىيە» سى كۆچلىرىنىڭ جارى قىلدۇرۇلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن تەشكىلىي دەرىجىسى، ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن زور مىقداردىكى ئىقتىساد ۋە تېخنىكا بايلىقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان ئىقتىدارى، ئامېرىكا تۈرمۇش شەكلىدىكى مۇجمەل لېكىن ناھايىتى مۇھىم بولغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى جەلىپ قىلىش كۈچى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ تولۇق ھاياتىي كۈچى ۋە قاتتىق رىقابەت كۈچىدىن كەلگەن .

ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەلەردىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەر بار ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلىشى ئۇچۇن ئىككى ئەسىردە ۋاقىت كەتتى. تۆت ئەتراپقا ئۈزۈلدۈرمەي زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلىش، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ پۈتكۈل دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسىنى قوغداش ئارقىلىق دېڭىزنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلدى. جۇغراپىيىلىك دائىرە جەھەتتە، رىم ئىمپېرىيىسى مىلادى 211-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. (2.1-خەرىتە). رىم ئىمپېرىيىسى ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش سىياسىي تۈزۈلمىسىنى يۈرگۈزدى، ئىقتىسادتا ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيتتى .رىم ئىمپېرىيىسى سۈيقەست قىلىش ۋە نىشانلىق ھالدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلىنىڭ مۇرەككەپ سىستېمىسى ئارقىلىق قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرغان ئىدى.




**1.2-خەرىتە**

رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن لاھىيىلىگەن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسى سۇ يولى سىستېمىسى پايتەختنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئىدى. مۇبادا بىخەتەرلىككە زور خەۋپ يەتسە، ۋاسسال بەگلىكلەر ۋە بېقىندى ئۆلكىلەردە تۇرۇشلۇق رىم قوشۇنلىرىنى تېزلىكتە توپلىيالايدۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرالايدۇ .

رىم ئىمپېرىيىسى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدە چەتئەللەرگە ئورۇنلاشتۇرغان رىم قوشۇنىنىڭ سانى 300 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، غايەت زور قوراللىق بىر كۈچ ئىدى. رىمنىڭ جەڭ تېخنىكىسى ۋە قورال-ياراغلىرىنىڭ ئىلغارلىقى ھەمدە ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ قوشۇنلىرىنى تېزلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىشى بىلەن چەتئەللەردىكى رىم قوشۇنلىرى دۈشمەنلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتالايدىغان بولدى (كىشىلەر رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ نوپۇسىدىن زور دەرىجىدە كۆپ بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئامېرىكىنىڭ 1996-يىلى چەتئەللەردە 296مىڭ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرتىدىكى رايونلارنى قوغداۋاتقانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن دىققەت قىلىشقا باشلىدى.)

بىراق رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتى مۇھىم بىر پىسخىك رېئاللىقتىن يەنى

**Civis Romus sum**

(مەن دېگەن رىم پۇقراسى) دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ پەخىرلىنىشتىن كەلگەن ئىدى، رىملىق بولۇش نۇرغۇنلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى. يۈكسەك رىم پۇقراسلىق سالاھىيىتى كېيىن رىملىق بولمىغان كىشىلەرگىمۇ بېرىلدى ھەمدە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ ئەۋزەللىك رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇرچ تۇيغۇسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇردى. بۇ ئەۋزەللىك رىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، پۇقرالارمۇ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشنى خالىدى. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۇيغۇسى ھەقلىق دەپ قارايتتى، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارمۇ بۇ ئەۋزەللىكنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ،مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۇيغۇسى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى .

تەڭداشسىز ئورۇنغا ئىگە ھەمدە چوڭ خىرىسقا ئۇچرىمىغان بۇ ئىمپېرىيە تەخمىنەن 300 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈردى. قوشنىسى كارفاگىن (Carthage) ۋە شەرقىي چېگرىسىدىكى پارفىيە ئىمپېرىيىسى (Parthia Empire) خىرىس قىلغاندىن باشقا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتىدىكى كۆپ قىسىم جايلار ياۋايى ھەم تەشكىلچانلىقى كەمچىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىدە ھۇجۇم قىلىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت


جەھەتتە رىم ئىمپېرىيىسىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن تۇراتتى. رىم ئىمپېرىيىسى پەقەت ئىچكى ھاياتىي كۈچى ۋە ئىنتىپاقلىقىنى ساقلاپ قالالىسىلا، سىرتقى دۇنيانىڭ رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك مادارى يوق ئىدى .

ئۈچ سەۋەب رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرىدا يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرىنچى، رىم ئىمپېرىيىسى زىيادە كېڭىيىپ كەتكەچكە، بىرلا مەركەزنىڭ ئىدارە قىلىشى قىينىلاشتى، رىم ئۆزىنى شەرق غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈشمۇ رىم ئىمپېرىيىسى ھوقۇقىنىڭ مونوپوللىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئىككىنچى، ئىمپېرىيەنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئەسەبىيلەرچە مەغرورلىنىشى مەدەنىيەت جەھەتتە ئەيشى-ئىشرەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، سىياسىي سەرخىللارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇردى. ئۈچىنچى، ئۇدا داۋاملاشقان پۇل پاخاللىقى ئىمپىرىيىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ھەم ئىجتىمائىي قۇربانلىق بېرىشنى تەلەپ قىلمايدىغان ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. مەدەنىيەتتىكى خارابىلىشىش، سىياسىيدىكى بۆلۈنۈش ۋە مالىيەدىكى پۇل پاخاللىقى بىرلىشىپ، رىم ئىمپىرىيىسىنى قوشنا ياۋايى مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمايدىغان قىلىپ قويىدى .

ھازىرقى زامان ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندا، رىم ئىمپېرىيىسى ھەقىقىي يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت ئەمەس، پەقەت رايونلۇق چوڭ دۆلەت. بىراق ئەينى دەۋردىكى ھەرقايسى چوڭ قىتئەلەر ئارىسىدا يىگانىلىق يېڭى ئومۇملاشقانلىقتىن، رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ رايونلۇق ھۆكۈمرانلىقى مۇستەقىل ھەم يىگانە ئىدى. يېقىن يىراقتا ھېچقانداق رەقىبى يوق ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلغار سىياسىي تەشكىلى ۋە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى ئىمپىرىينى كەلگۈسىدىكى زېمىنى تېخىمۇ چوڭ بولغان ئىمپىرىيەلەرنىڭ پېشۋاسىغا ئايلاندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ، رىم ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى بىردىنبىر ئىمپېرىيە ئەمەس ئىدى. رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن چىن ئىمپېرىيىسى ئوخشاش دېگۈدەك ۋاقىتتا قۇرۇلدى.مىلادىدىن ئىلگىرىكى221-يىلى (رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن كارافاگىنلىقلار پانىك ئۇرۇشى قىلىۋاتاتتى)، چىن شىخۋاڭ ئەينى دەۋردىكى يەتتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جۇڭگودىكى تۇنجى چىن ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، يەتتە بەگلىكنىڭ بىرلىككە كېلىشى جۇڭگونىڭ شىمالىدا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمپىرىيىنىڭ ئىچكى جايلىرىنى سىرتقى دۇنيادىكى ياۋايى مىللەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ساقلاپ كەلدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140-يىلدىن باشلاپ خەن ئىمپېرىيىسى بارلىققا كەلدى، خەن ئىمپىرىيىسىنىڭ زېمىنى تېخىمۇ چوڭ، تەشكىلىي تۈزۈمى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىدى. مىلادىدىن باشلاپ، خەن ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارنىڭ نوپۇسى57 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. مۇنداق زور ساندىكى نوپۇس ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھوقۇق مەركەزلەشكەن قاتتىق بيۇكرات تۈزۈمدە ئىدارە قىلىشنىڭ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. خەن ئىمپىرىيىسىنىڭ

ھۆكۈمرانلىقى كېڭىيىپ بۈگۈنكى شىمالىي كورىيە،موڭغۇلىيەنىڭ بىر قىسمى ۋە جۇڭگونىڭ ھازىرقى كۆپ قىسىم دېڭىز بويى رايونلىرىغىچە يېتىپ باردى. بىراق خەن ئىمپېرىيىسىمۇ رىم ئىمپىرىيىسىگە ئوخشاش،ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى ھەمدە مىلادى 220-يىلى ئۈچ مۇستەقىل پادىشاھلىققا بۆلۈنۈشى خەن ئىمپىرىيىسىنىڭ تەلتۆكۈس يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى .

جۇڭگونىڭ كېيىنكى تارىخى بولسا بىرلىككە كېلىش ۋە كېڭىيىش، خارابلىشىش ۋە پارچىلىنىشنىڭ تەكرارلىنىشىدۇر. جۇڭگونىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئىمپېرىيە قۇرۇشى بىر قېتىملا بولغان ئەمەس. بۇ سىستېما مۇستەقىل، يىگانە بولۇپ،ھەرقانداق تەشكىللىك سىرتقى تاجاۋۇزچىنىڭ خىرىسىغا ئۇچرىمىغان. خەن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۈچكە بۆلۈنۈپ كېتىش ۋەزىيىتىدە مىلادى589-يىلى بۇرۇلۇش بولدى. نەتىجىدە ئىمپېرىيە سىستېمىسىغا ئوخشايدىغان تاڭ دەۋرى باشلاندى. ئەمما جۇڭگودىكى ئەڭ يىگانە ھاكىمۇتلەق ئىمپېرىيە بولسا مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىدۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى شۇنداق بولدى. 18-ئەسىرگە كەلگەندە، جۇڭگو يەنە بىر قېتىم تامامەن ئۆلچەملىك ئىمپىرىيەگە ئايلاندى. بۇ ئىمپىرىيىنىڭ بىرلا مەركىزى بولۇپ، تەسىر دائىرىسى بۈگۈنكى كورىيە،ھىندىچىنى،تايلاند،بېرما ۋە نېپالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ،جۇڭگونىڭ تەسىرى بۈگۈنكى روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونىدىن باشلاپ، جەنۇبىي سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ ،بايقال كۆلىگىچە يېتىپ باردى ھەمدە بۈگۈنكى قازاقىستانغا ئىچكىرىلەپ كىردى. جەنۇبتا ھىندى ئوكيانغىچە، ئاندىن لائوس ۋە ۋېيتنامنىڭ شىمالىي قىسمىنى قاپلىدى. (1.3-خەرىتە)(




3.1-خەرىتە

رىم ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش، چىڭ ئىمپېرىيىسىمۇ مۇرەككەپ پۇ-مۇئامىلە، ئىقتىساد، مائارىپ ۋە بىخەتەرلىك گەۋدىسى ئىدى. چىڭ ئىمپېرىيىسى بۇ ۋاستىلار ئارقىلىق كەڭرى زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندىكى 300 مىليوندىن ئارتۇق خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ھوقۇق مەركەزلەشكەن سىياسىي نوپۇزنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى. مۇنداق مەركەزلەشكەن نوپۇز ئاتلىق پوچتا مۇلازىمىتىنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك يۈرۈشىشىگە قولايلىق ياراتتى. پۇتكۈل ئىمپېرىيە بېيجىڭ (پۈقىرى ئاستانە) دىن باشلانغان 4 رايونغا بۆلۈنگەن ئىدى. ئاتلىق پوچتىكەشلەر بىر ھەپتە، ئىككى ھەپتە، ئۈچ ھەپتە ۋە تۆت ھەپتىدە بارالايدىغان رايونلارنىڭ چېگرىسى سىزىلغان ئىدى. مەخسۇس كەسپىي مەشقلەندۈرۈلگەن ۋە رىقابەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق تاللاپ چىقىلغان، مەركەزلەشتۈرۈلگەن بيۇكرات سىستېما بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇپ قالدى .

رىم ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش، بىرلىككە كېلىش كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى ئارقىلىق كۈچەيدى، قانۇنلاشتى ۋە پۈت تىرەپ تۇرالىدى. كوڭزىچىلىق تەلىماتى بۇ مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۈيغۇسنى مۇستەھكەملىدى. كوڭزىچىلىق بىر خىل قوللىنىشچان پەلسەپە بولۇپ،ئىتتىپاقلىقنى،تەبىقە تۈزۈمىنى ۋە ئىنتىزامنى تەكىتلەيتتى. جۇڭگو ئالەمنىڭ مەركىزى، ئەتراپتىكى ۋە سىرتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ياۋايىلار دەپ قارايتتى. جۇڭگولۇق بولۇش مەدەنىيەتلىك بولۇشتىن دېرەك بېرەتتى .شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى كىشىلەر جۇڭگوغا ئېھترام بىلدۈرىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ھەتتا 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چىڭ ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا باشلىغاندىمۇ، چىڭ خانى ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى (George kingIII) غا قايتۇرغان جاۋاپ خېتىدىمۇ ئەشۇ خىل ئالاھىدە مەغرورلۇق تۈيغۇسى چىقىپ تۇراتتى. جورجى IIIنىڭ ئەلچىسى بىر قېتىم ئەنگلىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سوۋغا قىلىپ، دوستانىلىقنى ئىپادىلەش ئارقىلىق جۇڭگونى سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قىزىقتۇرغان ئىدى. چىڭ خانى بولسا:«تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ئەنگلىيە شاھىغا شۇنداق يارلىق قىلايكى، تەڭرى خاقان جىمىكى مەۋجۇداتلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ......كەم كۆرۈلىدىغان بىباھا نەرسىلەرگە كۆز قىرىنى سېلىپ قويمايدۇ، مەن سىلەرنىڭ نەرسەڭلەرگە ھاجاتمەن ئەمەس......
شۇڭا ئەلچىڭنىڭ ئامان-ئېسەن قايتىپ كېتىشىگە يارلىق چۈشۈردۈم. سەن چوقۇم مېنىڭ ئىرادەم بويىچە ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك، ماڭا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭنى بىلدۈرىشىڭ ۋە مەڭگۈ ئەل بولۇشقا قەسەم قىلىشىڭ كېرەك...» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.


جۇڭگو تارىخىدىكى ئىمپېرىيەلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ۋە گۇمران بولىشى ئاساسلىقى ئىچكى ئامىلدىن كېلىپ چىققان. كېيىن غەربتىكى «ياۋايىلار» نىڭ غەلبە قىلىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىشىش، چىرىكلىشىش، ئەيشى-ئىشرەت ۋە ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى ئېجاتچانلىقنى يوقاتقانلىقىدىن بولغان. بۇ ئامىللار جۇڭگونىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ھالاك بولىشىنى تېزلەتتى.ج ۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زەئىپلىكىدىن چوڭ دۆلەتلەردىن ئەنگلىيە 1839-1942-يىللاردىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدا، بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ياپونىيە پايدىلاندى ھەم جۇڭگولۇقلاردا مەدەنىيەت جەھەتتە قاتتىق نومۇس تۈيغۇسى پەيدا قىلدى.بۇ نومۇس تۈيغۇسى 20-ئەسىردە جۇڭگولۇقلارنى ئارامىدا قويمىدى. جۇڭگولۇقلاردا يىلتىز تارتقان مەدەنىيەت ئىلغارلىقى تۈيغۇسى بىلەن ئىمپىرىيەدىن كېيىنكى سىياسىي ئورنى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھاقارەت تۈيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

**جۇڭگو ئىمپېرىيىلىرىنىمۇ رىم ئىمپېرىيىسىگە ئوخشاش رايونلۇق چوڭ دۆلەت دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. لېكىن جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋردە، پۈتۈن يەرشارىدا جۇڭگو بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان دۈشمەن دۆلەت يوق ئىدى. باشقا چوڭ دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ ئىمپېرىيىلىك ئورنىغا خىرىس قىلالمايتتى ھەتتا جۇڭگو تېخىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا كېڭەيمىچىلىك قىلغان بولسا، باشقا ھېچقانداق دۆلەت كېڭىيىشىنى توسۇپ قالالمايتتى. جۇڭگو ئۆز ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان، ئۆز ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان سىستېما بولۇپ، ئېتراپ قىلىشقا ئېرىشكەن مىللىي بىرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت باشقا مىللەتلەرگە ۋە ئەتراپىدىكى ۋاسسال بەگلىكلەرگە قارىتا چەكلىك ھوقۇق يۈرگۈزەتتى .**

**جۇڭگودا زور ۋە ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللىي يادرو بولۇپ، دەل بۇ يادرو بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىمپېرىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى. بۇ جەھەتتە جۇڭگو باشقا ئىمپېرىيەلەردىن قاتتىق پەرقلىنەتتى. باشقا ئىمپېرىيەلەردە نوپۇس سانى ئاز ئەمما زومىگەرلىكنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچرىغان مىللەت بىر مەزگىل ئىچىدە نوپۇس سانى كۆپ بولغان باشقا مىللەتنى ئىدارە قىلاتتى ھەمدە ھۆكۈمرانلىقنى ساقلايتتى. بىراق، مۇنداق يادروسى ئاجىز بولغان ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانسىلا، ئىمپېرىيىنى يەنە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس .**

**ھازىرقى زامان ئۇقۇمىدىكى يەرشارىۋى چوڭ دۆلەتكە تېخىمۇ يېقىن كېلىدىغان ئىمپېرىيەنى بىلمەكچى بولساق، نەزىرىمىزنى چوقۇم موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ھادىسىلەرگە ئاغدۇرىشىمىز كېرەك. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىر قىسىم تەشكىلىي ئەھۋالى مۇكەممەل بولغان ئاساسلىق رەقىبلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قەد كۆتۈرگەن. مەغلۇپ بولغان رەقىبلىرى ئىچىدە پولشا ۋە ھونگرىيە پادىشاھلىرى، مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيىسى قوشۇنى، روسىيە ۋە روسىيەنىڭ بىرقانچە كىنەزلىكى، باغداد خەلىپىلىكى قاتارلىقلار بار، كېيىن ھەتتا سوڭ سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى .**

**چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى رايونلۇق رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، زېمىندا ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتتى. بۇ زېمىننى كېيىنكى جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسلار يەرشارىنىڭ مەركىزىي بەلبېغى، دۇنياۋى كۆچلەرنىڭ مەركىزى دەپ ئاتىدى. موڭغۇللارنىڭ ياۋرو ئاسىيا ئىمپېرىيىسى جۇڭگونىڭ دېڭىز قىرغىقىدىن باشلىنىپ كىچىك ئاسىيادىكى ئاناتولىيە ۋە ئوتتۇرا ياۋروپاغىچە سوزۇلدى. (1-4 خەرىتىگە قاراڭ) ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەتراپىدىكى زېمىننى كونترول قىلىش دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، ستالىننىڭ جۇڭگو-سوۋېت گۇرۇھىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرىنىلا موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.**



1280-يىلدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەخمىنىي دائىرىسى

رىم،مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى كېيىن يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇشقا تەشنا بولغانلارنىڭ رايونلۇق پېشۋاسى بولۇپ قالدى. رىم ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتساق، دەسلەپتە تىلغا ئالغاندەك ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇلمىسى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئىمپېرىيە مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۇيغۇسى ھالقىلىق ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان ئىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قوراللىق بوي سۇندۇرۇشقا بىۋاستە تايىنىپ ھەم ئۆزىنى يەرلىك مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ (ھەتتا ئاسسىمىلىياتسىيە بولۇپ كەتتى) سىياسىي ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ كەلدى .

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئاساسلىقى ھەربىي كۈچ ئاساسىدا قۇرۇلغان.موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىلغار جەڭ تېخنىكىسىنى ئەپچىللىك ۋە دەھشەتلىك قوللىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. بۇ جەڭ تاكتىكىسى قوشۇننىڭ پەۋقۇلئاددە تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى بىلەن قوشۇننىڭ دەل ۋاقتىدا توپلىنىش ئىقتىدارىنى بىرلەشتۈردى. موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تەشكىللىك قۇرۇلغان ئىقتىساد ياكى پۇل-مۇئامىلە سىستېمىسى يوق ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيىتى ئۆزىگە ئىشىنىدىغان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۈيغۇسىدىن كەلگەن ئەمەس. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سانى بەك ئاز بولۇپ، ئۆزلۈكسىز كۆپىيەلەيدىغان ھۆكۈمران سىنىپ شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، گەۋدىلىك ۋە ئاڭلىق مەدەنىيەت ھەتتا مىللىي ئەۋزەللىك تۈيغۇسى كەمچىل بولسا، ئىمپېرىيە سەرخىللىرى زۆرۈر بولغان سۇبيېكتىپ ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ .

ئەمەلىيەتتە، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرى بوي سۇندۇرغان ئىلغار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسىگە ئاسان ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا چىڭگىزخاننىڭ بىر نەۋرىسى كوڭزى ئىدىيىسىنىڭ قىزغىن تەرغىباتچىسىغا ئايلاندى، چىڭگىزخاننىڭ يەنە بىر نەۋرىسى پارس سۇلتانلىقى دەۋرىدە سادىق مۇسۇلمان بولدى، يەنە بىر نەۋرىسى پارس مەدەنىيتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى .

دەل موشۇنداق يېتەكچى كۈچ كەمچىل بولغان سىياسىي مەدەنىيەت ئامىللىرى سەۋەبىدىن، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى، ئىمپېراتور چىڭگىزخاننىڭ ۋارىس مەسىلىسىنى ھەل قىلمىغانلىقتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئەڭ ئاخىرى ھالاك بولدى. موڭغۇل ئىمپىرىيىسىنىڭ زېمىنى بەك چوڭ بولۇپ، يەككە بىر مەركەز ئىدارە قىلىپ بولالمىدى. ئىمپېرىيىنى ئۆز ئۆزىنى تەمىن ئېتەلەيدىغان نەچچە پارچىغا بۆلۈشتىن ئىبارەت ھەل قىلىش ئۇسۇلى، ئەكسىچە ئىمپىرىيىنىڭ تېخىمۇ تېز ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشى ۋە پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دۇنيادىكى قۇرۇقلۇقنى ئاساس قىلغان ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە 1206-يىلدىن 1405-يىلغىچە ئىككى ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايلا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى .

شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپا يەرشارىۋى كۈچلەرنىڭ ماكانىغا ۋە يەرشارىغا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتا بولۇپ قالدى. دەرۋەقە ئۈچ ئەسىردىن كېيىن، ياۋروپانىڭ ئەمەلىي كۈچى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېتىپ بارغاندا ۋە نامايەن بولغاندا، ياۋروئاسىيانىڭ كىچىككىنە غەربىي شىمال قىسمى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى بۇزۇپ، تۇنجى قېتىم دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشلىتىپ ،يەرشارىغا

**بولغان ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، غەربىي ياۋروپادىكى زومىگەر دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى ئانچە كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇلار بويسۇندۇرغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ شۇنداق. 20-ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، غەربىي يېرىم شاردىن باشقا (بۇ يەرلەرنى ئۆتكەن ئىككى ئەسىردە غەربىي ياۋروپا ئىدارە قىلدى ھەمدە ئاساسلىق نوپۇسى غەربىي ياۋروپا كۆچمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى)، پەقەت جۇڭگو، روسىيە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋە ئېفىئوپىيە غەربىي ياۋروپانىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس ئىدى .**

**بىراق، غەربىي ياۋروپانىڭ كونتروللۇقى غەربىي ياۋروپانىڭ يەرشارىۋى ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، ياۋروپا مەدەنىيىتى يەر شارىدا تەڭداشسىز ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆچى پارچە-پارچە ھالەتتە. ياۋروپانىڭ چەتئەللەردە ئېلىپ بارغان جاھانگېرلىكى بىلەن موڭغۇللار ياكى كېيىنكى روسىيە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىي بەلبېغىدىكى زېمىننى بوي سۇندۇرغىنىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، دېڭىز ئوكيانلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش ۋە دېڭىز سودىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. بىراق بۇ جەرياندا، ئاساسلىق يارۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكە زېمىنلىرى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ياۋروپانىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەشلەر بولۇندى. جۇغراپىيىۋى سىياسەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكى رېئاللىق شۇ بولدىكى، ياۋروپانىڭ يەرشارىۋى زومىگەرلىكى ھەرقانداق بىر ئاساسلىق ياۋروپا دۆلىتىنىڭ ياۋروپا تەۋەسىدە ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولالمىدى .**

**كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى ئىسپانىيە ئاساسلىق ياۋروپا دۆلىتى ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيە ئاساسلىق قۇدرەتلىك دېڭىز ئۈستى ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىپ، دۇنيانى بوي سۇندۇرۇش قارا نىيىتىدە بولدى. دىن بىرلىككە كەلگەن ئىدىيىۋى تەلىماتنىڭ رولىنى ئوينىدى ھەمدە جاھانگىر مىسسىئونېرلار (دىن تارقاتقۇچى) قىزغىنلىقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، دۇنيانى رەسمىي ھالدا ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىنىڭ مۇستەملىكىلىرى دائىرىسىگە توردېسىلا (Tordesilla)شەرتنامىسى (1494-يىلى) ۋە ساراگوسا (Saragossa) شەرتنامىسى (1529-يىلى) ئارقىلىق بېكىتىلىشى، پاپانىڭ ئىسپانىيە ۋە دېڭىزدىكى رەقىبى پورتۇگالىيە ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گوللاندىيىنىڭ خىرىسى ئالدىدا، ئىسپانىيە غەربىي ياۋروپانىڭ ئۆزىدە بولسۇن ياكى ئوكياننىڭ قارشى قىرغىقىدا بولسۇن ھەقىقىي تەڭداشسىز ئورۇنغا ئېرىشەلمىدى.**

**ئىسپانىيەنىڭ گەۋدىلىك ئورنىنى بارا-بارا فرانسىيە تارتىۋالدى.**

**1815**-يىلدىن ئىلگىرى، گەرچە فرانسىيە ياۋروپادىكى رەقىبلىرىنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى چەكلىمىسگە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، ياۋروپادا يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇراتتى. ناپولېئون ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، فرانسىيە ياۋروپانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئەگەر فرانسىيە غەلىبە قىلغان بولسا يەرشارىنىڭ باشلامچىلىق ئورنىغا ئېرىشىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق فرانسىيە ياۋروپادىكى بىر ئىتتىپاقدىشى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا قۇرۇقلىقىنىڭ ۋەزىيىتى قايتىدىن شەكىللەندى .

كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە، تاكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان مەزگىلدە، ئەنگلىيە پۈتكۈل يەرشارىدا دېڭىز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. چۈنكى لوندون دۇنيادىكى ئاساسلىق پۇل-مۇئامىلە ۋە سودا مەركىزىگە ئايلاندى ھەمدە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى «دېڭىز-ئوكيياننى كونترول قىلاتتى». ئەنگلىيە چەتئەللەردە تەڭداشسىز ئورۇندا تۇراتتى، ئەمما ئەنگلىيە (بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى) ئىلگىرىكى دۇنيا خوجىسى بولۇشقا ئىنتىلگەن ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، ياۋروپانى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلالمايتتى. ئەكسىچە، ئەنگلىيە چىگىش، مۇرەككەپ تەڭپۇڭ كۈچلەر دېپلوماتىيىسىگە تايىنىپ، ئەڭ ئاخىرى ئەنگلىيە-فرانسىيە كېلىشىمى ئارقىلىق روسىيە ياكى گېرمانىيەنىڭ ياۋروپاغا كونترول قىلىشىنى توستى .

ئەنگلىيەنىڭ چەتئەللەردىكى ئىمپېرىياللىق ئورنى دەسلەپتە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش، سودا ۋە بويسۇندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ۋاستىسى ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئىدى. ئەمما ئەنگلىيە پېشۋالىرى رىم ۋە جۇڭگو ھەمدە رەقىبلىرى فرانسىيە، ئىسپانىيەگە ئوخشاش، ئەنگلىيە مەدەنىيىتى ئىلغار دېگەن بۇ قاراشتىن زور ھەمدە ئۇزۇن مەزگىللىك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشتى. مۇنداق ئەۋزەللىك تۇيغۇسى ئىمپېرىيىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىپتىخارلىنىشى بولۇپلا قالماي، ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىدىكى نۇرغۇن پۇقرالارنىڭمۇ كۆز قارىشى ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىلىق تۇنجى قارا تەنلىك پرېزىدېنت نېلسون ماندىلا:«مەن ئەنگلىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن، ئۇ چاغدا ئەنگلىيە ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەت ئىدى. مەن تېخىچە ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن قۇرۇلۇپ چىقالمىدىم» دېگەن.مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا قوغداشقا ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەندە، غايەت زور ھەربىي كۈچكە تايىنىپ ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ئازايتىدۇ. **1914**-يىلى، پەقەت نەچچە مىڭ ئەنگلىيە ھەربىي مۇلكىي ئەمەلدارى **28** مىليون كۋادرات كىلومېتىر ( **11**مىليون كۋادرات مىل ) زېمىندىكى تەخمىنەن **400** مىليون مۇستەملىكە خەلقىنى ئىدارە قىلدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، رىم ئىمپېرىيىسى ئاساسلىقى ئىلغار ھەربىي تەشكىلچانلىقى ۋە مەدەنىيەت جەلپ قىلىش

كۆچى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى ئۆنۈمى يۇقىرى بولغان بيۇكرات قۇرۇلمىغا تايىنىپ بىر مىللەت ئاساسىدىكى ئىمپىرىيەنى قۇردى ھەمدە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت ئەۋزەللىكى تۈيغۇسى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى .

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بويسۇندۇرۇشتىكى ئىلغار ھەربىي تاكتىكىسى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە يۈرگۈزۈش خاھىشىنى بىرلەشتۈرۈشنى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاساسى قىلدى.ئەنگلىيە(ھەم ئىسپانىيە،گوللاندىيە ۋە فرانسىيە) نىڭ ئالاھىدە ئورنى سودا ئارقىلىق يول ئېچىش، ئاندىن تۇغىنى قاداش ئارقىلىق قولغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئوخشاشلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزىگە بولغان تولۇق ئىشەنچىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ھەقىقىي يەرشارىۋى ئىمپېرىيە ئەمەس، ھەتتا ئەنگلىيەمۇ ھەقىقىي يەرشارى چوڭ دۆلەت ئەمەس. ئەنگلىيە ياۋروپانى كونترول قىلالمىدى.پ ەقەت ياۋروپادىكى كۈچلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. مۇقىم ياۋروپا ئەنگلىيەنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ياۋروپانىڭ ئۆز ئۆزىنى ھالاك قىلىشى ئەنگلىيەنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

يۇقىرىقىلار بىلەن سېلىشتۇرساق،بۈگۈنكى ئامېرىكىنىڭ يەرشارىدىكى تەسىر دائىرىسى ۋە ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى تەڭداشسىزلىقتا ئىگە. ئامېرىكا دۇنيادىكى بارلىق دېڭىز ئوكيانلارنى كونترول قىلىپلا قالماي، دېڭىز، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋادا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق دېڭىز قىرغاقلىرىنى كونترول قىلالايدىغان، ئۆزىگە ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقان ھەربىي ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ئىقتىدار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىرىنى سىياسىي ئەھمىيىتى بولغان شەكىلدە ئىچكى قۇرۇقلۇققا قەدەر يەتكۈزدى. ئامېرىكا قوشۇنلىرى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا مۇستەھكەم دەسسەپ تۇرماقتا، يەنە پارس قولتۇقىنىمۇ كونترول قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىغا بېقىندى دۆلەتلەر پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا تارقالغان بولۇپ، بىر قىسمىلىرى ھەتتا ۋاشىنگىتون بىلەن تېخىمۇ رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلماقتا .

ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدا مۇھىم رول ئوينىشىدا زۆرۈر ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلاپ بەردى. دەسلەپتە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى يېڭىلا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادى باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىغا قارىغاندا گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتتى. بىر ئامېرىكىنىڭلا ئىقتىسادى دۇنيا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 50% تىن كۆپرەكىنى ئىگەللىدى. غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ھەمدە كېيىن دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولغان ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ كۆرىنەرلىك ئېشىشى، ئامېرىكىنىڭ

دۇنيا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى سالمىقىنىڭ ئۆرۈش ئاخىرلاشقان دەسلەپكى مەزگىلدىكى سەۋىيەدىن تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق سوغاق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل يەر شارى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىكى نىسبىتى، بولۇپمۇ دۇنيا ياساش سانائىتىدىكى نىسبىتى تەخمىنەن30% ئەتراپىدا مۇقىم تۇردى .

تېخىمۇ مۇھىمى، ئامېرىكا ئەڭ يېڭى ئىلىم-پەن بۆسۈشلىرىنى ھەربىي مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە بىرىنچىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلدى، كېڭەيتتى ھەمدە تېخنىكا جەھەتتە تەڭداشسىز قوشۇن قۇرۇپ چىقتى. ئىقتىسادتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئۇچۇر تېخنىكىسى جەھەتتە، ئامېرىكا كۈچلۈك رىقابەت ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادتىكى ئىلغار تارماقلارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تېزلىكتە يوقىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئامېرىكا رەقىبلىرى ياۋروپا ۋە ياپونىيەگە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە ھەتتا كېڭەيمەكتە .

شەك-شۈبھىسىزكى، روسىيە ۋە جۇڭگو ئامېرىكىدەك زومىگەر دۆلەتتىن نەپرەتلىنىدۇ. 1996-يىلىنىڭ بېشىدا، روسىيە پرېزىدېنتى بورىس يېلتسىن بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلار ئورتاق ھالدا شۇنداق ئىپادە بىلدۈرۈشكەن ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلاردا ئامېرىكىنىڭ تۈپكى مەنپەئەتىگە تەھدىت سالالايدىغان يادرو قورالى بار. لېكىن ئەمەلىي رېئاللىق شۇكى، نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدىكى بىر مەزگىل ئىچىدە، گەرچە ئۇلار ئۆز ئۆزىنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغىيالىسىمۇ، ھەر ئىككىلىسىلا يادرو ئۇرۇشىدا يېڭىپ چىقىشقا ئامالسىز. ئۇلاردا يىراق ئارىلىققا قوراللىق قىسىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى كۈچەيتىش ئىقتىدارى كەمچىل ھەمدە ئۇلار تېخنىكا جەھەتتە ئامېرىكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇش ۋاستىسىغا تېزلىكتە ئىگە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس .

ئومۇملاشتۇرغاندا،ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى تەسىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان تۆت جەھەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەربىي جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان تەڭداشسىز ئىقتىدارى بار. ئىقتىسادىي جەھەتتە، گەرچە ياپونىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ (گېرمانىيە ۋە ياپونىيەلەر يەرشارىۋى تەسىر كۈچ ھازىرلىيالمىغان باشقا خىلدىكى دۆلەتلەر)، ئامېرىكا يەنىلا يەرشارى ئىقتىسادىنىڭ ئېششىدىكى ئاساسلىق يېتەكچى كۈچ. تېخنىكا جەھەتتە، ئامېرىكىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى ئىلغار ساھەلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىرىنچىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەدەنىيەت جەھەتتە، ئامېرىكا مەدەنىيىتى سەل

قوپال بولسىمۇ، لېكىن چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچى بار، بولۇپمۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ياشلارغا نىسبەتەن شۇنداق. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئامېرىكىنى ھەرقانداق دۆلەتنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي تەسىرگە ئىگە قىلدى. بۇ تۆت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى بىرلىشىپ ئامېرىكىنى بىردىنبىر، ئومۇمىيۈزلۈك يەرشارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

## ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى سىستېمىسى

گەرچە ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى گەۋدىلىك ئورنىدىن، كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيە سىستېمىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئەسكە ئېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغان جايلىرى تېخىمۇ مۇھىمدۇر. ئوخشىمايدىغان جايلىرى زېمىن دائىرىسى مەسىلىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى كۈچلىرى ئامېرىكا لاھىيىلىگەن پۈتكۈل يەرشارى سىستېمىسى ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ سىستىما ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى تەجرىبىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى تەجرىبىسىنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىسى شۇكى، ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنىڭ كۆپ خىللاشقانلىقىدۇر.

ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەلەرنى ئاقسۆڭەك سىياسىي سەرخىللار قۇرغان. كۆپ قىسمى ئەمەلىيەتتە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگۈچى ياكى مۇستەبىت ھاكىمىيەت يۈزگۈزگۈچىلەردۇر. ئىمپېرىيىنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى سىياسىي بىلەن كارى بولمايدۇ ياكى يېقىنقى يىللاردا جاھانگىرلىكنىڭ تەسىرى ۋە قىزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان. دۆلەتنىڭ شان-شەرىپىنى قوغلىشىش، «ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى»، «مەدەنىيەت بۇرچىنى ئادا قىلىش»، شەخسىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىك خەۋپ-خەتىرىنى قوللاش ۋە قاتتىق دەرىجە تۈزۈمىدىكى جاھانگىر كۈچلەر ئېھرامىنى ساقلاپ قېلىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىشتۇر.

ئامېرىكا ئاممىسىنىڭ ئامېرىكا كۈچلىرىنى دۆلەت سىرتىدا ئىشلىتىشكە قارىتا ئىزچىل زىددىيەتلىك پوزىتسىيەدە بولۇپ كەلدى. ئامېرىكا ئاممىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قول تىقىشىنى قوللىشى ئاساسلىقى ياپونىيەنىڭ پېورل خاربور پورتىغا (مەرۋايىت پورتى) ھۇجۇم قىلغاندىكى ۋەھىمىسى سەۋەب بولغان. بېرلىن قامال قىلىنغاندا ۋە كېيىن كورىيە ئۇرۇشى پارتىلاشنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكىنىڭ سوغاق ئۇرۇشقا قول تىقىشىنى قوللىشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان ئىدى. سوغاق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ بىردىنبىر يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت بولىشى ئاممىنىڭ ئېيتخارلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىيالمىدى، ئەكسىچە ئاممىنىڭ ئامېرىكىنىڭ چەتئەللەردىكى مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ چەكلىك دائىرىدە بولىشى كېرەك دېگەن قاراشتا بولىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1995-يىلى ۋە 1996-يىلدىكى خەلق رايىنى تەكشۈرۈشتىن، ئامىمنىڭ يەرشارىۋى كۆچلەرنى ئامېرىكىنىڭلا مونوپول قىلىۋېلىشىنى ئەمەس بەلكى باشقىلار بىلەن ئورتاق «بەھرىمان» بولۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك خالايدىغانلىقى ئايان بولدى.
دۆلەت ئىچىدىكى بۇ ئامىللار سەۋەبىدىن، ئامېرىكىنىڭ يەرشارى سىستېمىسى ئەزالارنىڭ تېخنىكىسىنى تاللاش خاراكتېرىدە كېڭەيتىشنى تەكىتلەيدۇ (مەغلۇپ قىلىنغان رەقىبى گېرمانىيە ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش، ھەتتا يېقىندا روسىيەگە قوللانغىنىغا ئوخشاش). بۇ تەكىتلەشنىڭ دەرىجىسى ئىلگىرىكى ئىمپېرىيەلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. گەرچە ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپى ۋە تۈزۈمىنىڭ جەلىپ قىلىشىدىن مەنپەئەتلەنگەن بولسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى سىستېمىسى ئامېرىكىغا بېقىنغان دۆلەتلەر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ ۋاستىلىق تەسىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا زور دەرىجىدە تايىنىدۇ. ئامېرىكا پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئۇچۇر ئالاقىسى، ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ۋە مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور ئەمما كۆرۈنمەس تەسىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغاچقا، تېخنىكا ئەۋزەللىكى ۋە پۈتكۈل يەرشارىۋى ھەربىي رولىنىڭ گەۋدىلىك تەسىرى بولغاچقا، بۇ ئالاھىدىلىكلەر يۇقىرىقى ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى كۈچەيتتى.
مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقى ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى كۈچلىرىدىكى يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە ئېرىشەلمىگەن بىر تەرىپى. ئامېرىكا ھەممىباب مەدەنىيىتىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە قانداق قاراشتا بولۇشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر، ئامېرىكا مەدەنىيىتى ماگنىتتەك تارتىش كۈچىگە ئىگە، بولۇپمۇ پۈتكۈل دۇنيادىكى ياشلار ئارىسىدا شۇنداق. ئامېرىكا مەدەنىيىتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئامېرىكا تەرغىپ قىلغان تۇرمۇش شەكلىنىڭ راھەتپەرەسلىك ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن. لېكىن ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيادىكى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ۋە كىنولىرى دۇنيا بازىرىنىڭ تەخمىنەن 75% نى ئىگەللەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاممىباب مۇزىكىلىرىمۇ ئوخشاشلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ مودا ئېقىملىرىنى، تاماقلىنىش ئادىتىنى ھەتتا كىيىنىش شەكلىنىمۇ پۈتكۈل دۇنيا خەلقى دورىماقتا. ئىنتېرنت تورىنىڭ تىلىمۇ ئىنگلىزچە، يەرشارىدىكى كومپيوتېرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكىدىغان چىقىدىغان بولۇپ، يەرشارىنىڭ ئالاقىسىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئاخىرىدا، ئامېرىكا ئالىي مائارىپىغا ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلاندى. 500 مىڭغا يېقىن چەتئەللىك ئوقۇغۇچى ئامېرىكىغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن تالانتلىق ئوقۇغۇچىلار دۆلتىگە قايتمىدى. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى كابىنىتىدا ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇغان ئەمەلدارلارنى تاپقىلى بولىدۇ.
كۆپلىگەن دۆلەتلەردىكى دېموكراتىك سىياسىئونلارمۇ بارا-بارا ئامېرىكا ئىستىلىنى ئۈلگە

قىلىۋاتىدۇ. چەتئەللىكلەر پەقەت جون كېنىندىنىلا ئۆلگە قىلىپ قالماي، يېقىنقى يىللاردىكى (ئازراق ئالقىشقا ئېرىشكەنلەرمۇ) ئامېرىكا سىياسىي رەھبەرلىرىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىنىدىغان ھەم سىياسىي جەھەتتە ئۆلگە قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندى.مەدەنىيەت ئارقا كۆرىنىشى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە سىياسىئونلىرى (مەسىلەن،20-ئەسىرنىڭ90-يىللىرىدىكى ياپونىيە باش ۋەزىرى رىيۇتارو خاتىموتو ۋە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى تونى بىلايېر) نىڭ ھەممىسى بېل كىلىنتوننىڭ يېقىملىق گەپ سۆزلىرى، يۈرۈش-تۇرۇش ئادەتلىرى، دېموكراتىك زاتلارنىڭ چىقىشقاقلىقى ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە ئۇستىلىقىنى ئۆلگە قىلىشقا تامامەن بولىدۇ، دەپ قارىدى .
دېموكراتىك غايە بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئەنئەنىسى بىرلىشىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى «مەدەنىيەت ئىمپېرىيالىزمى» نى تېخىمۇ كۈچەيتتى. دېموكراتىك شەكىلدىكى ھۆكۈمەت ئىنتايىن ئومۇملاشقان دەۋردە، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تەجرىبىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆگىنىش ئۆلگىسىگە ئايلانماقتا. پۈتۈن دۇنيا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئاساسىي قانۇننىڭ مۇھىملىقىنى ۋە قانۇننىڭ سىياسەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. گەرچە مۇنداق تەكىتلەش ئەمەلىيەت جەريانىدا مۇجمەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۇرغۇزۇش تۈزۈلمىسىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىدۇ. يېقىندا، سابىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇلكىي ئەمەلدارلارنى ھەربىي ئەمەلدارلاردىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن كۆرۈش ئۇسۇلى (بولۇپمۇ بۇ ئۇسۇلنى ش ئا ئە ت گە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى) ئامېرىكا پۇقرالىرى بىلەن ھەربىيلەر مۇناسىۋىتى سىستېمىسىنىڭ قاتتىق تەسىرىگە ئۇچرىدى.
ئامېرىكا دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ كارخانىلارنى ئاساس قىلغان ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ئاشتى. ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسى يەرشارى ئەركىن سودىسى ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان رىقابەتنى تەكىتلەيدۇ. غەربىتىكى گېرمانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باي دۆلەتلەر تەكىتلىگەن كارخانىچىلار ۋە سودا ئۇيۇشمىسى «ئورتاق تەدبىر بەلگىلەش» ئىقتىسادىي يېتەكچىلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلىغاندا، كۆپلىگەن ياۋروپالىقلار :ئەگەر ياۋروپا يەنىمۇ بىر قەدەم ئارقىدا قېلىشنى خالىمىسا، چوقۇم ئامېرىكىنىڭ رىقابەت ئىقتىدارى كۈچلۈك ھەتتا شەپقەتسىز بولغان ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىنى تەقلىد قىلىش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ھەتتا ياپونىيەدىمۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتتىكى قاتتىق شەخسىيەتچىلىك پەيدىنپەي ھالدا ئىقتىسادىي مۇۋاپىقىيەتتىكى زۆرۈر يانداشما دەپ ئېتىراپ قىلىندى .
ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك سىياستى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىرلىشىپ، نۇرغۇن

كىشىلەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچى بولغان: شەخسىي مۇۋاپىقىيەتكە ئىنتىلىش بايلىق يارىتىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دېگەن ئىدىيەنى تارقاتتى. بۇ سەۋەبلىك پەيدا بولغان غايىۋىزىملىق بىلەن مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ بىرلىششى ئۆنۈملۈك بىرلىششتۇر. شەخسىي ئۆزلۈكنىڭ ئىشقا ئېششى ئاڭلاشلارغا قارىغاندا خۇدا بەرگەن ھوقۇقمىش. بۇ ھوقۇق ئۆلگە تىكلەپ بېرىدۇ ۋە بايلىق بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقىلارغىمۇ پايدا يەتكۈزىدۇ. بۇ تەلىمات زېھنى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، جاسارەتلىك ۋە رىقابەت ئىقتىدارى يۇقىرى كىشىلەرگە نىسبەتەن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە.

ئامېرىكىچە ئەندىزە پەندىنپەي پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملاشقاندا، بۇ ئەندىزە ئامېرىكىنىڭ ۋاستىلىق رولىنى جارى قىلدۇرىشىغا ۋە ئىككى تەرەپ رازى بولۇشقان زومىگەرلىككە تېخىمۇ مۇۋاپىق مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى سېستىمىسىغا ئوخشاش، بۇ زومىگەرلىكتە ئۆزئارا چېگىشىپ كەتكەن مېخانىزم ۋە پىروگراممىنىڭ مۇرەككەپ قۇرۇلمىسى بولىشى كېرەك. مۇنداق قۇرۇلمىنى بەرپا قىلىشنىڭ مەقسىتى بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىش ھەمدە كۈچلەر ۋە تەسىرنىڭ سىممېتېرىكسىزلىكىنى خىرەلەشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل يەر شارىدىكى تەۋداشسىز ئورنىنى يەر شارىنى قاپلىغان ئىتتىپاقداشلىرى ۋە ئۇلار ھاسىل قىلغان نازۇك سىستېما تىرەپ تۇرىدۇ.

ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى قۇرۇلما جەھەتتە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO)شەكلىدە نامايەن بولدى. بۇ تەشكىلات ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەسىر كۈچى بولغان دۆلەتلەرنى ئامېرىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىنى ھەتتا ياۋروپانىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىكى مۇھىم قاتناشقۇچىسىغا ئايلاندۇردى.

ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ئىككى تەرەپلىك سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى مۇناسىۋىتى ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىسادنى ئامېرىكا بىلەن باغلاپ، ياپونىيەنى ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا (ھېچ بولمىغاندا ھازىر شۇنداق) ئامېرىكىغا بېقىنغان ھالەتتە ساقلاپ كەلدى. ئامېرىكىنىڭ يەنە ئاسىيا-تىنىچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاتارلىق يېڭى قۇرۇلغان، تىنىچ ئوكياندىن ھالقىغان كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتقا قاتنىششى، ئامېرىكىنى ئاسىيا-تىنىچ ئوكيان رايونىدىكى ئىشلاردا مۇھىم قاتناشقۇچىغا ئايلاندۇردى. غەربىي يېرىم شار ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا سىرتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، ئامېرىكىنىڭ غەربىي يېرىم شاردىكى ھازىرقى مەۋجۇتلىقى غەربىي يېرىم شاردىكى كۆپ تەرەپلىك تەشكىلاتلاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارس قولتۇقىدىكى ئالاھىدە بىخەتەرلىك ئورۇنلاشتۇرىشى، بولۇپمۇ 1991-يىلى ئىراققا قوللانغان قىسقا مۇددەتلىك جازالاش ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولغان رايون ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئايلاندى. ھەتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى

**رايونلىرىمۇ ئامېرىكا رىياسەتچىلىكىدىكى ھەرخىل تىنچلىق مۇناسىۋەتلىرى دېگەندەك ش ئا ئە ت بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشقان ھەمكارلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىشى بىلەن لىق تولۇپ كەتتى.**

**بۇنىڭدىن سىرت، كىشىلەر يەرشارىۋى مەخسۇس تەشكىلات تورى، بولۇپمۇ«خەلقئارا» پۇل-مۇئامىلە ئورگىنىنى ئامېرىكا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا بانكىسى «پۇتۇن يەرشارى» مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇرۇلما تەركىبىنى دۇنيا خاراكتېرلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ تەشكىلاتلار ئامېرىكىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرايدۇ ھەمدە ئەسلىدىلا ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان، بولۇپمۇ 1944-يىلى ئامېرىكا تەشەببۇسىدىكى برېتتون (Bretton)ئورمانلىقى يىغىنى شۇنداق.**

**ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مۇرەككەپ دۇنياۋى سىستېما ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئامېرىكا تەبىقە تۈزۈمى قاتتىق بولغان دۆلەت ئەمەس. ئەكسىچە، ئامېرىكا ئۆزئارا چىگىشىپ كەتكەن ئالەمنىڭ مەركىزىدە تۇرماقتا. ئۆزئارا چىگىشىپ كەتكەن ئالەمدە، كۈچلەر ئۈزلۈكسىز سودىلىشىش، سۆھبەتلىشىش، ئالاقىلىشىش ۋە رەسمىي ھالدا پىكىر بىردەكلىكىگە كېلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىلىدۇ. گەرچە بۇ خىل كۈچلەرنىڭ ئاخىرقى ئورتاق مەنبەسى ۋاشىنگتون بولسىمۇ، پەقەت ۋاشىنگتونلا ھوقۇق ئويۇنى ئوينايدىغان جاي ھەمدە ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى پىرىنسىپىغا ئاساسەن ئوينايدۇ. دۇنيانىڭ ئامېرىكا يەرشارىۋى زومىگەرلىكىدىكى دېموكراتىيە مۇساپىسىنىڭ مەركىزىي ئورنىغا بولغان يۈكسەك مەدھىيىسى، ئېھتىمال چەتئەل دۆلەتلىرى ئامېرىكىنىڭ ئىچكى سىياستىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ سودىلىشىش دەرىجىسىدە نامايەن بولىشى مۇمكىن. چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرى بىلەن مىللەت ياكى دىن جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىقى بولغان ئامېرىكىلىقلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرىدۇ. تەخمىنەن بىر مىڭ ئەتراپىدىكى چەتئەل ئالاھىدە مەنپەئەتلىك گۇرۇھلىرى ۋاشىنگتوندا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن سىرت، كۆپ قىسىم چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ئامېرىكىنىڭ پارلامېنت سىرتىدىكى پائالىيەتچى زاتلارنى ياللاپ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، بولۇپمۇ پارلامېنتتا شۇنداق. ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى مىللىي تەشكىلاتلار ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياستىگە كۈچىنىڭ بارىچە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. يەھۇدىيلار،گىرىكلار ۋە ئەرمەنلەرنىڭ پائالىيەتچى گۇرۇھلىرىنىڭ ئىپادىسى گەۋدىلىك، ناھايىتى ئۈنۈملۈك تەشكىللەنگەن.**

**ئامېرىكىنىڭ تەڭداشسىز ئورنى شۇنداق قىلىپ يېڭى خەلقئارالىق تەرتىپ بەرپا قىلدى.بۇ يېڭى خەلقئارالىق تەرتىپ چەتئەللەردە ئامېرىكا سىستېمىسىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكرارلاپلا قالماي،بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى مۇقىملاشتۇردى.ئاساسي**

ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

• بىرگەۋدىلەشكەن قوماندانلىق ئورگىنى ۋە قىسىملارنى (ش ئا ئە ت، ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسى) ئۆز ئىچىگە ئالغان كوللېكتىپ بىخەتەرلىك سىستېمىسى.

• رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق (ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، شىمالىي ئامېرىكا ئەركىن سودا كېلىشىمى) ۋە ئالاھىدە پۈتكۈل يەرشارى ھەمكارلىق ئورگىنى (دۇنيا بانكىسى، خەلقئارا پۇل-مۇئامىلە فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى).

• بىردەك قارار چىقىرىشنى تەكىتلەيدىغان پروگىراما، بۇ پروگىراممىلارغا ئامېرىكا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

• دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ كىرىشىنى ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغان ئاساسلىق ئىتتىپاقداش تەشكىلاتلار.

• دەسلەپكى يەرشارىۋى قانۇن تۈرغۈزۈش ۋە ئەدلىيە قۇرۇلمىسى (دۇنيا سوتىدىن بوسنىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلاشقىچە بولغان ئالاھىدە سوت).

ئامېرىكا سىستېمىسىنىڭ كۆپ قىسىم مەزمۇنى سوغاق ئۇرۇش ۋاقتىدا بارلىققا كەلدى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى رەقىبلىرىنى (سوۋېت ئىتتىپاقى) چەكلەشتىكى تىرىشچانلىقىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. رەقىبى ئۇشتۇمتۇت غۇلاپ چۈشۈپ، ئامېرىكا تۇنجى شۇنداقلا بىردىنبىر يەرشارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. ئامېرىكا سىستېمىسىنى تەييار بۇيۇم سۈپىتىدە پۈتۈن يەر شارىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ماھىيىتىنى سىياسىئون جون ئىكېنبېرىي (G.John.Ikenberry)ناھايىتى ئوبدان يىغىنچاقلىغان:

ئامېرىكىنى مەركەز قىلىپ تۈرۈپ ئېيتقاندا،بۇ سىستېما زومىگەرلىكتۇر ھەمدە بۇ ئامېرىكىچە سىياسىي ئورگان ۋە تەشكىلاتلارنىڭلا پىرىنسىپىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكا سىستېمىسى بىر ئاڭلىق تەرتىپ، چۈنكى بۇ سىستېما قانۇنلۇق ھەمدە باراۋەر ھالدا ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ياۋروپالىقلار (ياپونلۇقلارمۇ بار) ئامال بار ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ماسلىشىدۇ، ئەمما يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيىسى ۋە يېرىم مۇستەقىل سىياسىي تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتى ۋە ئىقتىسادىنى قايتا قۇرىدۇ ھەمدە بىر گەۋدىلەشتۈرىدۇ......بۇ مۇرەككەپ سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسلىق غەرب دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يۇمشاتتى.بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا پات-پات قاتتىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، مۇقىم ۋە بارغانسېرى ئېنىقلىشىۋاتقان سىياسىي تەرتىپتە توقۇنۇشلار تىزگىنلەندى.....ئۇرۇش تەھدىتى ئوستەل يۈزىدىن يوقالدى②.

نۆۋەتتە،ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى زومىگەرلىكىنىڭ رەقىبى يوق. ئەمما كەلگۈسىدىكى

مەلۇم دەۋردە داۋاملىق خىرىسقا ئۇچرىمامدۇ؟

ئىزاھات:

① Donald Puchala:“The History of the Future of International Relations”Ethics and International Affairs8 (1994):183

دونالد پۇچالا:«كەلگۈسىدىكى خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ھەققىدە » ئېتىكا ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەت 1994-يىلى 8-سان،183-بەت

②Ikenberry:“Creating Liberal Order: The Origins andPersistence of the Postwar Western Settlement” University of Pennsylvania,PhiladelPhia,November1995

ئىكېنبېري:«ئاچلىق تەرتىپ بەرپا قىلىش: ئۇرۇشتىن كېيىنكى غەربنىڭ يارىشىشىنىڭ سەۋەبى ۋە داۋاملىشىشى» فىلادىفىيە پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى 1995-يىلى 11-ئاي.

## ئىككىنچى باب:ياۋروئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسى


ئامېرىكىغا نىسبەتەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى ئەڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسي نىشان. ياۋروئاسىيا چوڭ دۆلەتلىرى ۋە ياۋروئاسىيا مىللەتلىرى دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلغىلى 500 يىل بولدى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار رايونلۇق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۆزئارا كۆرەش قىلدى ھەمدە يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ھازىر، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ياۋروئاسىياغا تەۋە بولمىغان دۆلەت بۇ جايدا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقى ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مۇنداق ۋەزىيەت ئەلۋەتتە مەڭگۈلۈك ئەمەس .ئەمما بۇ ۋەزىيەتنى قانچىلىك ۋاقىت ساقلاپ قېلىش ۋە كېيىنلىكتە قانداق ۋەزىيەت بەرپا قىلىش پەقەت ئامېرىكىنىڭلا ئامىتى بولۇپ قالماي،كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا تىنىچلىقى ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم. تۇنجى ۋە بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى مۇنداق بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈردى: ئەگەر ئامېرىكا ئوخشاش تېز سۈرئەتتە تەڭداشسىز ئورنىنى يوقاتسا، ئامېرىكا ئۆزلىكىدىن دۇنيا سەھنىسىدىن چېكىنىشى ياكى ئۇتۇق قازانغان بىر رەقىبنىڭ ئۇشتۇمتۇت قەد كۆتۈرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا مۇقىملىقىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئەھۋال تېزلىكتە يەر شارىۋى قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىئونى سامۇئىل P خانتىڭتوننىڭ جۈرئەتلىك ھالدا ئېيتقان سۆزى توغرىدۇر:

ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى ئىشلارنى بەلگىلىشى، باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەتكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرچكە ئىگە بولغان دۇنياغا قارىغاندا، ئامېرىكا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرمىغان دۇنيا تېخىمۇ زوراۋانلىققا تولغان، قالايمىقانلاشقان، دېموكراتىيە


كەمچىل بولغان ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى تېخىمۇ تۆۋەنلەيدىغان دۇنيا بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ خەلقئارادىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنى ساقلاش ئامېرىكىلىقلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ھەم ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئىقتىسادنى ئېچىۋېتىش ۋە خەلقئارا تەرتىپنىڭ دۇنيادا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.


شۇنىڭ ئۈچۈن،ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى قانداق «باشقۇرۇش» ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ ئوقى. ياۋرو ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى ئىدارە قىلغان دۆلەت دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ۋە ئىقتىسادى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئۈچ رايوننىڭ ئىككىسىنى كونترول قىلالايدۇ.خەرىتىگە قاراپ باقساقلا، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كونترول قىلغانلىق تەبىئىي ھالدا ئافرىقىنى كونترول قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە غەربىي يېرىم شار ۋە ئاتلانتىك ئوكيان جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ چۆرىسىدىكى بەلباغ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز (1.2-رەسىم). ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى دۇنيا نوپۇسىنىڭ%75نى ئىگەللەيدۇ، بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ كارخانا ۋە يەر ئاستى كان بايلىقى





1.2-رەسىم:دۇنيا جۇغراپىيىۋى سىياستىدىكى مەركىزىي قۇرۇقلۇقلار ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىم رايونلار

دۇنيا ماددىي بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 60% گە توغرا كېلىدۇ. دۇنيادىكى ئېنىقلانغان ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا (2.2-رەسىم).






ياۋرو ئاسىيا قۇرۇقلۇقى دۇنيادىكى سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنچ قىلىدىغان ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان دۆلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئامېرىكىنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان ئالتە چوڭ دۇنياۋى ئىقتىساد دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا. ئاشكارا يادرو دۆلەتلىرىنىڭ پەقەت بىرىلا ياۋروئاسىيا دۆلىتى ئەمەس، مەخپىي يادرو دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرىلا ياۋرو ئاسىيا دۆلىتى. دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ

بولغان ھەمدە رايونلۇق ھۆكۈمرانغا ياكى يەرشارىۋى تەسىر كۈچكە ئىگە بولۇشنى كۆزلەۋاتقان ئىككى دۆلەتمۇ ياۋرو ئاسىيا قۇرۇقلىقى دۆلىتى. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنىغا خىرىس قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق دۆلەتلەرمۇ ياۋرو‌ئاسىيا دۆلىتى. ياۋرو‌ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ كۈچىنى قوشقاندا ئامېرىكىنىڭكىدىن خېلى كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بەختىگە يارىشا ياۋرو‌ئاسىيا قۇرۇقلىقى بەك چوڭ بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىككە كېلىشكە ئامالسىز.
شۇڭا ياۋرو‌ئاسىيا بىر شاھمات تاختىسى دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق. گەرچە جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنپەئەتنى ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇشتىن ئىبارەت جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنى شاھمات تاختىسى دەپ ئېيتىشقا بولسىمۇ، ئەمما سەل ئېلىپسى كەلگەن شاھمات تاختىسىدا پۈت تىپىشۋاتقانلار ئىككىلا بولماستىن، ئەمەلىي كۈچى تەڭ بولمىغان بىر قانچە شاھماتچىدۇر. ئەڭ يامان شاھماتچىلار بۇ شاھمات تاختىسىنىڭ غەرب، شەرق، ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان.شاھمات تاختىسىنىڭ ئەڭ شەرق ۋە ئەڭ غەربىي گىرۋىكىدە نوپۇسى زىچ رايونلار بار، خېلى قىستاڭچىلىق كەلگەن بۇ بوشلۇق بىر نەچچە كۈچلۈك دۆلەتكە تەۋە. ئامېرىكا كۈچلىرى ياۋرو ئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ تارغىنا كەلگەن غەربىي چېتىگە بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىراق قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان،مۇستەقىل ھەمدە نوپۇسى كۆپ شاھماتچى بار. شاھماتچىنىڭ زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان رەقىبلىرى يېنىدىكى بىر قانچە ئاراللار بىلەن چەكلىنىدۇ.بۇ ئاراللار بىلەن بىراق شەرىق يېرىم ئارىلى (كورىيە يېرىم ئارىلى) نىڭ يېرىمى ئامېرىكا كۈچلىرىگە سورۇن راسلاپ بەردى.
غەرب ۋە شەرقىي گىرۋىكىنىڭ ئارىسىدا كەڭ كەتكەن بىر ئوتتۇرا بەلباغ بار.بۇ جايلارنىڭ نوپۇسى شالاڭ،نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس، تەشكىلىي جەھەتتىمۇ پارچە-پارچە ھالەتتە.ب ۇ بەلباغدا ئامېرىكىنىڭ باشلامچىلىق ئورنىغا خىرىس قىلغان كۈچلۈك رەقىبى بار، ئامېرىكىنى ياۋرو‌ئاسىيا قۇرۇقلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۇنىڭ بىر دىنبىر نىشانى. كەڭ كەتكەن ياۋرو ئاسىيا ئوتتۇرا قىسىم ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدا سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقان، لېكىن ئېنېرگىيە بايلىقى مول رايون بار، بۇ رايون ياۋرو‌ئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ غەرب شەرقىدىكى دۆلەتلەرگە ھەمدە ئەڭ جەنۇبىدىكى نوپۇسى كۆپ، رايونلۇق ھۆكۈمران بولۇش غەرىزىدە بولىۋاتقان دۆلەتكە نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
غايەت زور، شەكلى ئۆلچەمسىز بولغان ياۋرو‌ئاسىيا شاھمات تاختىسى لىسابوندىن ۋىلادىۋوستوكقىچە سوزۇلغان بولۇپ، «شاھمات مۇسابىقىسى» گە سورۇن ھازىرلاپ بەردى. ئامېرىكا ئۇتۇپ چىقىشى مۇمكىن، شەرتى:شاھمات تاختىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى قەدەممۇ

قەدەم كېڭىيىۋاتقان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. جەنۇبىي قىسمىنى مەلۇم بىر دۆلەت ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىشۋالمايدۇ. شەرقتىكى دۆلەتلەر بىرلىشىپ ئامېرىكىنى يېقىن دېڭىزدىكى بازىلىرىدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ئوتتۇرا بەلباغ غەربكە يېقىنلىشىشنى رەت قىلسا، ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىدىغان يەككە گەۋدىگە ئايلىنىپ جەنۇبىنى كونترول قىلسا ياكى مۇھىم شاھماتچىلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر شەرقتىكى ئىككى مۇھىم شاھماتچى مەلۇم بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، ئامېرىكىنىڭ ئورنى ئوخشاشلا زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكىنىڭ غەربتىكى شېرىكلىرى ئامېرىكىنى قۇرۇقلۇقنىڭ غەربىدىن قوغلىۋەتسە، گەرچە بۇ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي گىرۋىكى ئاخىرىدا قايتىدىن باش كۆتۈرگەن، ئوتتۇرا بەلباغنى ئىگىلىگەن شاھماتچى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسىمۇ، ئامېرىكا تەبىئىي ھالدا ياۋروئاسىيادىن ئىبارەت شاھمات تاختىسىدىكى كۈچ سىنىششنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھەممە بىردەك ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى زومىگەرلىكىنى ناھايىتى كەڭرى دەپ ئېتىراپ قىلدى، ئەمما دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى چەكلىكتۇر. ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى جارى قىلدۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق، ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيەلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، ئامېرىكا زومىگەرلىكى بىۋاستە كونترول قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ۋەزىيىتى مۇرەككەپ، بىر قىسىم ئەمەلىي كۈچى زور دۆلەتلەر بولغاچقا، ئامېرىكا تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىقى ھەمدە ياۋروئاسىيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىش چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ياۋروئاسىيادىن ئىبارەت بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى قۇرۇقلۇقنىڭ يەر مەيدانى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، مەدەنىيەت پەرقى بەك چوڭ، تارىختىكى يامان نىيەتلىك ۋە سىياسىيدا ھاياتىي كۈچكە تولغان دۆلەتلەرمۇ ناھايىتى كۆپ، ئامېرىكىدەك ئىقتىسادتا مۇۋاپىقىيەت قازانغان، سىياسىي تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتمۇ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنى بوي سۇندۇرمىقى تەس. مۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكا تېخىمۇ يۇقىرى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە ۋاستىسى ئارقىلىق ھەمدە ياۋرو ئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدا تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن، تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا ئامېرىكا كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ.

يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى،ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى تۈزۈمى ئىنتايىن دېموكراتىك، شۇڭا چەتئەللەردە مۇستەبىتلىك يۈرگۈزىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئامىلمۇ ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ئىشقا سېلىنىشىنى چەكلەپ قويىدى، بولۇپمۇ ھەربىي پوپوزا قىلىش ئىقتىدارىنى چەكلەپ قويىدى. تارىختا ئەزەلدىن دېموكراتىزىمنى يولغا قويغان دېموكراتىك دۆلەت دۇنياۋى

تەڭداشسىز ئورۇنغا ئېرىشىپ باققان ئەمەس. ئەمما دۆلىتىدىكى پاراۋانلىقنىڭ تۆۋەنلىكى تەھدىدكە ۋە خىرىسقا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئادەتتە ئەمەلىي كۈچىنى جىنىنىڭ بارىچە كېڭەيتىشنى قوللىمايدۇ. مۇنداق كېڭەيتىش تەلەپ قىلىدىغان دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتى ۋە قۇربانلىق بېرىدىغان ئادەم (ھەتتا كەسپىي ھەربىيلەرنىڭ ئۆلۈش يارىلىنىشى) دېموكراتىيە بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. دېموكراتىك تۈزۈم جاھانگىرلىكنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئەمەس.

بۇنىڭدىن سىرت، كۆپ قىسىم ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكىنىڭ يېقىندا ئېرىشكەن يەر شارىدىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلىك ئورنىنى ئالاھىدە خوشاللىق ئىش دەپ قارىمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ سوغاق ئۇرۇشتا يەڭگەنلىكىگە ئائىت سىياسىي "مۇۋاپىقىيەت نەزەرىيىسى" ئومۇمىيۈزلۈك سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچراپ قالماي، يەنە بىر قىسىم ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىغا مايىل تەنقىدچىلەرنىڭ مەسخىرە نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككى خىل سىياسىي قاراشنىڭ نىسبەتەن چوڭ سىياسىي تەسىرى بار، بۇ ئىككى خىل قاراش بىر بىرىگە خېلى ئوخشايدۇ، لېكىن ئىككىلىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان كۈرەشتىكى تارىخىي غەلبىنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن قانداق ئەھمىيىتى بار، دېگەندىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك. بىر خىل قاراش بولسا: ئامېرىكىنىڭ خەلقئارالىق ئورنىغا قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، سوغاق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ئامېرىكىنىڭ خەلقئارالىق ئىشلارغا ئارىلىشىشىنىڭ زور دەرىجىدە ئازلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. يەنە بىرخىل قاراش: ھازىر ھەقىقىي خەلقئارالىق كۆپ قۇتۇبلۇقنى يولغا قويىدىغان ۋاقىت، ئامېرىكا ھەتتا بىر قىسىم ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە سادىق مۇرىتلىرى بار.

ئامېرىكا رەھبەرلىكى نۆۋەتتە دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىق پۈتكۈل يەر شارى ۋەزىيىتى ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۆتمۈشتىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھوقۇقنى بىۋاستە ئىشلىتىش ھەمىشە تېخىمۇ چوڭ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يادرو قوراللىرى ئۇرۇشنى سىياسىي قورال قىلىش ياكى تەھدىت ۋاستىسى قىلىشنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تايىنىش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنى سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىشتەك ئىقتىسادىي پوپوزا قىلىش بۇرۇنقىدەك ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ياۋروئاسىيا شاھمات تاختىسىدا مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا جۇغراپىيىۋى ستراتېگىيىلىك كۈچلەرنى ئىشقا سېلىشتا، ھازىرقى ئاساسلىق ئامال ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تاللاپ تۇرۇپ يېڭى دۆلەتلەرنى ئىتتىپاققا كىرگۈزۈش ھەمدە ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي كاپىتالىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

## جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە

ئامېرىكا يەر شارىغا باشلامچىلىق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا سىياسىي جۇغراپىيىنىڭ

خەلقئارالىق ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك. ناپولېئون ئېيتقاندەك، بىر دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىسىنى چۈشەنگەنلىك بۇ دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى چۈشەنگەنلىكتۇر. ئەمما بىز چوقۇم ئەمەلىي كۈچلەرنىڭ يېڭى رېئاللىقىغا ئاساسەن، سىياسىي جۇغراپىيىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى تەڭشىشىمىز كېرەك.

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا، زېمىننى كونترول قىلىش كۆپلىگەن سىياسىي توقۇنۇشلارنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ كەلدى. مىللەتچىلىك قەد كۆتۈرگەندىن باشلاپ، كۆپ قىسىم قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ مەنبەسى زېمىننى كېڭەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك مىللىي ئۆزلۈك قانائەت تۇيغۇسى بولماستىن، «مۇقەددەس» زېمىننى يوقۇتۇپ قويۇشتىن پەيدا بولغان مىللىي مەھرۇملۇق تۇيغۇسىدۇر. قىلچە مۇبالىغە قىلماي ئېيتقاندا، زېمىن تەلىپى قىلىش مىللىي دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى قوللىنىشىدىكى ئاساسلىق ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ كەلدى. جەبىلتارىق دېڭىز بوغىزى، سۈۋەيش قانىلى ياكى سىنگاپور قاتارلىق مۇھىم جۇغراپىيىلىك بايلىقلارنى تارتىۋېلىش ۋە ئىگىلىۋېلىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاشمۇ ئىمپېرىيە قۇرۇشنىڭ بىر يولىدۇر. مۇنداق جۇغراپىيىلىك بايلىق ئىمپېرىيە كونترول قىلغان سىستېمىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ناتسىتلار گېرمانىيىسى ۋە ياپون ئىمپېرىيىسى مىللەتچىلىك ۋە زېمىن ئىگىلەش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ تىپىك ئىككى مىسالى.«مىڭ يىللىق ئىمپېرىيە » قۇرۇش پەقەت سىياسىي جەھەتتە گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغان خەلقلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈش بولۇپلا قالماي، يەنە «ئاشلىق ئامبىرى» ئۇكرائىنا ۋە باشقا سلاۋيان تىلى سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەرنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنىڭ خەلقىنى ئىمپېرىيە ئۈچۈن ئەرزان باھالىق قۇللارچە ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىن ئەتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياپونلۇقلارمۇ پەقەت مانجۇرىيەنى، ئاندىن مۇھىم نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي شەرقىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىنى بىۋاستە ئىگەللىگەندىلا ئاندىن ياپونىيەنىڭ مىللىي كۈچىنى كۈچەيتىش ۋە يەر شارىۋى ئورۇنغا ئىگە بولۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئوخشاشلا، روسىيە نەچچە ئەسىردىن بۇيان روس مىللىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى زېمىن ئىگىلەش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. ھەتتا 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىمۇ، روسىيە چېچەنلەرنى چوقۇم داۋاملىق كونترول قىلىش كېرەك دەپ قارىدى. چېچەنلەر روسلارغا ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما مۇھىم بىر نېفىت تۇرۇبا يولى چېچەن دىيارىدىن ئۆتتى. روسىيەنىڭ باھانىسى: چېچەنلەرنى كونترول قىلىش روسىيەنىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

مىللىي دۆلەتلەر يەنىلا دۇنيا سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. گەرچە چوڭ دۆلەتلەر مىللەتچىلىكى پەسەيگەن ۋە ئىدىئولوگىيىنىڭ سۇسلىشى يەر شارى سىياسىتىدىكى ھېسسي

تەركىبلەرنى ئازايتقان بولسىمۇ، يادرو قوراللىرى يەنە قورال ئىشلىتىشنى زور دەرىجىدە چەكلىدى. زېمىن مەسىلىسىنى ئاساس قىلغان تالاش-تارتىشلار دۇنيا ۋەزىيىتىدە يەنىلا ئاساسىي تېما بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، هازىرقى شەكلى پەقەت ئۆتمۈشتىكىدىن ئازراق مەدەنىيلەشتى. بۇ تالاش-تارتىشلاردا، جۇغراپىيىلىك ئورۇن يەنىلا مىللىي دۆلەتلەر دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ بىرىنچى چىقىش نۇقتىسى. دۆلەت زېمىنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يەنىلا بىر دۆلەتنىڭ كۈچلىرى ۋە باشقا ئورنىنى سېلىشتۇرىدىغان ئاساسلىق ئۆلچەم.
ئەمما كۆپ ساندىكى مىللىي دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، زېمىن ئىگەللاش مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقىدا يېقىندا سەل تۆۋەنلەش كۆرۈلدى. گەرچە زېمىن ماجىراسى يەنىلا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى بەلگىلەشتىكى مۇھىم ئامىل بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماجىرا كۆپ ھاللاردا «ئانا ۋەتەن» گە قوشۇلۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان مىللىي قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى بەلگىلىيەلمەسلىكىدىن نارازى بولۇش ياكى مىللىي ئورنىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆلار ئېيتقاندەك، قوشنىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىشىدىن پەيدا بولغان ئۆچمەنلىك ئارقىلىق ئىپادىلەندى.
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان مىللەتنىڭ سەرخىللىرى بىر قىسىم زېمىن ماجىراسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئامىللار بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارادىكى نوپۇزىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، خەلقئارالىق ئوبرازىنىڭ ياخشى ياماڭلىقىنى بەلگىلەشتە تېخىمۇ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. ئىقتىسادىي قابىلىيەت ھەمدە ئۇنىڭ تېخنىكىلىق كەشپىياتقا ئايلىنىشىمۇ ئەمەلىي كۈچنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىكى مۇھىم بىر ئۆلچەم، بۇنىڭغا ياپونىيە ياخشى مىسال بولالايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، جۇغراپىيىلىك ئورۇن يەنىلا بىر دۆلەتنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى بىرىنچى نىشانىنى بەلگىلەيدۇ. بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچى قانچە كۈچلۈك بولسا، ئۇ دۆلەتنىڭ مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنپەئەتى، تەسىرى ۋە خەلقئارالىق ئىشلارغا قاتنىشىش جەھەتتە يېقىن ئەتراپتىن ھالقىشى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.
يېقىنقى مەزگىللەرگە قەدەر، تەسىرى بار جۇغراپىيىۋى سىياسەت تەھلىلچىلىرى قۇرۇقلۇق كۈچلىرى دېڭىز ئوكيان كۈچلىرىدىن مۇھىممۇ يوق ھەمدە ياۋروئاسىيادىكى كونكرېت قايسى رايون پۈتكۈل قۇرۇقلۇقنى كونترول قىلىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ دېگەننى تالاش-تارتىش قىلىپ كەلدى. ئەڭ داڭلىق تەھلىلچىلەرنىڭ بىرى خارولد مەكىندېر (Harold Mackinder)بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار مۇنازىرىلەرنىڭ پېشۋاسىدۇر.ئۇ 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىلا بىر قىسىم «"ئوق رايون» (كونكرېت بارلىق سىبىرىيە ۋە كۆپ قىسىم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا ئالاقىدار ئۇقۇمنى، كېيىن ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا «مەركىزىي بەلباغ» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ رايونلار ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم كۆۋرۈك دەپ قارىلىدۇ.

**ئۇنىڭ مەركىزىي بەلباغ ئۇقۇمى تۆۋەندىكى ھېكمەت ئارقىلىق كەڭ تارقالدى:**
**كىم شەرقىي ياۋروپانى كونترول قىلسا، شۇ مەركىزىي بەلباغنى كونترول قىلىدۇ؛**
**كىم مەركىزىي بەلباغنى كونترول قىلسا، شۇ ياۋروئاسىيانى كونترول قىلىدۇ؛**
**كىم ياۋروئاسىيانى كونترول قىلسا، شۇ دۇنيانى كونترول قىلالايدۇ؛**
**گېرمانىيەنىڭ بەزى داڭلىق سىياسىي جۇغراپىيەشۇناسلىرى جۇغراپىيىۋى سىياسەتشۇناسلىق ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ «شەرىققە يۈرۈش قىلىش» سىياستىنى ئاقلىدى. بولۇپمۇ كارل خوسخفېر (Karl Haushofer)گېرمانىيەنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەكىندېرنىڭ ئۇقۇمىنى تەڭشىدى.ئادولف ھېتلېر گېرمانىيە خەلقىنىڭ «مەۋجۇتلۇق بوشلۇقى» غا بولغان ئېھتىياجىنى تەڭشىگەندىمۇ بۇ ئۇقۇمنىڭ قوپاللاشتۇرۇلغان نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلاندى. 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، باشقا بىر قىسىم ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرى جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ مەركىزى شەرققە يەنى تىنچ ئوكيانغا، كونكرت ئېيتقاندا ئامېرىكا ۋە ياپونىيەگە يۆتكىلىپ، كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان ياۋروپانىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ خوجايىنى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ بولغان ئىدى. مەركەزنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىنى توساش ئۈچۈن،فرانسىيە جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسى پائۇل دىماگون Paul (Demangeon)ۋە باشقا بىر قىسىم جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قاتتىق ئۇيۇشىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.**
**ھازىر، ياۋروئاسىيانىڭ قايسى جۇغراپىيىلىك قىسمى پۈتكۈل قۇرۇقلۇقنى كونترول قىلىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ياكى قۇرۇقلۇق كۈچلىرى دېڭىز ئوكيان كۈچلىرىدىن مۇھىممۇ يوق دېگەنلەر ئەمدى جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەسىلىلەر ئەمەس. پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنى كونترول قىلىش يەر شارىغا رەھبەرلىك قىلىش ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسىغا ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇغراپىيىۋى سىياسەت رايونلۇق مەسىلىلەردىن پۈتكۈل يەرشارى دائىرىسىگە كېڭەيدى. نۆۋەتتە، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا تەۋە بولمىغان ئامېرىكا دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىدى. ئامېرىكا كۈچلىرى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۈچ رايونىغا بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەمدە بۇ جايلار ئارقىلىق ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى دۆلەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت يەر شارىدىكى ئەڭ مۇھىم مۇسابىقە مەيدانىدا، ئامېرىكىنىڭ بىر يوشۇرۇن رەقىبى مەلۇم بىر كۈنى قەد كۆتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنپەئەتىنى ئۇزۇن مەزگىل كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنى تۈزگەن چاغدا، چىقىش نۇقتىسى چوقۇم ئەڭ يامان رەقىبكە قاتتىق دىققەت قىلىش ھەمدە بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتىنى مۇۋاپىق مۆلچەرلەش كېرەك.**

بۆتەلەپكە يېتىش ئۈچۈن، ئاساسلىق ئىككى تەدبىر قوللىنىش كېرەك:
ئالدى بىلەن جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە جەھەتتە، خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ تەقسىملىنىشىدە يوشۇرۇن مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدىغان ئىقتىدارغا ۋە هاياتىي كۈچكە ئىگە ياۋروئاسىيا دۆلەتلىرىنى تونۇپ يېتىش ھەمدە ئۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ ئاساسىي دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ نىشانىنى ۋە بۇ نىشانلارنى قوغلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇھىملىقتا ئىگە ياۋروئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكىنى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى ۋە (ياكى) مەۋجۇتلىقىنى ئېنىق بېكىتىپ، تېخىمۇ جانلىق بولغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا كاتالىزاتورلۇق رولىنى كۆرستىشى كېرەك.
ئاندىن،ئامېرىكىنىڭ كونكرېت سىياستىنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقىرىقى دۆلەتلەرنى تاللاپ تۇرۇپ ئىتتىپاقدا قوبۇل قىلىش ۋە (ياكى) كونترول قىلىش، ئامېرىكىنىڭ مۇھىم مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتكۈل يەر شارى دائىرىسىدە نىسبەتەن كونكرت بولغان ئامېرىكا سىياستىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرك.
ئومۇملاشتۇرغاندا، ئامېرىكا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياۋروئاسىيا جۇغراپىيىۋى ئىسترتېگىيىسى نىشانلىق هالدا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە جەھەتتە هاياتىي كۈچى بار دۆلەتلەرنى ئىدارە قىلىش ھەمدە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىيالايدىغان دۆلەتلەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئامېرىكىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرشارىۋى كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىش، كەلگۈسىدە بۇ كۈچلەرنى يەندىنپەي مېخانىزىملاشقان يەرشارىۋى ھەمكارلىقتا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنپەئەتنى قوغداشقا چېتىلىدۇ. قەدىمقى ئىمپېرىيەلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ياۋايى مەزگىللەردىكى مودا بولغان سۆز بىلەن ئېيتقاندا،ئىمپېرىيىۋى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنىڭ ئۈچ چوڭ ۋەزىپىسى: بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىنى توسۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتە ئىمپېرىيەگە بولغان تايىنىشىنى ساقلاپ قېلىش؛ بېقىندى دۆلەتلەرنىڭ ئىتائەت قىلىشىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە ئۇلارنى داۋاملىق قوغداش؛ ياۋايى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

## جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلار ۋە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئۇق مەركەز دۆلەتلىرى

جانلىق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى دېگىنىمىز ئىقتىدارلىق، مىللىي ئىرادىسى ئىگە ھەمدە دۆلەت سىرتىدا كۈچلىرىنى ئىشقا سالالايدىغان ياكى هازىرقى

جۇغراپىيۋى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلاردا جۇغراپىيۋى سىياسەت جەھەتتە ئۆزگىرىشچان يوشۇرۇن ئىقتىدار ۋە (ياكى) خاھىش بار. مىللەتنىڭ شان-شەرىپى، ئېدىئولوگىيىنىڭ مۇۋاپىقىيىتى، دىنىنىڭ قۇتقازغۇچىغا بولغان ئىشەنچىسى ياكى ئىقتىسادنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولسۇن، ئىشقىلىپ قانداق باھانە كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر، بىر قىسىم دۆلەتلەر ھەقىقەتەن رايونلۇق يېتەكچىلىك ئورنىنى كۆزلىمەكتە. ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئۇلى بار ھەمدە ئىنتايىن مۇرەككەپ. روبېرت بىروۋنىڭ (Robert Browning) بۇنىڭغا قارىتا ئەڭ ياخشى چۈشەنچە بەردى:«...بىر ئادەم ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولىشى كېرەك، بولمىسا جەننەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟». شۇنداق قىلىپ بۇ دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ قۇدرىتىنى ئىنچىكە مۆلچەرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئامېرىكا بىلەن بىردەكلىكى ياكى زىتلىق دەرىجىسىنى بېكىتىپ چىقتى ھەمدە نىسبەتەن چەكلىك بولغان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى نىشانىنى تۇرغۇزدى. بۇ نىشانلار بەزىدە ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە ئۇيغۇن بولسا بەزىدە توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. ئامېرىكا مۇنداق مۇددىئادىكى ياۋروئاسىيا دۆلەتلىرىگە چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلەرنىڭ مۇھىملىقى ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە مۇددىئاسىدىن ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ جايلاشقان سەزگۈر جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەسىردىن كەلگەن. ئوق مەركەز دۆلەتلەرنى ئايرىشتا قوللىنىدىغان ئۆلچەم ئۇ دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدۇر. موشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئورنى بولغاچقا، ئۇلار بەزىدە مەلۇم شاھماتچىنىڭ مۇھىم رايونغا كىرىش كىرەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشىش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەت بەزىدە مۇھىم دۆلەتكە ئايلىنىشى ھەتتا بىر رايوننىڭ مۇداپىئە قالقىنى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەزىدە بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۆزىمۇ تېخىمۇ جانلىق ۋە ئۆزگىرىشچان قوشنا بولغان جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىغا ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تەسىرى كۆرسىتىشى مۇمكىن. شۇڭا سوغاق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ھەل قىلغۇچ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلىرىنى تونۇپ يېتىش ھەمدە ئۇلارنى قوغداش ئامېرىكا جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

باشتىلا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، گەرچە بارلىق جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن بارلىق مۇھىم ۋە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي رەۋىشتىكى جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى بولىشى ناتايىن. گەرچە جۇغراپىيۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلارنى تونۇش

بىر قەدەر ئاسان بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم گەۋدىلىك مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ شاھماتچىلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ قېلىشى كۆپلىگەن سەۋەبلەر ئارقىلىق چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

نۆۋەتتىكى پۈتكۈل يەرشارى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى يېڭى سىياسىي خەرىتىسىدە ھەل قىلغۇچ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىدىن ئاز دېگەندە بەشنى ۋە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتتىن بەشنى (ئىككى دۆلەت مەلۇم دەرىجىدە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى بولۇش سالاھىيىتى بار دەپ قارىلىدۇ) ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ. فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە، جۇڭگو ۋە ھىندىستان ئاساسلىق ھەم ئاكتىپ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلاردۇر. ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە ھىندونېزىيەلەر مۇھىم دۆلەتلەر بولسىمۇ، لېكىن شاھماتچى بولۇش سالاھىيىتى ھازىرلىمىغان. ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، جەنۇبىي كورىيە ، تۈركىيە ۋە ئىرانلار ئىنتايىن مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلىك رولىنى ئوينىماقتا. تۈركىيە ۋە ئىران مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن چەكلىك كۈچى دائىرىسىدىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە جەھەتتە خېلى ئاكتىپ. كېيىنكى بابلاردا ھەربىر دۆلەتنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي تەھلىل قىلىمىز.

نۆۋەتتىكى باسقۇچتا، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلاردىن فرانسىيە ۋە گېرمانىيە بار دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى دۆلەت ياۋروپا بىر گەۋدىلەشكەندىن كېيىن قايسى دەرىجىدە، قانداق شەكىلدە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش كۆز قارىشى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككى دۆلەت ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە كۈچ چىقاردى. فرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ياۋروپانىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر قىسىم يېڭىچە، دادىل تەسەۋۋۇرلىرى بار. بولۇپمۇ فرانسىيەنىڭ ياۋروپا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزىرى بار. بۇ نۇقتىئىنەزىرى بەزى مۇھىم تەرەپلەردە ئامېرىكىنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشىمايدۇ. گەرچە فرانسىيە گېرمانىيە-فرانسىيە ئىتتىپاقىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ نىسپىي ئاجىزلىقىنى تولۇقلىسىمۇ، ئەمما فرانسىيەنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزىرى تاكتىكا قوللىنىپ، روسىيە بىلەن ئامېرىكىنى ھەمدە ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيەنى قارشىلاشتۇرۇشقا ئېغىشقان.

بۇنىڭدىن سىرت، فرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەسىرنى جارى قىلدۇرۇشتا يېتەرلىك كۈچى ۋە ئىشەنچىسى بار. فرانسىيە بىر گەۋدىلەشكەن ياۋروپادا ئاساسلىق سىياسىي رول ئويناشنى كۆزلەپلا قالماي، ئۆزىنى يەنە ئوتتۇرا دېڭىز-شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرى قاتارلىق ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ يادروسى دەپ قارايدۇ. گېرمانىيە ياۋروپادىكى ئەڭ مۇھىم دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، رايون

**ئىقتىسادىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈگۈچىسى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنى بارلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىشقا باشلىدى. گېرمانىيە ئۆزىنىڭ يېڭى ئازاد بولغان ئوتتۇرا ياۋروپاغا قارىتا ئالاھىدە مەسئولىيىتى بار دەپ قارايدۇ، بۇ قاراش بىلەن بۇرۇنقى گېرمانىيە رەھبەرلىكىدىكى ئوتتۇرا ياۋروپا ئۇقۇمى بىلەن مۇجمەل يېقىنلىق تەرىپى بار. بۇنىڭدىن سىرت، گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە ياۋروپانىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىل بولۇپ، روسىيە بىلەن سۆھبەتلىشىش ھوقۇقىمىز بار دەپ قارايدۇ .گېرمانىيە ھەتتا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن، روسىيە بىلەن ئالاھىدە ئىككى تەرەپلىك ماسلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تاللىساق بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا نەزەرىيە جەھەتتىن شۇنداق دەپ قارايدۇ.**

**ئەكسىچە، ئەنگلىيە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى ئەمەس. ئەنگلىيەنىڭ ئۈنچىلىك كۆپ مۇھىم تاللىشى يوق. ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە قارىتا ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرىمۇ يوق. ئەنگلىيەنىڭ نىسپىي زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى مەسىلىسىدىكى مەيدانى مۇجمەل بولغانلىقتىن ھەمدە ئامېرىكا بىلەن بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقاچقا، ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار مۇھىم تاللاشلار جەھەتتە ئەنگلىيە بارغانسېرى مۇناسىۋەتسىز دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. لوندون ئاساسىي جەھەتتىن شاھمات تاختىسىدىن چېكىنىپ چىقتى.**

**ئەنگلىيەنىڭ ياۋروپا كومىتېتىدا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولغان روي دېنمان (Sir Roy Denman) ئەسلىمىسىدە، 1955-يىلى ئېچىلغان ياۋروپا ئىتتىپاقى قۇرۇش توغرىلىق مېسىنا (Messina) يىغىنىدىكى مۇزاكىرىدە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى ياۋروپانىڭ كەلگۈسىنى لاھىيىلىگۈچىلەرگە تۆۋەندىكىلەرنى قىلىپ:**

**سىلەر مۇزاكىرە قىلىۋاتقان كەلگۈسى شەرتنامە ماقۇللاشقا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس،ماقۇللاشقا ئېرىشكەن تەغدىردىمۇ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس.ئەمەلگە ئاشقان تەغدىردىمۇ،ئەنگلىيە ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارايدۇ......سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن! خەيرى-خوش②.**

**40نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى،يۇقىرىقى باياناتنىڭ يەنىلا ئەنگلىيەنىڭ ھەقىقىي بىرلەشكەن ياۋروپا قۇرۇشقا بولغان ئاساسىي مەيدانى بولۇپ كەلدى. ئەنگلىيە 1999-يىلى 1-ئايدا يولغا قويۇلىدىغان ئىقتىسادىي پۇل ئىتتىپاقىغا قاتنىشىشتا ئىككىلىنىپ قالدى. بۇ ئەنگلىيەنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ياۋروپانىڭ تەغدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ بۇ مەيدانى 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدىلا ئېنىق يىغىنچاقلانغان:**

**• ئەنگلىيە سىياسىي بىرلىشىش نىشانىنى قوبۇل قىلمايدۇ.**

•ئەنگلىيە ئەركىن سودا ئاساسىدا مەلۇم ئەندىزىدىكى ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قوللايدۇ.
•ئەنگلىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى (EC) رامكىسى سىرتىدا دىپلوماتىيە سىياستى يۈرگۈزۈشنى، بىخەتەرلىك ۋە مۇداپىئە جەھەتتىكى ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.
•ئە نگىلىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە ئەڭ زور چەكتە تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشنى كۆزلەپ كەتمەيدۇ③.
ئەلۋەتتە، ئەنگلىيە ئامېرىكىغا نىسبەتەن يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم. ئامېرىكا يەنىلا ئەنگلىيە فېدراتسىيىسى ئارقىلىق مەلۇم يەرشارىۋى تەسىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەنگلىيە ھازىرقى ھالىتىدىن بىئارام بولمايدىغان ئاساسلىق چوڭ دۆلەت، ئۇلۇغۋار تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئورتىكىسگە ئۈچرىمايدۇ. ئەنگلىيە ئامېرىكىنىڭ مۇھىم قوللىغۇچىسى، ئىنتايىن سادىق ئىتتىپاقدىشى، كەم بولسا بولمايدىغان ھەربىي بازا ۋە مۇھىم ئاخبارات ھەركەتلىرىدىكى يېقىن شېرىك. ئامېرىكا يەنىلا ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەرۋىش قىلىشقا موھتاج، ئەمما ھەرۋاقىت ئەنگلىيەنىڭ سىياستىگە كۆز قۇلاق بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
ئەنگلىيە ئالىلقاچان پىنسىيەگە چىققان جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچى. بۇرۇنقى شانلىق مۇۋاپىقىيەتلىرىگە قانائەت قىلىدۇ، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە باش بولغان ياۋروپا ئىشلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئارىلاشمايدۇ.
باشقا ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO)ياكى(ۋە) ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى. ئۇلار ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئەگەشمەيدۇ بەلكى سۈكۈت ئىچىدە فرانسىيە ياكى گېرمانىيە بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ بولغان رايونلۇق تەسىرى يوق، ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمۇ يوق. نۆۋەتتە،بۇ دۆلەتلەر ھەم جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچىلار ئەمەس ھەم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلىرىمۇ ئەمەس. ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش ئېھتىماللىقى بولغان پولشامۇ ھەم شۇنداق. پولشا يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، شۇڭا جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچى بولالمايدۇ. پولشانىڭ پەقەت بىرلا تاللىشى بار يەنى غەربكە سىڭىپ كېتىش. بۇنىڭدىن سىرت، روسىيە ئىمپېرىيىسى يوقالغانلىقتىن ھەم پولشا ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقى ۋە يېڭى ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغانلىقىدىن، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىخەتەرلىكتىن بەھرىمان بولماقتا. بۇ پولشانىڭ ئىستراتىگىيىلىك تاللاش دائىرىسىنى چەكلەپ قويىدى.
شەك شۈبھىسىزكى، گەرچە روسىيەنىڭ دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەن بولسىمۇ ھەمدە ئۆزۈنىڭ مۇشكۇلاتقا دۇچ كېلىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئاساسلىق جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچى. روسىيەنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئۆزىلا سابىق

سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى كەڭ ياۋروئاسىيا بەلبېغىدا پەيدا بولغان يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەرگە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرستەلەيدۇ. روسىيەنىڭ ئۇلۇغۋار جۇغراپىيىلىك سىياسىي نىشانلىرى بار ھەمدە بۇ نىشانلىرىنى ئاشكارا دارۋاڭ قىلدى. مۇبادا روسىيە ئەسلىگە كېلىۋالسىلا، غەربتىكى ۋە شەرقتىكى قوشنا دۆلەتلەرگە قاتتىق تەسىر كۆرستىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، روسىيە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئامېرىكا دوستمۇ ياكى دۈشمەنمۇ دېگەن جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللىشىنى بېكىتمىدى. روسىيە ئېھتىمال ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىدە ناھايىتى چوڭ تاللاش ئىمكانىيىتى بار دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ روسىيە دۆلەت ئىچى سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچى، بولۇپمۇ روسىيە ياۋروپانىڭ دېموكراتىك دۆلىتى ياكى قايتىدىن ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىشىغا زور دەرىجىدە باغلىق.قانداقلا بولمىسۇ، گەرچە روسىيە ياۋروئاسىيا شاھمات تاختىسىدا بىر قىسىم «پېشكا» لىرى ۋە ھەل قىلغۇچ زېمىنلىرىنى ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسابىقىگە قاتنىشالايدىغان رىقابەتچىدۇر.

ئوخشاشلا، جۇڭگومۇ شەك شۈبھىسىز ئاساسلىق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى. جۇڭگو مۇھىم رايونلۇق دۆلەت بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ ئېھتىمال تېخىمۇ چوڭ مۇددىئاسى بولىشى مۇمكىن. چۈنكى جۇڭگو تارىختىكى ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەت، ئۆزىنى يەر شارىنىڭ مەركىزى دەپ قارايدۇ. جۇڭگونىڭ خىلمۇخىل تاللىشى ئاسىيادىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي كۈچلەرنىڭ جايلىشىشىغا تەسىر كۆرستىشكە باشلىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۈزلىنىشى جۇڭگونى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ قۇدرەتلىك ماددىي ئەمەلىي كۈچكە ۋە تېخىمۇ زو ر غەيرەتكە ئىگە قىلىدۇ. «بۈيۈك جۇڭگو» نىڭ گۈللىنىشى تەيۋەن مەسىلىسىدىكى قاتمال ھالەتنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئورنىغا بولغان تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى جۇڭگونىڭ غەربىدە بىر قىسىم يېڭى دۆلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ رەھبەرلىرى بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىۋالسا بولمايدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ خەلقئارالىق ئىشلارغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشى روسىيەگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرستىدۇ.

ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي گىرۋىكىدە مۇرەككەپ بىر مەسىلە مەۋجۇت. ياپونىيە دەرۋەقە خەلقئارا ئىشلاردىكى ئاساسلىق چوڭ دۆلەت. ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقى ھەمىشە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋىتى دەپ قارىلىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياپونىيەنىڭ ھەقىقەتەن ئالدىنقى قاتاردىكى سىياسىي تەسىرىنى جارى قىلدۇرالايدىغان يوشۇرۇن كۈچى بار. ئەمما ياپونىيە بۇ كۈچىنى ئىشقا سېلىشنى خالىمايدۇ، رايونلۇق يېتەكچى كۈچ

بولۇشنى كۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىدە ھەرىكەت قىلىشنى خالايدۇ. ياۋروپادىكى ئەنگلىيەگە ئوخشاش، ياپونىيەمۇ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا قاتنىششنى خالىمايدۇ.شۇنداق بولغاچقا، ئاز بىر قىسىم ئالىملارلا باشقا كۆپلىگەن ئاسىيالىقلارنىڭ ياپونىيەنىڭ بۇ رايوندا سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىدىن بىزار بولىشىنىڭ سەۋەبى.

ياپونىيە سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئۆزىنى بوغۇشى ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتە ئاساسلىق بىخەتەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا ياپونىيە جۇغراپىيۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچى ئەمەس، ياپونىيەنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە شاھماتچى بولالايدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار، جۇڭگو ياكى ئامېرىكا ھازىرقى سىياستىنى ئۆزگەرتكەن ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق. ياپونىيەنىڭ مۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ دېپلوماتىيە سىياستىنى قاتتىق كۆزىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، لېكىن ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ياپونىيەنى ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىشىغا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. ئامېرىكا-ياپونىيە سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ ھەرقانداق دەرىجىدە ئاجىزلىششى بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ھىندونېزىيەنى ھاياتىي كۈچى بار جۇغراپىيۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچىلار قاتارىغا كىرگۈزمەيمىز دېگەننى چۈشەندۈرمەك بىر قەدەر ئاسان. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، ھىندونېزىيە ئەڭ مۇھىم دۆلەت، لېكىن بۇ رايوندا تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالىشى چەكلىك، سەۋەبى ھىندونېزىيەنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، دۆلەت ئىچى سىياسىي ۋەزىيىتى ئىزچىل مۇقىم ئەمەس، تارقاق ئاراللاردىن تەركىب تاپقان. ئاسانلا مىللىي توقۇنۇشنىڭ مۈشكىلاتىغا ئۇچرايدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ ھىندونېزىيەدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا ئاساسلىق رول ئوينىشى بۇ توقۇنۇشنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. ھىندونېزىيە كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ جەنۇبتىكى مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاۋستىرالىيە بۇ ئېھتىماللىقنى كۆرۈپ يەتتى. ئاۋستىرالىيە ھىندونېزىيەنىڭ كېڭىيىش غەرىزىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى، لېكىن يېقىندا ھىندونوزىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە ئوتتۇرىسىدا قويۇق بىخەتەرلىك ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىلدى. ھىندونېزىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ رايوندا مۇھىم رول ئوينىيالايدىغان دۆلەت بولۇش ئۈچۈن، بىر مەزگىللىك سىياسىي مۇستەھكەملەش ۋە مۇۋاپىقىيەلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

ھىندونېزىيە بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ھىندىستان ئۆزىنى چوڭ دۆلەت قىلىپ چىقىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۆزىنى يوشۇرۇن كۈچى بار يەر شارىۋى مۇھىم شاھماتچى دەپ

قارايدۇ. ھىندىستان يەنە ئۆزىنى جۇڭگونىڭ رىقابەتچىسى دەپ قارايدۇ. گەرچە ئۆزىنىڭ يىراق مەزگىللىك ئىقتىدارىنى يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ھىندىستان شەك-شۈبھىسىز جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت، مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى. ھىندىستان يەنىلا يېرىم ئاشكارا يادرو دۆلىتى. ھىندىستاننىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولىشى ھىندىستاننى پاكىستاننى قورقۇتۇش ئۈچۈنلا بولماستىن،ئەڭ مۇھىمى جۇڭگونىڭ يادرو قورال ئامبىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ھىندىستاننىڭ بۇ رايونغا بولغان رولىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى قوشنا دۆلەتلەرگىلا چېتىلىپ قالماي، يەنە ھىندى ئوكيانغىمۇ چېتىلىدۇ. لېكىن ھىندىستاننىڭ ھازىرقى غەرىزى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەنپەئەتىدە چوڭ توقۇنۇش يوق. شۇڭا ھىندىستان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى بولسىمۇ، جۇڭگو ياكى روسىيە بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەسىلە تۇغدۇرىدىغان مەنبەئە بولالمايدۇ.
ئۇكرائىنا بولسا ياۋروئاسىيا شاھمات تاختىسىدىكى يېڭى ھەم مۇھىم بىر بەلباغ. ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ تۇرىشى روسىيەنى ئۆزگەرتىشكە پايدىسى بار، شۇڭا ئۇكرائىنا جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەت. ئۇكرائىنا بولمىسا روسىيە ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسى ھېسابلانمايدۇ. ئۇكرائىنا بولمىغان ھالەتتىمۇ روسىيە يەنە ئىمپېرىيە قۇرالايدۇ، لېكىن قۇرغىنى ئاساسىي جەھەتتى ئاسىيا ئىمپېرىيىسى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ئاللىقاچان ئويغىنىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن بولغان توقۇنۇشقا كىرىپ قېلىپ، ئېغىر بەدەل تۆلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار يېڭى ئېرىشكەن مۇستەقىللىقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا غەزەپلىنىدۇ ھەمدە ئۇلار جەنۇبتىكى قېرىنداش مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. جۇڭگومۇ ئېھتىمال روسىيەنىڭ ئوتتۇرائاسىيانى قايتىدىن ئىدارە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى جۇڭگو ئوتتۇرائاسىيادىكى يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە بارغانسېرى قىزىقىۋاتىدۇ. ئەگەر روسىيە 52 مىليون نوپۇسى بار، بايلىقى مول ۋە قارا دېڭىزغا چىقىش ئېغىزى بولغان ئۇكرائىنانى قايتىدىن كونترول قىلسا، روسىيە تەبىئىي رەۋىشتە ياۋروئاسىيانى كېسىپ ئۆتكەن كۈچلۈك ئىمپېرىيە قۇرۇش دەسمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىشى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىپ، پولشانى ياۋروپا گەۋدىسىنىڭ شەرقىدىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ.
ئەزەربەيجاننىڭ زېمىنى كىچىك، نوپۇسى ئاز بولسىمۇ،ل يكىن مول ئېنېرگىيە مەنبەسى بار، جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئىنتايىن مۇھىم. ئەزەربەيجان كاسپىي دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايلىقى قاچىلانغان چوڭ قاچىنىڭ پورۇپكىسى. ئەگەر ئەزەربەيجاننى موسكۋا پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالسا،ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقە

بولغان ئىشەنچىسى قالمايدۇ. ئەگەر ئەزەربەيجان مۇستەقىللىقىنى يوقاتسا، ئىنتايىن مول نېفىت مەنبەسىنى روسىيە پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالىدۇ. روسىيەنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۆتمىگەن مۇستەقىل بىر نېفىت تۇرۇبا يولىنى غەرب بازارلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئەزەربەيجان، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان نېفىت ئىستىمالچى دۆلەتلەرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كىرىشتە يەنە بىر مۇھىم يول بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇكرائىناغا ئوخشاش، ئەزەربەيجان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى روسىيەنىڭ قانداق دۆلەت بولۇشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

روسىيەنىڭ كۈچى ئاجىزلىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، تۈركىيە بىلەن ئىران كاسپى دېڭىزى-ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆزىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى تەسىرىنى تىكلىدى. موشۇ ئامىلنى چىقىش قىلغاندا، تۈركىيە بىلەن ئىرانمۇ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت ئېغىر ئىچكى كىرزىسقا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ رايونلۇق كۈچلەر ئەندىزىسىگە بولغان تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى چەكلىك.ب ۇ ئىككى دۆلەت ئۆزئارا رىقابەتچى بولغاچقا، مەلۇم دەرىجىدە قارشى تەرەپنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىدۇ. ئەزەربەيجاننى مىسالغا ئالساق، تۈركىيەنىڭ ئەزەربەيجاندا زور تەسىر كۈچى بار، ئىراننىڭ سىياستى (سەۋەبى ئىران چېگرا ئىچىدىكى ئەزەربەيجانلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەيدۇ) روسلارغا تېخىمۇ پايدىلىق.

تۈركىيە بىلەن ئىران ئاساسي جەھەتتىن مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتكە تەۋە. تۈركىيە قارا دېڭىز رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىماقتا، قارا دېڭىزدىن ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىش يولىنى كونترول قىلماقتا، كاۋكاز رايونىدا روسىيە بىلەن تىركەشمەكتە. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىگە يەنىلا ئاجىز تەسىر كۆرسەتمەكتە ھەمدە ش ئا ئە ت نىڭ جەنۇبتىكى تىرىكى. تۈركىيەنىڭ مۇقىمسىزلىقى جەنۇبىي بالقاندا تېخىمۇ ئېغىر زوراۋانلىق توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، روسىيە يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان كاۋكاز دۆلەتلىرىنى قايتىدىن ئاسانلا كونترول قىلىۋېلىشى مۇمكىن. گەرچە ئىراننىڭ ئەزەربەيجانغا بولغان پوزىتسىيىسى ئېنىق بولمىسىمۇ، يېڭى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى كۆپ خىللىشىش قەدىمىنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. ئىران پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىنى كونترول قىلىۋاتىدۇ. گەرچە ئىران نۆۋەتتە ئامېرىكا بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىراننىڭ مۇستەقىل ھالىتى روسىيەنىڭ پارس قولتۇقى رايونىدا ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۆزۈن مەزگىللىك تەھدىت پەيدا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

جەنۇبىي كورىيەمۇ يىراق شەرقتىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەت. جەنۇبىي كورىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەدە كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ قوغداش يۈكىنى يېنىكلەتتى، شۇڭا ياپونىيەمۇ مۇستەقىل ۋە مۇھىم ھەربىي

**چوڭ دۆلەتكە ئايلانمىدى. جەنۇبىي كورىيەدىكى ھەر قانداق زور ئۆزگىرىش مەيلى بىرلىككە كەلسۇن ياكى كېڭىيىۋاتقان جۇڭگونىڭ كۈچ دائىرىسىگە چۈشۈپ قالسۇن، ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى رولىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە ياپونىيەنىڭمۇ رولىنى ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، جەنۇبىي كورىيەنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئىقتىسادى كۈچى جەنۇبىي كورىيەنى تېخىمۇ مۇھىم «بوشلۇق» قا ئايلاندۇردى، بۇ بوشلۇقنى كونترول قىلىشنىڭ قىممىتىمۇ بارغانسېرى ئاشتى.**

**يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلار ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلەر تىزىملىكى ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ياكى ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس. بەزىدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنى چىقىرىۋېتىش ياكى قوشۇش كېرەك. ئەلۋەتتە، مەلۇم جەھەتتىن ئويلىغاندا تايلاند، پاكىستان ھەتتا قازاقىستان ياكى ئۆزبېكىستاننى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلەر قاتارىغا تىزىشقا بولىدۇ. لېكىن نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىرىنى تىزىملىككە كىرگۈزۈشنىڭ ئاساسى يېتەرلىك ئەمەس. بۇ دۆلەتلەردىكى ھەرقانداق بىرىنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى زور ۋەقە بولۇپ، كۆچلەر جايلىشىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، لېكىن قوزغايدىغان تەسىرىنىڭ زور بولىشى ناتايىن. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرىشىغا قارىماي كەڭ كۆلەملىك قورال ئىشلىتىپ تەيۋەننى بوي سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئەھۋالدا، تەيۋەندە مەسىلە كۆرىلىدۇ، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى سىياسىي شان-شەرىپىگە كەڭ كۆلەمدە تەھدىت سالىدۇ. گەرچە مۇنداق ئېھتىماللىقنىڭ يۈز بېرىشى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، ئامېرىكا جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياستىدە بۇ خىل ئېھتىماللىقنى ئويلىششى كېرەك.**

## ھەل قىلغۇچ تاللاش ۋە يوشۇرۇن خىرىس

**ئاساسلىق شاھماتچىلار ۋە ئاچقۇچلۇق ئوق مەركەز دۆلەتلىرىنى تونۇپ يېتىش، ئامېرىكا دۇچ كەلگەن ئېغىر سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە ئامېرىكا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق خىرىسلارنى ئالدىن پەرەز قىلىشقا ياردىمى بار. بۇ مەزمۇنلار كېيىنكى بابلاردا تېخىمۇ تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، ھازىر پەقەت تۆۋەندىكى بەش چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاندى:**

- **ئامېرىكىغا قانداق ھالەتتىكى ياۋروپا كېرەك،شۇنداق ھالەتكە كېلىشنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؟**
- **قانداق ھالەتتىكى روسىيە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئامېرىكا بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەك ۋە قانچىلىك قىلالايدۇ؟**
- **ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە يېڭى بىر «بالقان» نىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقى قانچىلىك, ئامېرىكا قانداق تەدبىر قوللىنىپ بۇ ئېھتىماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەۋپ خەتەرنى ئازايتىشى كېرەك؟**

•جۇڭگونىڭ ىراق شەرقتە قانداق رول ئوينىشنى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، بۇ رول ئامېرىكا ۋە ياپونىيەگە نىسبەتەن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟
•قانداق ھالدىكى يېڭى ياۋروئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن، قانداق ئىتتىپاق ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە چوڭ تەھدىت ھەمدە قانداق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قوللىنىشقا موھتاج بولىدۇ؟
ئامېرىكا تارىختىن بۇيان ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى قوللاپ كەلدى. كېيىندى ھۆكۈمەتتىن باشلاپ، ئۆلچەملىك يولغا قويۇلۇۋاتقىنى«باراۋەر شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى»دۇر. ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە بىر گەۋدىلەشكەن ياۋروپانى كۆرۈشنى، يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا بىلەن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ۋە يۈكىنى تەڭ زىممىسىگە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلدى.
بۇلار ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى دائىم ئېيتىلىدىغان دەبدەبىلىك سۆزلەر. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ مەيدانى مۇنداق ئوچۇق ئەمەس ھەم ئۇنچىلىك ئىزچىل ئەمەس. ۋاشىنگتون راستىنلا ياۋروپانىڭ دۇنياۋى ئىشلاردا ئامېرىكىنىڭ باراۋەر شېرىكىگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلامدۇ ياكى باراۋەر بولمىغان ئىتتىپاقنى بەكرەك خالامدۇ؟ مەسىلەن ئېيتساق، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن ياۋروپا بىلەن تەڭ بەھرىمان بولۇشنى خالامدۇ؟ياۋروپا ئوتتۇرا شەرقكە ئامېرىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلاشتى ھەمدە بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ئىسرائىلىيە مەسىلىسىمۇ ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ.ب ۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ئىران ۋە ئىراق مەسىلىسىدە ياۋروپا بىلەن بولغان ئىختىلاپنى باراۋەر شېرىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە بوي سۇنمىدى، دەپ قارايدۇ.
ئامېرىكىنىڭ مۇجمەل مەيدانى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنى قانچىلىك دەرىجىدە قوللىشىغا ئالاقىدار بولۇپلا قالماي، يەنە ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش دائىرىسىنى قانداق بېكىتىش، بولۇپمۇ لازىم بولغاندا قايسى دۆلەتنىڭ بىر گەۋدىلەشكەن ياۋروپاغا رەھبەرلىك قىلىشىغا چېتىلىدۇ. گەرچە ۋاشىنگتون فرانسىيەنىڭ ئەمەس بەلكى گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا رەھبىرى بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن لوندوننىڭ ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش مەسىلىسىدىكى ئايرىمچىلىق مەيدانىدىن ۋاز كېچىشىنى نەسىھەت قىلمىدى. فرانسىيە سىياسىتىنىڭ ئەنئەنىۋى يۆلىنىشىنى نەزەردە تۇتقاندا،ب ۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما مۇنداق تاللاش فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيەنىڭ بەزىدە تاكتىكىلىق بىرلىشىپ، گېرمانىيەنىڭ جاسارىتىگە زەربە بېرىشتەك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە فرانسىيەنىڭ پات-پات موسكۋا بىلەن بىرلىشىپ گېرمانىيە-ئامېرىكا

ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھەقىقىي ياۋروپا بىرلەشمىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ئىجابىي قوللىشىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانى باغلاپ تۇرىدىغان ش ئا ئە ت دىن ئىبارەت ئاساسلىق تەشكىلاتنى قۇرۇلما ۋە تەرتىپ جەھەتتىن زور ئىسلاھ قىلىش لازىم. ش ئا ئە ت ئامېرىكىنىڭ ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىشتىكى ئاساسلىق مېخانىزمى بولۇپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ غەربىي ياۋروپادىكى مۇھىم سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەربىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. ئەمما ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىنى يېڭى رېئاللىقتا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ قۇرۇلمىغا تەڭشەش ئېلىپ بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئاساسىي جەھەتتىن باراۋەر بولغان شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى ئاساسىدىكى ئىتتىپاق قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى ئەنئەنىدىكى بىر ھۆكۈمران ۋە بىر قانچە بېقىندى دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان ئىتتىپاقنى ئەمەس. گەرچە 1996-يىلى مۇۋاپىق تەدبىرلەر قوللىنىپ، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى (WEU)دىن ئىبارەت غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ ش ئا ئە ت دىكى رولى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلە ھازىر ئاساسەن بېسىقتۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر راستىنلا ياۋروپا ئىتتىپاقىنى قوللاش قارار قىلىنسا، چوقۇم ش ئا ئە ت نى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ھالدا قايتا تەشكىللەش لازىم، بۇ چاغدا ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقتىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپاغا قارىتا ئۇزۇن مەزگىللىك جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە ياۋروپا بىلەن ھەقىقىي شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى مەسىلىسى ئۈستىدە بىپەرۋالىق قىلسا بولمايدۇ. ئامېرىكا ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى راستىنلا قوللىسا ھەم بۇ سەۋەبلىك ياۋروپا تېخىمۇ مۇستەقىل بولسا، ئۇنداقتا ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر قىسىم ياۋروپا كۈچلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى كېرەك. مۇنداق ئىستراتېگىيە يەنە بىر مەزگىل كۆككە كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئامېرىكا-ئەنگلىيە (U.S-U.K) ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىزنالىرىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە بولغان سىياسىتى يەنە ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنى قانداق بېكىتىشتىن ئىبارەت سەزگۈر مەسىلىگە يۈزلىنىشى كېرەك. ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرققە قانچىلىك كېڭىيىشى كېرەك؟ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ش ئا ئە ت نىڭ شەرقىي چېگرىسى بىلەن بىردەك بولامدۇ يوق؟ ئالدىنقى مەسىلىنى ئاساسلىقى ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزلىرى بېكىتىشى كېرەك، لېكىن ياۋروپانىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارارى ش ئا ئە ت نىڭ قارارىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كېيىنكى مەسىلە ئامېرىكىغا چېتىلىدۇ، ئامېرىكىنىڭ ش ئا ئە ت دا يەنىلا ھەل قىلغۇچ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بار. ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت غا كىرىشىگە ئالاقىدار پىكىرلەرنىڭ بارغانسېرى بىردەكلىككە يۈزلىنىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ مەسىلىنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ئاساسلىقى بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ كەلگۈسى ئورنىغا مەركەزلەشكەن،ئېھتىمال ئۇكرائىنانىڭ كەلگۈسى ئورنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

يېقىنقى يىللاردا ئېلىنغان ياۋروپا قېنىچىلىقلىرىنىڭ روسىيەگە ئالاقىدار ئىككىنچى قىيىن مەسىلە بىلەن مۇھىم ئوخشاشلىقى بار. روسىيەرنىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەرگەندە، دېموكراتىك ياۋروپا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان روسىيەنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈنچە تەس ئەمەس. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، دېموكراتىك روسىيە بولسا ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا ئورتاق بولغان قىممەت قارىشىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە نىسبەتەن مۇھىم ۋە ھەمكارلاشقان ياۋروئاسىيا قۇرۇلىقى بەرپا قىلىشتا كىچىك شېرىك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن روسىيە پەقەتلا دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۆرمەتتىن رازى بولماسلىقى مۇمكىن. روسىيەنىڭ دېپلوماتىيە سىياستى تۈزگۈچىلىرى (ئاساسي جەھەتتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان) دە يەنىلا قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇش كۈچلۈك ئىستىكى بار. مۇنداق رول يېڭى مۇستەقىل بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ موسكۋاغا قايتىدىن ئىتائەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇڭا روسىيەلىك تاكتىكچىلار گۇرۇھىنىڭ بىر قىسىم تەسىرى بار زاتلارنىڭ نەزىرىدە، غەرب روسىيەگە دوستانە سىياسەت تەغدىردىمۇ، مەقستى روسىيەنىڭ دۇنياۋى ئورۇنغا ئېرىششتەك ھەققانىي تەلىپىنى قانائەتلەندۇرۇشنى رەت قىلىش ئۈچۈندۇر. روسىيەنىڭ ئىككى نەپەر جۇغراپىيىۋى سىياسىئونى:«ئامېرىكا ۋە ش ئا ئە ت بىر تەرەپتىن ئامال بار روسىيەنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئازار بەرمەيدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، روسىيەنىڭ ھېچ بولمىغاندا نەزەرىيە جەھەتتىن دۇنيا سىياستىدە ئىككىنچى چوڭ دۆلەت ئورنىغا ئېرىشش ئارزۇسىدىكى جۇغراپىيىلىك سىياسي ئاساسىغا قەتئىي ھەم ئۈزۈلدۈرمەي بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى مۇنداق ئورۇندىن بەھرىمان بولغان » دېگەن ئىدى.بۇنىڭدىن سىرت،ئۇلار ئامېرىكا ھازىر:

غەرب ھازىر ياۋروپانى قايتىدىن تەشكىللەۋاتىدۇ. ياۋروپا قۇرۇلمىسىنىڭ تۈپكى ئاساسى بولسا بۇ رايوندىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان، نىسبەتەن كىچىك ۋە ئاجىز مىللىي دۆلەتلەرنى قوللاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. قوللاش ئۇسۇلى ئۇلارنى ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقۇزۇش.

دېگەندەك سىياسەتنى يولغا قويىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ سۆزلەردە گەرچە دۈشمەنلىك غەرىزى بار بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى توغرا تەسۋىرلەپ بەردى. ئامېرىكا روسىيەەە قانچىلىك ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشى كېرەك؟ مۇنداق ياردەم روسىيەنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنى مۇقەررەر كۈچلەندۈرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن بىرگە،ئامېرىكا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە كۆپلەپ ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش كېرەكمۇ؟ روسىيە بىرلا ۋاقىتتا كۈچلۈك دۆلەت ۋە دېموكراتىك دۆلەت بولالامدۇ؟ ئەگەر روسىيە قايتىدىن قۇدرەت تاپسا، يوقىتىپ قويغان زېمىنلىرىغا قايتىدىن ئىگە بولۇشنى كۆزلەمدۇ يوق؟ ئۇ چاغدا روسىيە بىرلا ۋاقىتتا ئىمپېرىيە ۋە دېموكراتىك دۆلەت بولالامدۇ؟

ئامېرىكىنىڭ ئۇكرائىنا ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلەرگە بولغان سىياستى بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدۇ، ئامېرىكا موشۇ سەۋەبلىك تاكتىكا تەڭپۇڭلۇقى ۋە ئىستراتېگىيىلىك نىشان جەھەتتە قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلدى. دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى روسىيەنىڭ دېموكراتىيىلىشىشى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپالىششىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. لېكىن روسىيەنىڭ ئىمپېرىيالىزىملىق يوشۇرۇن كۈچىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بۇ ئىككى نىشانىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، دەل موشۇ مەسىلىدە ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرى ئوخشىمىغان قاراشتا بولىشى مۇمكىن. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىش چېگرىسى مەسىلىسىدە تېخىمۇ شۇنداق. ئەڭ ئاخىرىدا روسىيەنىڭ بۇ ئىككى ئورگاندىن بىرىگە كىرىشنى ئويلىشىش كېرەكمۇ يوق؟ روسلارنىڭ ئىدىيىسىدە روسىيەنى چەتكە قېقىشنىڭ بەدىلى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ دەيدىغان قاراش شەكىللىنىدۇ. ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقى ياكى ش ئا ئە ت نى ئاجىزلىتىشنىڭ ئاقىۋىتى بەلگىلىك دەرىجىدىكى مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ مەركىزىدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىي مۇناسىۋىتى تۇراقلىق بولمىغان كەڭ رايوندا مۇھىم بىر مۇقىمسىزلىق ئامىلى مەۋجۇت.تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ يوشۇرۇن ئاجىزلىقى بۇ مۇقىمسىزلىقنى زور دەرىجىدە جىددىيلەشتۈرىۋەتتى. قارا دېڭىزدىكى قىرىم يېرىم ئارىلىدىن، شەرقتە روسىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يېڭى چېگرىسىدىن تاكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغىچە، جەنۇبتا ھىندى ئوكيانىغىچە، غەربتە قىزىل دېڭىزغىچە، شىمالدا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىن يەنە قىرىم يېرىم ئارىلىغىچە بولغان بۇ رايوندا تەخمىنەن **400** مىليون نوپۇس بار بولۇپ،**25** دۆلەتكە تارقالغان. ھەممە دۆلەتتە دېگۈدەك كۆپ خىل مىللەتلەر ۋە دىنلار مەۋجۇت، سىياسىي ۋەزىيىتى تۇراقسىز، بەزى دۆلەتلەر ئېھتىمال يادرو قورالىغا ئېرىشمەكچى بولىۋاتقان بولىشى مۇمكىن.

بۇ كەڭرى رايون پارتىلاش خاراكتېرلىك ئۆچمەنلىكنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان،ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتقان كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ قورشاۋىدا تۇرماقتا. بۇ رايون ئېھتىمال ئاساسلىق جەڭ مەيدانى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ رايوندىكى مىللىي دۆلەتلەر ئارىسىدا ئۇرۇش پارتىلىشى، مىللىي ۋە دىنىي زوراۋانلىق توقۇنۇشى پارتىلىشى مۇمكىن. ھىندىستان مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى پاكىستانغا تېڭىپ، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان توقۇنۇش دائىرىسىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋەزىيەت يامانلىشىپ قالماي، ئۇلارنىڭ پارتىلاش خاراكتېرىدىكى بۇ رايوندا




مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئويناش ئىقتىدارىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشى

مۇمكىن. مۇنداق ۋەزىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە كىرىشى تېخىمۇ تەس بولىدۇ. ئامېرىكا كونتروللىقىدىكى پارس قولتۇقى رايونىنىڭ بىخەتەرلىكىگە پايدىسىز تەسىر پەيدا قىلىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەت بۇ رايوندا دۇچ كېلىدىغان خىرىس ئېھتىمال يېقىنقى يىللاردىكى سابىق يوگوسلاۋىيەدە يۈز بەرگەن كىرزىستىن تېخىمۇ ئېغىر بولىشى مۇمكىن.

بۇ مۇقىمسىز رايون دۇچ كەلگەن يەنە بىر مەسىلە بولسا ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى (Islamic fundamentalism)ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا خىرىس قىلىشى مۇمكىن. ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى ئامېرىكىچە تۇرمۇش شەكلىگە قارىتا دىنىي ئۆچمەنلىك قوزغىتىش ۋە ئەرەب-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم غەربپەرەس ئوتتۇرا شەرق ھۆكۈمەتلىرىنى ئامالىنىڭ بارىچە ئاجىزلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ رايونلۇق مەنپەئەتى، بولۇپمۇ پارس قولتۇقى رايونىدىكى مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. لېكىن سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاق بولغاچقا ھەم ھەقىقىي كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتى بولمىغاچقا، ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرىدىن كەلگەن خىرىسنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي يادروسى كەمچىل، شۇڭا زوراۋانلىق ھەركەتلىرىنى كېڭەيتىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىشى مۇمكىن.

جۇڭگونىڭ چوڭ دۆلەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈشى ئىنتايىن مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش دېموكراتىيىلىشىش ۋە ئەركىن بازارلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولىۋاتقان جۇڭگونى ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق رامكىسىغا كىرگۈزۈشتۇر. ئەگەر جۇڭگو دېموكراتىيىلىشىش يولىدا ماڭماي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى داۋاملىق زورايسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىنىڭ قانداق ئۈمىدتە، قانداق غەرەزدە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، «بۈيۈك جۇڭگو» بارلىققا كېلىۋاتقان بولىشى مۇمكىن. بارلىققا كېلىشىگە بولغان توسقۇنلۇق جۇڭگو بىلەن كەسكىن توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. بۇ توقۇنۇش ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئېراقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىغا ئەگىشىپ جۇڭگونى چەكلەشنى خالاش خالىماسلىقىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ توقۇنۇش توكيونىڭ ياپونىيەنىڭ رايونلۇق رولىغا بولغان قارارىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشى مۇمكىن، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ ئېراق شەرقىدىكى مەۋجۇتلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن.

لېكىن جۇڭگوغا يول قويۇشتا بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگونىڭ رايونلۇق چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىر شوئارنى قوللىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. مۇنداق رايوننىڭ ھەل قىلغۇچ ئورنىنىڭ چوقۇم ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى بولىشى كېرەك.مۇنداقچە ئېيتقاندا، مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا جۇڭگونى دۇنياۋى ئىشلارغا

قاتناشتۇرۇش سىياستىنىڭ بىر قىسمى بولغان جۇڭگونىڭ كەڭرى كۈچ تەسىر دائىرىسى بولۇشىغا ئامېرىكا ماقۇل بولۇشى كېرەك، بۇ تەسىر دائىرە قەيەردە؟ بىر خىل يول قويۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن، نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ سىياسىي تەسىر دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ھەر قايسى جايلارنى بېشىدىن قەد كۆتۈرۈۋاتقان جۇڭگونىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزمىسە بولمامدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كورىيەدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ئەگەر ئامېرىكا جەنۇبىي كورىيەدىن چېكىنىپ چىقسا، ئامېرىكا-ياپونىيە مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرىشىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. چۈنكى ياپونىيە كەلگۈسىدە ھەربىي جەھەتتە مۇستەقىل بولمىسا بولمايدۇ. لېكىن جەنۇب شىمال كورىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىكى ھەر قانداق ئىلگىرلەش ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىي كورىيەدە داۋاملىق ئەسكەر تۇرغۇزۇش ئاساسىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىدۇ. بىرلىككە كەلگەن كورىيە ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ھەربىي مۇھاپىزىتىنى كېرەك قىلماسلىقى مۇمكىن، جۇڭگو ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ، بېرىم ئارالنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. يىغىنچاقلىغاندا، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئامېرىكا-ياپونىيە-كورىيە ئۈچ بۇرجەك بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، كەلگۈسىدىكى سىياسىي ئىتتىپاقلاردا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلە مۇناسىۋەتلىك بابلاردا تېخىمۇ تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئۆتمۈشتە، خەلقئارالىق ئىشلاردىكى يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلەش ئاساسلىقى دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يېتەكچىلىك ئورۇننى تالىشى ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن ئامېرىكىنى قوغلاپ چىقىرىش غەرىزىدە بولىۋاتقان رايونلۇق ئىتتىپاققا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلمىسا بولمايدۇ. مۇنداق ئۇرۇنۇش ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغا تەھدىت سالىدۇ. ئامېرىكىغا خىرىس قىلىدىغان ئىتتىپاقنىڭ بارلىققا كېلىش كەلمەسلىكى ئەمەلىيەتتە ئاساسلىقى ئامېرىكا بۇ يەردە دىپلوماتىيەدىن ئېغىر مۇشكۇلاتلارنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش قىلالماسلىقىغا باغلىق.

ئەڭ چوڭ يوشۇرۇن تەھدىت بولسا جۇڭگو بىلەن روسىيە ئېھتىمال ئىرانمۇ بىرلىشىپ چوڭ ئىتتىپاق قۇرۇشىدۇر. مۇنداق «زومىگەرلىككە قارشى» ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ سەۋەبى ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۆز ئارا بىرلەشكەن نارازىلىقتۇر. گەرچە بۇ قېتىمقى ئاتامان جۇڭگو، ئەگەشكۈچىسى روسىيە بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىتتىپاقنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى جەھەتتە جۇڭگو -سوۋېت گۇرۇھى پەيدا قىلغان خىرىس بىلەن ئوخشاشلىق

تەرىپى بار. گەرچە مۇنداق كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن يۈز بېرىشنى توساش ئۈچۈن،ئامېرىكا چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي، شەرقى ۋە جەنۇبى قىسمىدا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك ۋاستىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشقا سېلىشى كېرەك.

جۇڭگو-ياپونىيە ئوق مەركىزى ئېھتىمال جۇغراپىيىلىك جەھەتتە نىسبەتەن چەكلىك، ئەمما يوشۇرۇن خەۋپى چوڭقۇر بولغان خىرىس پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئوق مەركەز ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويغاندا ۋە ياپونىيەنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. بۇ ئىتتىپاق غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بولغان ئىككى مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە مەلۇم شەكىلدىكى «ئاسىيائىزم» نى بىرلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇشتىكى تەلىمات قىلىشى مۇمكىن. ئىككى دۆلەتنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى كۆزدە تۇتقاندا، جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئىتتىپاق تۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. يىراقنى كۆرەر ئامېرىكا سىياستى مۇنداق ئىتتىپاقنىڭ شەكىللىنىشنى جەزمەن توسيالايدۇ.

يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق كىچىك، ئەمما پۈتۈنلەي چەتكە قاققىلى بولمايدىغان ئەھۋال بولۇپ،بۈيۈك ياۋروپانىڭ بارلىققا كېلىشىدۇر، گېرمانىيە-روسىيە ئىتتىپاقى ياكى فرانسىيە-روسىيە ئىتتىپاقى بولسۇن، بۇ ئىككى ئىتتىپاقنىڭ ئېنىق تارىخي ماتىرىياللىرى بار. ئەگەر ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى توختىسا ياكى ياۋروپا-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، يۇقىرى ئىككى خىل ئىتتىپاقنىڭ ھەرقانداق بىرى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ياۋروپا-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، ياۋروپا ۋە روسىيەنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئامېرىكىنى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن قوغلىۋېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. نۆۋەتتە، ھەر خىل ئىتتىپاقلارنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ ئىتتىپاقلار پەقەت ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا سىياستىدە ئېغىر خاتالىق يۈز بەرگەندە ۋە ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر نىشانىنى جىددىي ئۆزگەرتكەن ئەھۋالدا ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ.

كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنى پاراكەندىچىلىككە، ھېچ بولمىغاندا كىچىك كۆلەمدىكى زوراۋانلىق ھەركەتلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ دەپ قارىشىمىزنىڭ ئاساسى بار. ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنى يېڭى خىرىس ئالدىدا ئاجىزلىششى مۇمكىن. بۇ خىرىس رايونلۇق رىقابەتچىسىدىن كېلىشى مۇمكىن ياكى يېڭى ئىتتىپاقلاردىن كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنى ئۇزۇن مەزگىللىك جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ماسلاشتۇرۇلغان ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمنى ئاساس قىلىشى كېرەك، كېيىنكىسى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى كۆپ تەرەپلىك

رامكىنى بىرلەشتۈرۈشى مۇمكىن. پەقەت ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنى مەۋجۇت بولغان، نۆۋەتتىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلىگەن، بىر خىل «ئاشكارا ئۇرۇش تەھدىتى بولمىغان»،ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى سىستېمىسى بولغان جايلا ئاندىن مۇقىملىققا ئېرىشەلەيدۇ.

①'Samuel P. Huntington. "Why International Primacy Matters," International
Security (Spring 1993):83

ساموئېل خانتىڭتون: خەلقئارالىق ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ (خەلقئارا بىخەتەرلىك،1993-يىلى باھار پەسىللىك سانى،83-بەت(

②2Roy Den man, Missed Chances (London: Cassell, 1996).'

روي دېمان:«كېتىپ قالغان پۇرسەت» (لوندون،كاسېل نەشرىياتى،1996-يىل(

③In Robert Skidelsky's contribution on "Great Britain and the New Europe,"in From the Atlantic to the Urals, ed. David P. Calleo and Philip H. Gordon
(Arlington, Va.: 1992), p. 145

روبېرت سكېدىلسكي:«بۈيۈك بېرىتانىيە ۋە يېڭى ياۋروپا» « ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۇرال تاغلىرىغىچە » داۋىد پ كالوۋ ۋە فىلىپ H گاردون


④A. Bogaturov and V. Kremenyuk (both senior scholars in the Institute ofthe United States and Canada), in "Current Relations and Prospects for Interaction Between Russia and the United States," Nezauisimaya Gazeta, June
28 ،1996

Aبوگاتۇروۋ ۋە ۋ كرېمېنيۇك (ئىككىلىسىلا ئامېرىكا ۋە كاناداد تەتقىقات ئورگىنىدىكى تەتقىقاتچى)، روسىيە ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ كەلگۈسى
)مۇستەقىللىق گېزىتى)،1996-يىلى6-ئاينىڭ28-كۈنى

## ئۈچىنچى باب:دېموكراتىيە قاراۋۇلخانىسى

ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقدىشى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى ۋە ئاساسەن ئوخشايدىغان دىنىي ئەنئەنىسى بار، ئوخشاش دېموكراتىك سىياسەت

يۇرگۈزىدۇ ھەم كۆپ قىسىم ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەسلى يۇرتى. ياۋروپا بىر گەۋدىلىشىش ئارقىلىق مىللىي دۆلەتلەرگە باشلامچى بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان ئورتاق ئىقتىسادىي ئىتتىپاق قۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرى سىياسىي ئىتتىپاققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياۋروپا ئىتتىپاقى مىللەتچىلىك دەۋرىدىكى تار نۇقتىئىنەزەر ۋە بۆزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ھېسسىياتتىن ھالقىپ، دۆلەت يوقالغاندىن كېيىن قۇرۇلىدىغان تېخىمۇ چوڭ تەشكىلىي شەكىلگە يول كۆرسىتىپ بەردى. ياۋروپا بۈگۈنكى دۇنيادىكى تەشكىلىي جەھەتتە كۆپ قىرلىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى رايون. (3-1.رەسىم).سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە




كېلىشنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشى، ياۋروپادا دېموكراتىيە چوققىسىنىڭ ئاستىدا، ئامېرىكا بىلەن ئوخشاش تۈرمۈش سەۋىيىسىدىن بەھرىمان بولۇۋاتقان تەخمىنەن 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە يەككە گەۋدىنى بەرپا قىلدى. مۇنداق ھالەتتىكى ياۋروپا مۇقەررەر ھالدا يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ياۋروپا دېموكراتىيىنى ياۋروئاسىيا قۇرۇلۇقىنىڭ مەركىزىي قىسمىغىچە كېڭەيتتى. ياۋروپانىڭ شەرققە كېڭىيىشى 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى دېموكراتىيىنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىدى. ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە شەرققە كېڭىيىشى ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت دائىرىسى بىلەن ئاساسەن

ئوخشاش. بۇ دائىرە «پېتىرنىڭ ياۋروپاسى (the Petrine Europe)» دېيىلىدۇ. تېررىتورىيىسى خرىستىئان دىنىنىڭ غەربىي مەزھىپى (Western-rite) بولغان ياۋروپانىڭ قەدىمى ۋە ئورتاق دىنىي ئەنئەنىسىنى مەنبە قىلىدۇ. مۇنداق ھالەتتىكى ياۋروپا مىللەتچىلىك دەۋرىدىن ئىلگىرى بىر مەزگىل مەۋجۇت بولغان، ياۋروپا پارچىلىنىپ ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئايرىپ-ئايرىم ئىككى قىسمىنى كونترول قىلىشتىن ئىلگىرى، ناھايىتى ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. مۇنداق زور ھالەتتىكى ياۋروپا شەرقىي قىسمىدىكى دۆلەتلەرنى قاتتىق جەلپ قىلىدۇ، ئۇكرائىنا، بلوروسىيە ۋە روسىيە بىلەن مۇناسىۋەت تورى قۇرۇپ، بۇ ئۈچ دۆلەتنى بارغانسېرى تىزگىنلەش كۈچىگە ئىگە بولىۋاتقان ھەمكارلىققا قاتناشتۇرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئورتاق دېموكراتىك پرىنسىپقا ئىشەندۈرىدۇ. ياۋروپا ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا تەشەببۇس قىلىۋاتقان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى بىخەتەرلىك رامكىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ تىرىكىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.
بىراق ياۋروپا ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان جۇغراپىيىلىك سىياسىي قاراۋۇلخانىسى. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادا غايەت زور جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى بار.ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ئوخشىمايدىغىنى، ئاتلانتىك ئىتتىپاق ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنى بىۋاستە تىكلىدى. ئامېرىكا-ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچىدا، ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك ھىمايىسىگە زور دەرىجىدە تايىنىدۇ، ياۋروپانىڭ ھەرقانداق بىر كېڭىيىشى تەبىئىي رەۋىشتە ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ئاتلانتىك ئوكياندىن ھالقىغان يېقىن مۇناسىۋەت بولمىسا، ئامېرىكا ياۋروئاسىيادىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىدىن تېزلا ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيانغا بولغان كونتروللىقى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەسىرى ۋە كۈچلىرىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىقتىدارى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن بۇ يەردىكى مەسىلە، مۇنداق ھەقىقىي تۈردىكى ياۋروپالىقلارنىڭ «ياۋروپا» سى تېخى مەۋجۇت ئەمەس.ب ۋ پەقەت بىر غايە، ئۇقۇم ۋە نىشان بولۇپ، تېخى رېئاللىققا ئايلانمىدى. غەربىي ياۋروپا بىر ئورتاق بازار، لېكىن يەككە سىياسىي گەۋدە ئەمەس. سىياسىي ياۋروپا تېخى بارلىققا كەلمىدى. ئەگەر يەنە ئالىلىقانداق ئىسپات لازىم بولسا، ئۇنداقتا بوسنىيە كىرزىسى ياۋروپانىڭ تېخى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئازاب بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. رەھىمسىز رېئاللىق شۇكى، غەربىي ياۋروپا چوڭ جەھەتتە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ھىمايىسىدىكى جاي. ئوتتۇرا ياۋروپامۇ بارغانسېرى شۇنداق بولماقتا. ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىتتىپاقداشلىرى كىشىگە قەدىمقى دەۋرلەردىكى ۋاسسال بەگلىكلەر ۋە بېقىندى دۆلەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. بۇ مەيلى ئامېرىكىغا ياكى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن بولسۇن ياخشى ئىش

بولىشى ناتايىن.

تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ياۋروپانىڭ ئىچكى هاياتىي كۈچى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىمەكتە. هازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىقتىساد سىستېمىسىنىڭ قانۇنلۇقلىقى، ھەتتا ئەمدى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ياۋروپالىق سالاھىيەت تۇيغۇسى ناھايىتى ئاجىز. بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ئىشەنچ كرىزىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى، يېڭىلىق يارىتىش يېتەكچىلىكىنىڭ قالمىغانلىقى ھەمدە يەر شارىدىكى بىرقىسىم چوڭ مەسىلىلەردە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشى ۋە بىتەرەپ تۇرۇشتەك پوزىتسىيەدە بولىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار ياۋروپانىڭ ئاساسلىق چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشىنى خالىمىدۇ يوق ھەمدە ئۇلار بۇ نىشان ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتامدۇق يوق تېخى ئېنىق ئەمەس. ياۋروپادا نۆۋەتتىكى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتكەن ئامېرىكىغا قارشى قالدۇق كەيپىياتمۇ سەل پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتىدۇ. ياۋروپالىقلار ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكىگە ئاغرىنسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا «زومىگەرلىكى» نىڭ ئۆزلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىشىنى خالايدۇ.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقتا بولغان دەرد-ئەلەمى، ئىقتىسادنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە بولغان ئۈمىدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پەيدا قىلغان خەۋپسىزلىك تۇيغۇسى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش سىياسىي ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئۈچ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. لېكىن 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇ ئۈچ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ غايىپ بولدى. ئىقتىسادنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. يەنە مەسىلە بار دېيىلگەندىمۇ، ياۋروپا دۇچ كېلىدىغان مەسىلە: يۇقىرى زىيادە ئېغىر بولغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى ئىقتىسادىي هاياتىي كۈچىنى سەرپ قىلىۋەتتى، ئالاھىدە مەنپەئەتلىك گۇرۇھلارنىڭ ئىسلاھاتنى قاتتىق بايقۇت قىلىشى ياۋروپانىڭ سىياسىي دىققەت نەزىرىنى ئۆز ئىچكى قىسمىغا بۇرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتى ئاخىرلاشتى، لېكىن بىر قىسىم ياۋروپالىقلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسى،ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنالمىدى.

ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش ئىشلىرى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور مېخانىزم پەيدا قىلغان بيوكرات ئورگاننىڭ تىرەپ تۇرىشىغا بارغانسېرى تايانماقتا. بىر گەۋدىلىشىش ئىدىيىسى گەرچە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، قىزغىنلىق ۋە بۇرچ كەم بولغانلىقتىن،ب ۇ قوللاش سۇسلاشقا يۈزلەندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈنكى غەربىي ياۋروپا كىشىلەرگە چاتىقى تولا، چېچىلاڭغۇ، گەرچە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ساقلانغان، بىردەك يىراقنى كۆرەرلىك يوقتەك تەسرات بەردى.

ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى بارغانسېرى بىر نىشان ئەمەس بەلكى بىر مۇساپىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ،ياۋروپادىكى ئىككى چوڭ ئاساسلىق دۆلەت فرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ سىياسىي سەر خىللىرى ياۋروپانى ئاساسىي جەھەتتىن ھەقىقىي ياۋروپاغا ئايلاندۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بەردى. شۇڭا ئۇلار ياۋروپانىڭ ئاساسلىق لاھىيىلىگۈچىلىرى. ئەگەر ئۇلار بىر نىيەتكە كەلسە ياۋروپانىڭ تارىخىغا مۇناسىپ ۋە يوشۇرۇن كۈچى بار ياۋروپا قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ياۋروپانىڭ قۇرۇلۇشىغا بولغان قارىشى ۋە مۇددىئاسى ئوخشىمايلا قالماستىن، ئىككىلا دۆلەتنىڭ نىشانىنى ئۆز ئالدىغا ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچلۈك تەشەببۇسى يوق.

مۇنداق ئەھۋال ئامېرىكىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئارىلىشىشىغا ئۇبدان پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنى قوغداش نامىدا ئارىلىشىشىنى زۆرۈرلۈككە ئىگە قىلدى، چۈنكى مۇنداق قىلمىسا ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى توختاپ قالىدۇ، ھەتتا بارا-بارا بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ. لېكىن ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ قۇرۇلىشىغا بولغان ھەرقانداق ئۈنۈملۈك قاتنىشىشى تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىدە ئېنىق ئىدىيەنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك. بىرىنچى، ئامېرىكا كۆرۈشنى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدىغىنى قانداق ياۋروپا، باراۋەر شېرىك ياكى كىچىك ئىتتىپاقدىشىمۇ؛ ئىككىنچى، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئەڭ ئاخىرقى دائىرىسى قانچىلىك چوڭلۇقتا بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا يەنە چوقۇم ياۋروپادىكى ئىككى ئاساسلىق لاھىيىلىگۈچى (فرانسىيە ۋە گېرمانىيە) بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

## سەلتەنەت ۋە ھۆرلۈك

فرانسىيە ياۋروپانىڭ قايتا تىرىلىشىنى ئۇمۇد قىلىدۇ، گېرمانىيە ياۋروپا ئارقىلىق ھۆرلۈككە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.بۇ ئوخشىمىغان ئىككى مۇددىئا فرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ياۋروپاغا قارىتا ئوخشىمىغان لاھىيىسىنىڭ چوڭقۇر سەۋەبلىرىنى سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

فرانسىيەگە نىسبەتەن،ياۋروپا بولسا فرانسىيەنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ شان شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ۋاستە. فرانسىيەنىڭ كەسكىن خەلقئارالىق مەسىلىلەر مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىلا، ياۋروپانىڭ دۇنياۋى ئىشلاردىكى مەركىزىي ئورنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلىشقان ئىدى. نەچچە ئون يىللىق سوغاق ئۇرۇشتا، بۇ ئەندىشە «ئانگلو-ساكسونلار» نىڭ غەربنى ئىدارە قىلىشىغا بولغان نارازىلىقىغا ئۆزگەردى، بۇنىڭغا ئالاقىدار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ «ئامېرىكىلىشىش» قا بولغان مەنستىمەسلىكنى دەپ ئۇلتۇرمساقمۇ بولىدۇ. چارلېس دېگول ئېيتقان «ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۇرال تاغ تىزمىلىرى» غىچە


بولغان ھەقىقىي ياۋروپا بەرپا قىلىشنىڭ مەقسىتى دەپ موشۇ پاسسىپ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئىدى. مۇنداق ھالدىكى ياۋروپاغا فرانسىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولغاچقا، فرانسىيەنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان-شەرىپىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيتتى.
گېرمانىيەگە نىسبەتەن ياۋروپانىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىش گېرمان مىللىتىنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسى، ئامېرىكا بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋەت ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا گېرمانىيە ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىدىغان ھەمدە ئامېرىكىدىن مۇستەقىل ياۋروپانى تاللاش ئاقىلانىلىك ئەمەس، دەپ قارايدۇ. گېرمانىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆرلۈك+بىخەتەرلىك=ياۋروپا+ئامېرىكا. بۇ تەڭلىك گېرمانىيەنىڭ مەيدانى ۋە سىياسىتىنى بەلگىلىدى ھەم گېرمانىيەنى ياۋروپانىڭ ھەقىقىي ياخشى پۇقراسىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى يارامىلىق قوللىغۇچىسى بولۇپ قالدى.
گېرمانىيە بۇ فورمۇلانىڭ ياۋروپاغا بولغان سەممىي ۋەدىسىنى ئۆزىنىڭ تارىخىنى پاكىزلاش ھەمدە ئەخلاق ۋە سىياسىي ئابرويىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەپ قارايدۇ. گېرمانىيە ياۋروپا ئارقىلىق ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ ھەمدە بۇرۇنقى ھەيۋىسىنى قايتىدىن تىكلەيدۇ. ياۋروپانىڭ گېرمانىيەگە بولغان نەپرىتى ۋە ئەندىشىسىنى قوزغاپ قويمىغان ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ بۈرچىنى تاماملايدۇ. مۇبادا گېرمانلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، باشقا ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن يېتىم قالدۇرۇلۇش خەۋپىگە تەۋەككۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر گېرمانلار كۈچىنىڭ بارىچە ياۋروپانىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرسە،ياۋروپانىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.
سوغاق ئۇرۇشتا ئالاقىدار ئاساسلىق مەسىلىلەردە، فرانسىيە ساداقەتمەن، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ۋە قەتئىيلىكى بار يولداش. ھەرقېتىملىق ھالقىلىق پەيتلەردە، فرانسىيە ھەمىشە ئامېرىكا بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىدۇ. بېرلىننى ئىككى قېتىم قامال قىلىشتا بولسۇن ياكى كۇبا باشقۇرىلىدىغان بومبا كىرىزىسى ۋاقتىدا بولسۇن فرانسىيە ھەرگىز تەۋرەنمىدى. لېكىن فرانسىيە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل سىياسىي خاراكتېرىنى ئىپادىلەشنى ھەم فرانسىيەنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ھەركەت ئەركىنلىكىنى قوغداشنى ئۈمۈد قىلىدۇ. بولۇپمۇ فرانسىيەنىڭ يەرشارىۋى ئورنىغا ۋە ياۋروپانىڭ كەلگۈسى مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان ھەركەت ئەركىنلىكىدە شۇنداق، بۇ ھەم فرانسىيەنىڭ ش ئا ئە ت نى قوللىشىنى ئاجىزلاتتى.
فرانسىيەنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى يەنىلا فرانسىيە يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت دەيدىغان ئىدىيىنى دارۋاڭ قىلىپ يۈرۈيدۇ. بۇ بىر ئاز بىمەنىلىك. 1995-يىلى 5-ئايدا، باش مىنىستىر ئالېيىن جۇپى (Alain Juppe) فرانسىيە پارلامېنت يىغىنىدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك باش مىنىستىرنىڭ ئىدىيىسىنى قايتا تەكتلىدى ھەمدە:«فرانسىيە چوقۇم

ئۆزىنىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇشتەك قىسمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ» دەپ جاكارلىدى. پارلامېنت زالىدا دەرھال ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. فرانسىيە ئۆزىنىڭ يادرو تەھدىت كۈچىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، موشۇنداق قىلغاندا ھەركەت ئەركىنلىكىنى زورايتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامېرىكا شەرق ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل بىخەتەرلىكىگە ئائىت ھايات-ماماتلىق قارار بەلگىلىگەندە، ئامېرىكىغا بېسىم ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. فرانسىيەنىڭ ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش غەرىزىدە بولىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، چۈنكى ئەڭ توغرا نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، فرانسىيەنىڭ يادرو تەھدىت كۈچى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇش قوزغاش ئىقتىدارىغا ناھايىتى چەكلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. پارژ ئەكسىچە ئۆزىدە يادرو قورالى بولسا سوغاق ئۇرۇشتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ۋە ئەڭ خەتەرلىك قارار چىقارغاندا بەلگىلىك رول ئوينىيالايمىز، دەپ قارايدۇ.
فرانسىيە يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك تەشەببۇسىنى كۈچەيتىپلا قالماي، يەنە پۈتۈن دۇنيا ھۆرمەت قىلمىسا بولمايدىغان سۆز قىلىش ھوقوقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ فرانسىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭەشىدىكى رەت قىلىش ھوقۇقى بار بەش دۆلەتنىڭ بىرى بولۇش ئورنىنى كۈچەيتتى. بۇ بەش ئەزا يادرو چوڭ دۆلەتلىرىدۇر. فرانسىيەنىڭ قارىشىچە، ئەنگلىيەنىڭ يادرو تەھدىت كۈچى پەقەتلا ئامېرىكا يادرو كۈچىنىڭ كېڭەيگەن قىسمىدۇر. چۈنكى ئەنگلىيە ئامېرىكا-ئەنگلىيە ئالاھىدە مۇناسىۋىتىگە بولغان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە مۇستەقىل ياۋروپا قۇرۇش تىرىشچانلىقىدا ھەمىشە ھوقوقىدىن ۋاز كەچتى (فرانسىيەنىڭ يادرو كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى زور دەرىجىدە ئامېرىكىنىڭ يوشۇرۇن قوللىشىنىڭ پايدىسىنى كۆردى، لېكىن فرانسىيەلىكلەر بۇ فرانسىيەنىڭ ئىستراتېگىيلىك پىلانىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمىدى دەپ قارايدۇ). فرانسىيەنىڭ نەزىرىدە، فرانسىيەنىڭ يادرو تەھدىت كۈچى يەنە ياۋروپادىكى ئاساسلىق چوڭ دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك رەھبەرلىك ئورنىنى كۈچەيتتى ھەمدە فرانسىيە مۇنداق ئورۇنغا ئىگە بىردىنبىر ھەقىقىي ياۋروپا دۆلىتى.
فرانسىيەنىڭ يەرشارىۋى غايىسىمۇ كۆپ قىسىم فرانسۇز تىلى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە، كۈچىنىڭ بارىچە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ئالاھىدە رولىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدىغانلىقىنى قەتئىيلىك بىلەن ئىپادىلەپ بەردى. گەرچە فرانسىيە ئۇزۇن مەزگىل ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ۋېيتنام ۋە ئالجىرىيەنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، فرانسىيە ئىمپىرىيىسى تەۋەسىدىكى تېخىمۇ كەڭ زېمىنلاردىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، گەرچە ھازىرقى ھالەتتە فرانسىيە ئىمپىرىيەدىن كېيىنكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ياۋروپا دۆلىتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى بۇرچ ھەمدە تىنچ ئوكيانغا تارقالغان بىر

قىسىم ئاراللارنى (بۇ ئاراللار فرانسىيەگە غۇلغۇلا قوزغىغان يادرو تەجرىبىسى قىلىشقا مەيدان ھازىرلاپ بەردى) داۋاملىق كونترول قىلىپ تۇرۇشتەك ھەقىقەت، فرانسىيەنىڭ سەرخىللىردا فرانسىيە ھەقىقەتەن يەرشارىۋى رولىنى جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلتۈردى.

يۇقىرى ئامىللار سەۋەبلىك فرانسىيە ياۋروپانىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا ۋارىس بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە ئاللىقاچان ئىككىنچى ئورۇندىكى ھەمدە ئاساسىي جەھەتتىن ئامېرىكىغا تايىنىدىغان كۆچكە ئايلاندى. گېرمانىيە سوغاق ئۇرۇش مەزگىلىدە بۆلۈنمە ھالەتتە ھەم 20-ئەسىردىكى تارىخنىڭ ئاۋارىچىلىقىدا تۇرۇپ كەلدى.موشۇنداق ئەھۋالدا،فرانسىيە ياۋروپا ئۇقۇمىنى دەستەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋروپا ئۇقۇمىنىڭ ۋەكىلى دەپ داۋراڭ قىلدى. ياۋروپا ئىدىيىسىنى فرانسىيەنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بىردەك دەۋالدى. فرانسىيەدىن ئىبارەت ئەڭ بالدۇر ئىگىلىك ھوقۇقلۇق مىللىي دۆلەت ئۇقۇمىنى ھەمدە مىللەتچىلىكنى ئامىنىڭ ئېتىقادىغا ئايلاندۇرغان دۆلەت، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزىنى مۇستەقىل ۋە بىرلىككە كەلگەن ياۋروپانىڭ نامايەندىسى دەپ قارىدى. فرانسىيە ئۆزىنى موشۇنداق قارىغاندىكى قىزغىنلىقى بىلەن ئەينى يىلى «ۋەتەن» گە بولغان قىزغىنلىقى ئوخشاش ئىدى. فرانسىيە رەھبەرلىكىدىكى ياۋروپا سەلتەنەتى ۋە فرانسىيە سەلتەنەتىگە ئايلاندى.

مۇنداق چوڭقۇر تارىخىي مەسئولىيەت پەيدا قىلغان ھەمدە ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئېتىخارلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق كۈچەيگەن بۇرچ مۇھىم سىياسىي مەنىگە ئىگە.فرانسىيە چوقۇم ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدىكى ئاساسلىق جۇغراپىيىلىك سىياسىي رايوننى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا فرانسىيەدىن كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا ئايلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.خەرىتىدىكى بۇرايونغا يېرىم چەمبەر سىزغىلى بولىدۇ. بۇ يېرىم چەمبەر ئېبىرىيە يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شىمالىي قىرغىقى ھەمدە گېرمانىيەدىن ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپاغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(3-1رەسىم).بۇ رايون




فرانسىيەنىڭ بىخەتەرلىك ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىسىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى بولۇپلا قالماي، فرانسىيەنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىدىكى ئەڭ مۇھىم رايون. پەقەت جەنۇبىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە گېرمانىيەنىڭ قوللىشى ئاستىدا ، فرانسىيە باشچىلىقىدىكى بىرلىككە كەلگەن مۇستەقىل ياۋروپا قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن ناھايىتى ئېنىقكى، فرانسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئورنىتىسى ئىچىدە، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان گېرمانىيە كەلگۈسىدە فرانسىيەنىڭ تاقابىل تۇرىشى تەسكە توختايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ.

فرانسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، فرانسىيە رەھبەرلىكىدە ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا قۇرۇلۇقىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنى بارا-بارا تۆۋەنلىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، مۇستەقىل بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا قۇرۇش نىشانىنى

ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر فرانسىيە ياۋروپانىڭ كەلگۈسىنى بەرپا قىلماقچى بولسا، چوقۇم گېرمانىيەنى قاتناشتۇرۇشى ۋە بوغۇپ تۇرۇشنى كۆچەيتىشى، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئىشلىرىغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىكىنى پەندىنپەي تارتىۋېلىشى كېرەك. لېكىن بۇ فرانسىيەنى قوش سىياسىي مۈشكۈلاتقا دۇچار قىلىدۇ: بىرى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى مەۋجۇتلىقىنى قانداق قىلىپ ئاجىزلىتىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپاغا بەرگەن بىخەتەرلىك ۋەدىسىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ بۇ ۋەدىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. يەنە بىرى، گېرمانىيەنىڭ ياۋروپاغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، فرانسىيە-گېرمانىيە شېرىكلىك مۇناسىۋىتىنى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى، سىياسىي ئىقتىسادنىڭ بىرلىشىشىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەگەر فرانسىيە ئىسمى جىسمىغا لايىق يەرشارى چوڭ دۆلەت بولسا، بۇ مۈشكۈلاتلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشى ھەمدە ئاساسلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى تەسكە توختايدۇ. ياۋروپادا گېرمانىيەدىن باشقا ھەرقانداق بىر دۆلەت فرانسىيەدەك غايىگە كېلىپ باققان ئەمەس. ھەم ئوخشاش بۈرچ تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچراپ باققان ئەمەس. گېرمانىيە قايمۇقۇپ قېلىپ، بىرگەۋدىلەشكەن ئەمما ئامېرىكىدىن مۇستەسنا ياۋروپادا فرانسىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت گېرمانىيە فرانسىيەنى ھەقىقەتەن يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت ھەمدە ئامېرىكىغا ئوخشاش ياۋروپاغا گېرمانىيەنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان بىخەتەرلىك بىلەن تەمىنى ئېتەلەيدۇ، دەپ قارىغاندا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ. لېكىن گېرمانىيە فرانسىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. فرانسىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە گېرمانىيەدىن كۆپ ئاجىز، ھەربىي كۈچىمۇ يېتەرلىك ئەمەس (مەسىلەن1991-يىلى پارس قولتۇقىدىكى ئېپادىسى). فرانسىيەنىڭ ھەربىي كۈچى ئافرىقىكى ئۇششاق دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى تىنجىتىشقا يېتىدۇ، ياۋروپادىن يىراق جايلاردا زور كۆلەمدىكى ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. فرانسىيە دەل ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ياۋروپا دۆلىتى. شۇڭا ياۋروپا قۇرۇش ئۈچۈن، گېرمانىيە فرانسىيەنىڭ زورىيىشىغا يول قويۇشنى خالايدۇ.لېكىن ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي قوغداش ئۈچۈن، گېرمانىيە فرانسىيەنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا گېرمانىيە ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. فرانسىيەنىڭ ئابرويى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى ئازاپلىق رېئاللىق، گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئازاب تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، فرانسىيە-گېرمانىيەنىڭ يارىشىشى فرانسىيە گېرمانىيەنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچىگە تايىنىپ، خاتىرجەم ھالدا سىياسىي رەھبەرلىكتىن بەھرىمان بولۇشتا

ئىپادىلىگەن ئىدى. مۇنداق قاراش ئەمەلىيەتتە ئىككىلا تەرەپكە ماس كېلەتتى.چۈنكى بۇ بىر تەرەپتىن ياۋروپا ئەنئەنىسىدىكى گېرمانىيەدىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى يېنىكلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن فرانسىيە رەھبەرلىكىدىكى ياۋروپا قۇرۇشتا ئىقتىسادىي جەھەتتە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان غەربىي گېرمانىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىششى، فرانسىيەنىڭ ئويىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتتى ۋە قانائەتلەندۇردى.
گەرچە فرانسىيە-گېرمانىيەنىڭ يارىششىغا قارىتا بەزى خاتا تۇيغۇلار بولسىمۇ، بۇ يارىشىش ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا يەنىلا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يارىشىش ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىششىدىكى مۇشكۈل مۇساپىسىدە ھازىرغا قەدەر قولغا كەلتۈرگەن بارلىق ئىلگىرلەشلەرگە ھەل قىلغۇچ ئاساس يارىتىپ بەردى. شۇڭا بۇ يارىشىش بىلەن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى پۈتۈنلەي بىردەك، ئامېرىكىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ياۋروپانىڭ دۆلەت ھالقىغان ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەدىسى بىلەنمۇ ماس كېلىدۇ. فرانسىيە-گېرمانىيە ھەمكارلىقىنىڭ مەغلۇپ بولىشى ياۋروپاغا نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىغىمۇ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.
ئامېرىكىنىڭ ئۈن-تۈنسىز قوللىشى، فرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇكەممەللىككە ئايلاندۇردى. گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى فرانسىيەنىڭ چەكلەش كۈچى بولغان ياۋروپا رامكىسى ئىچىدە گېرمانىيەنى بوغۇپ تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالدى. شۇڭا فرانسىيە پرېزىدېنتى ۋە گېرمانىيە باش مىنىستىرى 1990-12-ئاينىڭ 6-كۈنى ياۋروپا فېدراتسىيىسى نىشانىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بارىچە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىشتى. 10كۈندىن كېيىن، رىمدا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا سىياسىي ئىتتىپاقىنى مۇزاكىرە قىلىش ھۆكۈمەتلەر ئارا يىغىنىدا، گەرچە ئەنگلىيە مەيدانىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى 12 دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرىگە سىياسىي ئىتتىپاق كېلىشىمى تۈزۈپ چىقىش ۋەزىپىسى بېرىلدى.
ئەمما گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى ياۋروپا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى جىددىي ئۆزگەرتتى. بۇ روسىيە ئۈچۈن بولسۇن ياكى فرانسىيە ئۈچۈن بولسۇن جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى مەغلۇبىيەت ئىدى. بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ئەمدى فرانسىيەنىڭ كىچىك سىياسىي شېرىكى ئەمەس، تەبىئىي رەۋىشتە، غەربىي ياۋروپادىكى قىل سىغمايدىغان ھەممىدىن مۇھىم چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى، ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى، چۈنكى گېرمانىيە مۇھىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ قالدى. يېڭى رېئاللىق فرانسىيە-گېرمانىيەنى ئەمدى فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە قارىتا گۈزەل خىياللارنى سۈرەلمەس قىلىپ قويدى. چۈنكى گېرمانىيە ھازىر ئۆزىنىڭ ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە

بولغان تەسەۋۋۇرىغا قارىتا چۈشەنچە بېرىشنى خالايدىغان ھەمدە ئاشكارا ئىلگىرى سۈرىدىغان بولدى. گەرچە گېرمانىيە يەنىلا فرانسىيەنىڭ شېرىكى بولسىمۇ، لېكىن فرانسىيەنىڭ قوغداش ئوبيېكتى ئەمەس.
فرانسىيەنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى سىياستىگە بىر قىسىم تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. فرانسىيە ش ئا ئە ت نىڭ ئىچىدە تېخىمۇ چوڭ تەسىرگە ئېرىشمىسە بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ كونتروللۇقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيە ش ئا ئە ت دىن زور دەرىجىدە ئايرىلىپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ دىپلوماتىيە يوللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلىدى. فرانسىيە ش ئا ئە ت گە قايتىپ كەلسە ئامېرىكىغا تېخىمۇ كۆپ بېسىم قىلىدۇ، پات-پات موسكۋا ياكى لوندوننى ئۆزىگە تارتىپ، سىرتتىن ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەگە بېسىم ئىشلىتىدۇ.
نەتىجىدە فرانسىيە ش ئا ئە ت نىڭ قوماندانلىق سېستىمىسىغا قايتىپ كەلدى. بىراق بۇ پەقەت فرانسىيەنىڭ سىياسىي تاكتىكىسىنىڭ يۈزگۈزىلىشى بولۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر نەرسە تالىشىش ئۈچۈن ئەمەس. 1994-يىلغا كەلگەندە، فرانسىيە قايتىدىن ش ئا ئە ت نىڭ سىياسىي ھەربىي قارارىغا ئاكتىپ قاتناشقۇچىسىغا ئايلاندى. 1995-يىلنىڭ ئاخىرىدا، فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىمۇ قەرەللىك ھالدا ش ئا ئە ت نىڭ يىغىنىغا قاتنىششقا باشلىدى، لېكىن فرانسىيە بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت قويدى: مۇبادا فرانسىيە ش ئا ئە ت گە پۈتۈنلەي قايتىپ كەلسە، ئىتتىپاقنى ئىسلاھ قىلىش ئىرادىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئامېرىكا رەھبەرلىكى بىلەن ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قاتنىششىنى تېخىمۇ باراۋەر قىلىدۇ. خۇددى فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى دې شارېت (Herve de charette) 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 8-كۈنى بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا:«فرانسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، (ئىتتىپاق بىلەن ياراشقان) ئاساسىي نىشان ئىتتىپاق ئىچىدە ئىشەنچلىك يۈرۈشتۈرگىلى بولىدىغان، سىياسىي جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنگەن ياۋروپا ئالاھىدىلىكىنى قوغداش» دېگىنىدەك،فرانسىيەلىكلەر ياۋروپا كوللېكتىپى ئامىللىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىنى ۋە تەسىر پەيدا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فرانسىيە تاكتىكا جەھەتتە قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا، روسىيە بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا سىياستىنى چەكلەيدۇ، لازىم بولغاندا ئەنگلىيە بىلەن بولغان ئىلگىرىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئارقىلىق، گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادىكى ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ھەممىدىن ئۈستۈن ئورنىنى يوقىتا چىقىرىدۇ. فرانسىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرى 1996-يىلى 8-ئايدا بۇنىڭغا قارىتا ئېيتقان سۆزلىرى ھەممىنى دېگۈدەك ئاشكارلىدى، ئۇ:«ئەگەر فرانسىيە خەلقئارالىق رولىنى جارى قىلدۇرماقچى بولسا، قۇدرەتلىك روسىيەنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن پايدا ئالىدۇ. روسىيەنىڭ

قايتىدىن ئاساسلىق چوڭ دۆلەت بولۇشقا ياردەمدە بولسا پايدىغا ئېرىشىدۇ» دېدى. روسىيە دېپلوماتىيە مىنىستىرى بۇنىڭغا جاۋابەن:«دۇنيادىكى بارلىق رەھبەرلەر ئىچىدە، فرانسىيەلىكلەر روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولدى»دېدى②.

فرانسىيە دەسلەپتە ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە بولغان قوللىشى مۆتىدىل ئىدى. ئەمەلىيەتتە ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە قارىتا بولغان گۇمانىنى قىلچە يوشۇرماي بىلدۈردى. مەلۇم دەرىجىدە ئامېرىكا بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا، تەسىر كۆچكە ئېرىشىش ئۈچۈن بېكىتكەن تاكتىكا، يەنە كېلىپ گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىكى ئاساسلىق تەشەببۇسچىلار بولغاچقا، فرانسىيە ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئامال سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇش ئىدى. ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ روسىيەگە بولغان يوشۇرۇن تەسىردىن تەشۋىشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ياۋروپا بىلەن روسىيەنىڭ ئەڭ مۇناسىپ سۆزلەشكۈچى رولىنى ئوينىدى. فرانسىيەلىكلەر ھەتتا بىر قىسىم ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىگىمۇ موشۇنداق تەسىرات بەردى، ئەمەلىيەتتە فرانسىيە روسىيەنىڭ شەرقىي ياۋروپادا تەسىر دائىرىسى بولۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، فرانسىيە روسىيە دەستىكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئامېرىكىنى ئىسكەنجىگە ئالدى ھەمدە گېرمانىيەگە خېلى ئېنىق ئۇچۇر بەردى. ئامېرىكىغا قارىتا بېسىمنى كۈچەيتىپ، ئامېرىكىدىن فرانسىيە ئوتتۇرىغا قويغان ش ئا ئە ت نى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىنى ئاخىرقى ھېسابتا 16 ئەزا دۆلەت بىردەك ماقۇللىشى كېرەك. پارىژ بىردەكلىككە كېلىشتە سۆكۈت قىلسا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، باشقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قارشىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، فرانسىيەنىڭ ئەمەلىي قوللىشى زۆرۈردۇر. شۇڭا فرانسىيە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە بولغان قوللىشىنى رەنە بۇيۇمى قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكىنى ئەڭ ئاخىرىدا فرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقتىكى ئىچكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ۋە تۈپكى تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش غەرىزىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىدى.

فرانسىيە ياۋروپانىڭ شەرققە كېڭىيىشىدىمۇ دەسلەپتە ئوخشاشلا مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتتى. بۇ پروگراممىغا ئاساسلىقى گېرمانىيە باش بولدى، ئامېرىكىمۇ قوللىدى، لېكىن ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە ئارىلاشقاندەك ئۇنچە قىزغىن ئەمەس. گەرچە فرانسىيە ش ئا ئە ت دە ھەمىشە تالاش-تارتىش قىلىپ، ياۋروپانىڭ كېڭىيىشى سابىق كوممۇنىزم دۆلەتلىرىگە تېخىمۇ ئوبدان مۇداپىئە مۇھىتى تەمىن ئېتىدۇ دېسىمۇ، گېرمانىيە تېخىمۇ تېزلىكتە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرا ياۋروپاغا كېڭەيتىشنى باشلىدى، فرانسىيە دەرھال تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ياۋروپانىڭ جەنۇبىدىكى قوغداشقا ئېرىشەلمىگەن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ بىر تەرىپىگىمۇ

ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىشنى (بۇ ئىختىلاپ 1994-يىلى11-ئايدا فرانسىيە-گېرمانىيە ئۆچرىشىش يىغىنىدا پەيدا بولغان ئىدى) تەلەپ قىلدى. فرانسىيەنىڭ بۇ تەلىپى ش ئا ئە ت نىڭ جەنۇبىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، فرانسىيەنىڭ سودىلىشىشتىكى كوزىرىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.لېكىن فرانسىيەنىڭ مۇنداق قىلىشى فرانسىيە-گېرمانىيە ئىككى دۆلەتنىڭ ياۋروپا جۇغراپىيىۋى سىياستىدىكى ئىختىلاپىنى كېڭەيتىۋەتتى. 1996-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، فرانسىيە ئاخىرى پولشانىڭ ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىگە قوشۇلدى، ئاندىن فرانسىيە-گېرمانىيە ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار سەل پەسكويىغا چۈشتى.

تارىخي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، فرانسىيە-گېرمانىيە ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان بۇيان، دېموكراتىك گېرمانىيە ئىزچىل ھالدا بۆلۈنمە ھالەتتىكى ياۋروپانىڭ غەربىدە فرانسىيە-گېرمانىيەنىڭ يارىشىشى زۆرۈر دەپ قاراپ كەلدى. بۇ يارىشىش گېرمانىيەنىڭ تارىخي شان-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا گېرمانىيە بۇنىڭ ئۈچۈن فرانسىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشتەك بەدەل تۆلىشى ئادىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاجىز فېدراتىپ گېرمانىيەگە ئۇدا تەھدىت سېلىشى ئامېرىكىغا سادىق بولۇش گېرمانىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتىگە ئايلاندۇردى، بۇ نۇقتىنى فرانسىيەمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن تېخىمۇ چوڭ ياۋروپا قۇرۇش ئۈچۈن، فرانسىيە تەرەپتە تۇرۇشنىڭ گېرمانىيە ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىسى قالمىدى. بىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ كۈچەيگەن شېرىك بولۇپ، باراۋەر فرانسىيە-گېرمانىيە شېرىكلىك مۇناسىۋىتى فرانسىيە ئۈچۈن ناھايىتى ئادىلدۇر. شۇڭا فرانسىيەنىڭ باشقا تاللىش يوق بولۇپ، گېرمانىيەنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى ئىتتىپاقدىشى ۋە قوغدىغۇچىسى بىلەن ھەممىدىن مۇھىم بىخەتەرلىك سىستېمىسى قۇرۇشتەك رېئاللىقنى قوبۇل قىلمىسا بولمايدۇ.

سوغاق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇنداق بىرلىشىش گېرمانىيە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. ئىلگىرى بۇ بىرلىشىش گېرمانىيەنى سىرتقى بىۋاستە تەھدىدنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالغان ئىدى ھەم گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مۇناسىۋىتى گېرمانىيەەە قوغداش كۆنلۈكى تەمىنلىدى. بۇ قوغداش كۆنلىكى ئاستىدا، گېرمانىيە تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرا ياۋروپادا رەھبەرلىك رولىنى ئوينىسا بولىدۇ، يەنە بىرگە قوشنا دۆلەتلەرگە تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ. ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گېرمانىيەنىڭ قىلمىشىنىڭ

**توغرىلىقىغا ئىسپاتنامە بېرىپلا قالماي، يەنە گېرمانىيەنىڭ قوشنىلىرىغا، ئەگەر ئۇلار گېرمانىيە بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلىسا، ئامېرىكا بىلەنمۇ قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى كاپالەتلەندۈردى. يۇقىرىقى ئامىللار سەۋەبلىك، گېرمانىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياستى نىسبەتەن ئاشكارا ھالدا شەرھىيلەندى.**
**گېرمانىيەدىن ئىبارەت بۇ پاراخوت بىخەتەر ھالدا ياۋروپادا توختىتىلدى.ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى كۆرنەرلىك ھەربىي مەۋجۇتلۇقى ئامېرىكىنى پايدىلىق ھەم ئىشەنچلىك تايانچقا ئايلاندۇردى. شۇڭا گېرمانىيە يېڭىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ياۋروپا رامكىسىغا كۆچىنىڭ بارىچە سۆرەپ كىردى. بۇ ھەرگىز ئۆتمۈشتىكى گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئوتتۇرا ياۋروپا ئەمەس، بەلكى گېرمانىيەنىڭ مەبلەغ سېلىشى ھەمدە سودا تۈرتكىسى ئاستىدا ئىقتىسادى قايتا گۈللەنگەن ۋە تېخىمۇ دوستانە بولغان چوڭ ئائىلە. گېرمانىيە يەنە قوللىغۇچىلىق رولىنى ئويناپ، ئەڭ ئاخىرىدا يېڭى ئوتتۇرا ياۋروپانى رەسمىي ھالدا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت گە ئېلىپ كىردى. فرانسىيە-گېرمانىيە ئىتتىپاقى گېرمانىيەنىڭ تېخىمۇ ئاچقۇچلۇق رول ئوينىشىغا مۇھىم سەھنە ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، گېرمانىيەنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەت دائىرىسى ئىچىدە ئۆزىنى نامايەن قىلغاندا تارتىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.**
**ياۋروپا خەرىتىسىدە، گېرمانىيەنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەت دائىرىسىنى سوزۇنچاق ئېللىپس بىلەن بەلگىلەپ چىققىلى بولىدۇ، غەربىي قىسمى ئەلۋەتتە فرانسىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شەرقىي قىسمى بولسا ئوتتۇرا ياۋروپادىكى يېڭى ئازاد بولغان سابىق كوممۇنىزم دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنە ھەر قايسى بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرىنى، ئۇكرائىنا، بلوروسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەتتا روسىيەنىڭ يېڭى چېگرىسىغا قەدەر سوزۇلغان. (1.3-رەسىم) كۆپ جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ دائىرە بىلەن گېرمانىيەنىڭ تارىختىكى پائال مەدەنىيەت تەسىر دائىرىسى بىلەن بىردەك، بۇ دائىرىنى گېرمانىيەنىڭ شەھەر ۋە يېزا ئىگىلىك مۇستەملىكىچىلىرى بۇرۇنقى مىللەتچىلىك دەۋرىدە، ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرى تەۋەسىدە بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا پاك-پاكىز قىرىپ تاشلاندى. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئەگەر فرانسىيە (ئالدىدا بايان قىلىنىپ بولدى) ۋە گېرمانىيە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان رايوننى بىرلەشتۈرسەك، 1.3-رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ ئىككى رايون ئەمەلىيەتتە شەرقىي ياۋروپا بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ چېگرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئىككى رايونغا ئورتاق بولغان قىسمى فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ۋە جۇغراپىيىۋى سىياستىدە ئاچقۇچلۇق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. چۈنكى بۇ رايون ياۋروپانىڭ مۇھىم يادروسى. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، گېرمانىيە بىلەن پولشانىڭ يارىشىشى گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادا ئوچۇق ئاشكارا ھالدا رول**

ئوينىشىدا ھەل قىلغۇچ بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە دەسلەپتە سەل ئىككىلەنگەن بولسىمۇ،بىر ىرلىككە كەلگەن گېرمانىيە (ئامېرىكىنىڭ تۈرتكىسىدە) ئودېرنىس (Oder-Neisse)دەرياسىنىڭ پولشا بىلەن گېرمانىيەنىڭ مەڭگۈلۈك چېگرىسى ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. بۇ گېرمانىيە بىلەن پولشانىڭ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدىكى بىردىنبىر توسالغۇنى يوقاتتى. ئىككى تەرەپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا ئۆز ئارا دوستلىشىش ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن، گېرمانىيە-پولشا مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئىككى تەرەپلىك سودا تەرەققىي قىلىپلا قالماي (1995-يىلى پولشا روسىيەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، گېرمانىيەنىڭ شەرقتىكى بىرىنچى چوڭ سودا شېرىكىگە ئايلاندى)، يەنە گېرمانىيە پولشانىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىدىكى ئاساسلىق قوللىغۇچى بولدى.گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا پولشانىڭ ش ئا ئە ت گە كىرىشىنى بىرلىكتە قوللىدى. ئەگەر بىرى 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پولشا-گېرمانىيەنىڭ يارىششىنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپا جۇغراپىيىۋى سىياسىتىدىكى مۇھىملىقى بىلەن فرانسىيە-گېرمانىيەنىڭ يارىششىنىڭ غەربىي ياۋروپىغا بولغان تەسىرىنى تەڭ ئورۇنغا قويسا، بۇ ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

گېرمانىيەنىڭ تەسىر دائىرىسى شىمالدا پولشا ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ، شەرقتە ئۇكرائىنا ۋە بلوروسىيەگىچە يېتىپ بارىدۇ. پولشا-گېرمانىيەنىڭ يارىشىش دائىرىسى پولشانىڭ فرانسىيە-گېرمانىيەنىڭ ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار مۇھىم كېڭەشلىرىگە پات-پات قاتنىشىشى ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە كېڭىيىدۇ. ئاتالمىش ۋېيمار ئۈچبۇلۇڭى(Weimar triangle) ، بىرىنچى قېتىملىق فرانسىيە-گېرمانىيە-پولشا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر كېڭىشىشى گېرمانىيەنىڭ ۋېيمار شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىشى بىلەن داڭ چىقارغان،بۇ كېڭىشىش يىغىنى كېيىن قەرەللىك ئېچىلىپ تۇردى) ياۋروپا قۇرۇقلىقىدا 180 مىليون نوپۇسى بار ۋە ئىنتايىن روشەن بولغان مىللىي سالاھىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركىزىنى شەكىللەندۇردى. بىر تەرەپتىن بۇ ئوق مەركەز گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى يېتەكچىلىك رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا كۈچەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن گېرمانىيەنىڭ رولى فرانسىيە ۋە پولشا قاتناشقان ئۈچ تەرەپ سۆھبىتى سەۋەبلىك يوقىقا چىقتى.

گېرمانىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە بەرگەن ۋەدىسى، ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ گېرمانىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. نىسبەتەن كىچىك ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرى تېخىمۇ شۇنداق قىلدى. گېرمانىيە مۇنداق ۋەدە بېرىش ئارقىلىق، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان غەربىي ياۋروپا نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئانچە ئوخشىمايدىغان تارىخىي بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. غەربىي ياۋروپانىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، گېرمانىيە ۋە ئاۋسترىيىنىڭ شەرقىدە يۈز بەرگەن

ئىشلار ياۋروپا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. 18-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىلا،ب ولىڭ بروك (Bolling broke) شەرقتىكى سىياسىي زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ غەربىي ياۋروپالىقلارغا تەسىر يەتمەيدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان ئىدى. مۇنداق ئەھۋال 1938-يىلىدىكى مىيۇنخېن كىرىزىسىدە قايتا كۆرۈلدى. 90-يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوسنىيە توقۇنۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان پوزىتسىيەدە بولدى، نۆۋەتتە ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە ئالاقىدار مۇنازىرىلەردە، مۇنداق قاراشلار ئاستىرتتىن ئوتتۇرىغا قويىلىۋاتىدۇ.

ئەكسىچە، گېرمانىيەدە ھەقىقىي مۇنازىرە قوزغاۋاتقان مەسىلە پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ش ئا ئە ت بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن قايسى بىرى ئاۋال كېڭىيىشى كېرەك؟ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ش ئا ئە ت نىڭ ئاۋال كېڭىيىشىنى قوللايدۇ، لېكىن دېپلوماتىيە مىنىستىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاۋال كېڭىيىشىنى قوللايدۇ. نەتىجىدە گېرمانىيە بىرلىككە كەلگەن تېخىمۇ چوڭ ياۋروپا قۇرۇشتىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تەشەببۇسكارىغا ئايلاندى. گېرمانىيە باش مىنىستىرى 2000-يىلنى ياۋروپانىڭ بىرىنچى قېتىملىق شەرققە كېڭىيىش نىشانى قىلىپ بېكىتتى، گېرمانىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىمۇ ش ئا ئە ت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ۋاقتى قىلىشنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيەنىڭ ياۋروپانىڭ كەلگۈسىگە بولغان قارىشى ياۋروپادىكى ئاساسلىق ئىتتىپاقداشلىرىنىڭكى بىلەن پەرقلىق بولۇپ قالدى: ئەنگلىيە تېخىمۇ چوڭ ياۋروپا قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى، چۈنكى ئەنگلىيە كېڭىيىش ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىش يولىنى خىرەلەشتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ.فرانسىيەلىكلەر بولسا كېڭىيىشنىڭ گېرمانىيەنىڭ رولىنى كۈچەيتىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى، شۇڭا نىسبەتەن كىچىك دائىرىدە بىر گەۋدىلىشىشنى قوللىدى. گېرمانىيە بۇئىككىلا قاراشنى قوللىدى ھەمدە ئوتتۇرا ياۋروپادا ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئېرىشتى.

## ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي نىشانى

ئامېرىكىغا نىسبەتەن مۇھىم مەسىلە فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئامېرىكا بىلەن باشتىن-ئاخىر يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلىغان ھەمدە ھەمكارلىق ۋە دېموكراتىيىنى كېڭەيتكەن خەلقئارالىق سىستېما دائىرىسىدىكى ياۋروپانى قانداق قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنىڭ ئۇنۇملۇك يۈرۈشتۈرۈلۈشى ئاساسلىقى بۇ سىستېمىغا تايىنىدۇ. شۇڭا،بۇ،بىر فرانسىيە-گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا قايسىسىنى تاللاش مەسىلىسى ئەمەس. فرانسىيە ياكى گېرمانىيە بولمىسا ياۋروپامۇ بولمايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ھۆكۈمنى چىقارغىلى بولىدۇ:

1. ئامېرىكا ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىش ئىشلىرىغا چوقۇم ئارىلىشىپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ياۋروپانىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ۋە نىشانىدىن ئادىشىش كىرزىسىنى ياخشىلىشى، ياۋروپادا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئامېرىكا ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپانىڭ ھەقىقىي بىرلىككە كېلىشىنى قوللىمايدۇ، دېگەن تەشۋىشنى يوقىتىشى، ياۋروپانىڭ بىرگەۋدىلىشىش ئىشلىرىدىكى زۆرۈر بولغان دېموكراتىيە روھلاندۇرغۇچ ۋاكسىنىسىنى ئۈرۈشى كېرەك. بۇ،ئامېرىكىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى شېرىكى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. قىسقا مەزگىلنى ئېلىپ ئېيتقاندا، تاكتىكا جەھەتتە فرانسىيەگە قارشى تۇرۇش سىياستى ۋە گېرمانىيەنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى قوللاش ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۇزۇن مەزگىلنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ھەقىقىي ياۋروپا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلسە، ئۇنداقتا ياۋروپانىڭ بىرلىششى چوقۇم تېخىمۇ روشەن بولغان سىياسىي ۋە ھەربىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بۇ،فرانسىيەنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان سىستېما ئىچىدە ھوقۇق تەقسىملەش قارىشىغا مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشىغا موھتاج.

3. فرانسىيە ۋە گېرمانىيەنىڭ كۈچىيىپ ئۆز ئالدىغا ياۋروپا قۇرۇش ياكى روسىيە بىلەن ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنى بېكىتىش جەھەتتىكى ئەزەلدىن بار بولغان ئاۋارىچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا يەتكىنى يوق. بۇ ئامېرىكىدىن قايىل قىلارلىق ھالدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ھەققانىي يولدا قاتنىشىپ، بولۇپمۇ گېرمانىيەلىكلەر بىلەن بىر يولدا تۇرۇپ ياۋروپانىڭ دائىرىسىنى بېكىتىشنى، بۇ ئارقىلىق بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئۇكرائىنانىڭ ياۋروپا سىستېمىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئورنى قاتارلىق روسىيەگە نىسبەتەن ئىنتايىن سەزگۈر بولغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

خەرىتىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، كەڭ كەتكەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ياۋروپا قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئامېرىكىغا نىسبەتەن جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئەھمىيىتى ھەمدە دائىرە جەھەتتە نىسبەتەن تار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ قاراۋۇلخانىنى ئاسراش ھەمدە دېموكراتىيىنىڭ تايانچىسى قىلىش ئارقىلىق كېڭەيتىش ۋە ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن بىۋاستە باغلاش كېرەك. ئامېرىكىنىڭ مۇقىملىق ۋە بۈنىڭغا ئالاقىدار دېموكراتىيىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولغان يەرشارىۋى دىققەت ئېتىبارى ۋە ياۋروپانىڭ بۇ مەسىلىلەرگە قارىماققا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى (گەرچە فرانسىيە بىز يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت دەپ دارۋاڭ سالسىمۇ) ئوتتۇرىسىدا ھاڭ مەۋجۇت. شۇڭا، بۇ ھاڭنى تولدۇرۇش كېرەك، پەقەت ياۋروپا بارا-بارا فرانسىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغاندا، بۇ ھاڭ ئاندىن تارىيىدۇ. ياۋروپا يەككە مىللىي دۆلەت بولالمايدۇ، چۈنكى ياۋروپادىكى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ناھايىتى مۇستەھكەم. لېكىن ياۋروپا ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلىنالايدۇ، ئورتاق سىياسىي تۈزۈلمە

ئارقىلىق ھەممىگە بىردەك بولغان دېموكراتىك قىممەت قارىشىنى پەندىنپەي گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. مىللىي قىممەت قارىشىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياۋروئاسىيا زېمىنىدىكى باشقا ئەللەرنى ئۆزىگە ماگىنىتتەك تارتىدۇ.

ئەگەر ياۋروپالىقلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسە،ئۇلار ئىچكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئۆز-ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرالمايدىغان خەتەرگە پېتىپ قالىدۇ.ياۋروپا ئىقتىسادىنىڭ قايتا گۈللىنىشى پەردە ئارقىسىدىكى تۆلىگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك بەدەلنى يوشۇرۇپ قالدى.بۇ بەدەللەر ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتە غايەت زور زىيانلارنى سالدى.غەربىي ياۋروپا سىياسىي قانۇن ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچ جەھەتتە كۆنسېرى يەڭگىلى بولمايدىغان كىرزىسكە دۇچ كەلدى. تۈپكى سەۋەبى بولسا دۆلەت ھامىيلىقىدىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك پاترىئارخىزم، سودا قورۇقچىلىقى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان تار مەنپەئەتچىلىك ئۇلغايدى. نەتىجىدە رېئاللىقتىن قاچىدىغان راھەتپەرەسلىك ۋە مەنىۋى پۇچەكلىك بىرلەشكەن مەدەنىيەت مۇھىتى بارلىققا كەلدى. بۇ خىل مۇھىتتىن ئېھتىمال چەكتىن ئاشقان مىللەتچى ئۇنسۇرلار ياكى دىنىي ئەقىدىچىلىك نەزەرىيىچىلىرى پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەگەر مۇنداق مۇھىت كەڭ كۆلەمدە يامراپ كەتسە، دېموكراتىيە ۋە ياۋروپا ئۇقۇمىغا ئەجەللىك زىيان سېلىشى مۇمكىن. ياۋروپا دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا، دېموكراتىيە ۋە ياۋروپا ئۇقۇمى ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق. ھازىرقى ئىجتىمائىي ئىقتىساد قۇرۇلمىسىغا داۋالغۇش ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىسلاھاتنى ۋاقتىنچە ئوتتۇرىغا قويماسلىق تەلىپى، بارلىق يېڭى مەسىلىلەر مەيلى كۆچمەنلەر مەسىلىسى بولسۇن، ياكى ئامېرىكا ۋە ئاسىيانىڭ تېخنىكا رىقابىتى بولسۇن ، ھەممىسى پۈتكۈل ياۋروپا دائىرىسىدە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇلدى. ياۋروپا تېخىمۇ زورىيىپ، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي قىممەت قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ يەر شارىۋى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىشى كېرەك. سىياسىي رادىكالىزمچىلار، تار مىللەتچىلەر ۋە ئىجتىمائىي ئەيشى-ئىشرەتچىلىكتىن چەك-چېگرا ئايرىغان ياۋروپاغا ئايلىنىشى كېرەك.

گېرمانىيە بىلەن روسىيەنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىشىم ھاسىل قىلىشىدەك كونا ۋەھىمىنى يەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، فرانسىيە بىلەن موسكۋانىڭ تاكتىكا جەھەتتە ئويۇن ئوينىشىنى كۆپتۈرۈپ تاشلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. پەقەت ياۋروپانىڭ بىرلىشىش تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولغاندىلا، كىشىلەر ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ مۇقىملىقىدىن ۋە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىدىن ئەنسىرەيدۇ. ياۋروپانىڭ

بىرلىشىشىدىكى ھەر قانداق مەغلۇبىيەت ياۋروپالىقلارنىڭ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ۋاستىلەرنى قايتىدىن ئىشقا سېلىشىغا مەجبۇر قىلىشى مۇمكىن. بۇ چوقۇم روسىيەگە ياكى گېرمانىيەگە جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىراق ياۋروپانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى كىشىلەرنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روسىيە، گېرمانىيەنىڭ بۇ جەھەتتە مۇۋاپىقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن گېرمانىيە ھېچ بولمىغاندا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى بەلگىلىگەندە خالىغىنىنى قىلىشى ۋە ئوچۇق-ئاشكارا بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

نۆۋەتتە، گېرمانىيەنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ مەنپەئەتى بىردەك، ھەتتا ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ش ئا ئە ت ئوتتۇرىسىدا يۈكسىلىشى مۇمكىن. ھەتتا Green 90/سولچىللار ئىتتىپاقىنىڭ باياناتچىسىمۇ ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كېڭىيىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئەگەر ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە كېڭىيىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، گېرمانىيەنىڭ مىللەتچىلىك تۈسى ئالغان ياۋروپا «تەرتىپى» قارىشىغا ئالاقىدار چۈشەنچىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياۋروپانىڭ مۇقىملىقىغا يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. فېدراتسىيە پارلامېنتىدىكى خرىستىئان دىنى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى كول (Khol) نىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان ۋولفگاڭ شوۋبول (Wolfgang Schauble)نىڭ گېرمانىيە ئەمدى «غەربنىڭ شەرققە قارشى تۇرۇشىدىكى ئىستىھكامى ئەمەس، بىز ياۋروپانىڭ مەركىزى بولۇپ قالدۇق» دېگەن سۆزلىرى بۇ خىل ئىدىيىۋى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ يەنە قاراتمىلىق ھالدا تولۇقلاپ:«ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇزۇن يىللاردا، گېرمانىيە ياۋروپا تەرتىپىنى قوغداشقا كىرىشكەن» دېدى.④ بۇ تەپەككۇر يولى بويىچە ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ياۋروپا گېرمانىيەنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىك ئورنىنى بەلگىلەيدىغان رايون ۋە گېرمانىيە شەرق ۋە غەربكە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر تەرەپلىمە سىياسەت يۈرگۈزىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ، ھەرگىزمۇ گېرمانىيە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىكىنى ئىگىلىگەن بىر ياۋروپا بولۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ.

ئۇ چاغقا بارغاندا، ياۋروپا ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ياۋروئاسىيادىكى قاراۋۇلخانىسى ۋە ياۋروئاسىيا قورۇقلۇقىغا يەرشارىۋى دېموكراتىيە سىستېمىسىنى كېڭەيتىشنىڭ تايانچىسى بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. بۇ دەل ئامېرىكىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىدە قىلچىمۇ تۈترۇقسىزلىق قىلمىغانلىقى ھەمدە ئىنتايىن كونكرېت بولغان قوللىشىنى ئىزچىل ئۇزگەرتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى. ياۋروپانىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلگەن مەزگىلدە ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان بىخەتەرلىك ئىتتىپاقى ئىچىدە، گەرچە ئامېرىكا ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە دۆلەت ھالقىغان ھەمكارلىقنى قوللايدىغانلىقىنى دائىم بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ھەرىكەتتە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەزى ئايرىم ياۋروپا

دۆلەتلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق مۇشكۇل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى تېخىمۇ خالايدىغاندەك قىلىدۇ. ئامېرىكا ياۋروپاغا ئائىت قارارلىرىدا ئاندا-ساندا جاھىللىق قىلىپ قويىشى ياۋروپانىڭ تەشۋىشىنى كۈچەيتىپ قويىدى. ياۋروپا ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە بوي سۇنغاندا، ئامېرىكا ياۋروپالىقلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قوللايدۇ؛ ئەگەر ياۋروپا سىياستىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقسا، ئامېرىكا ياۋروپالىقلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى قوللىمايدۇ؛ب ۇ بىر تارقىتىشقا بولمايدىغان خاتا ئۇچۇر.
ئامېرىكا ياۋروپانىڭ ھەقىقىي ياۋروپاغا ئايلىنىشىنىڭ نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلاپلا قالماي، ماس ھالدا ھەركەت قوللىنىشتىن ئىلگىرى، 1995-يىلى12-ئايدىكى ئامېرىكا-ياۋروپا مادرىد بىرلەشمە ختابنامىسىدا ئامېرىكا ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بولغان ۋەدىسىنى كۈچلۈك تەرزدە قايتا تەكتلىدى، لېكىن بۇ ئاڭلىماققا يەنىلا ئەھمىيەتسىزدۇر. ياۋروپاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى نەتجە ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا چوقۇم ھەقىقىي شېرىكلەشكەن بولىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ ئىمتىيازغا ئېرىشكەن كىچىك شېرىكلىكتىن ئىبارەت بۇ ئورۇنغا ئېرىشىش ئەمەس. ھەقىقىي شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورتاق قارار چىقىرىش ۋە مەسئولىيەتنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىش ئىشلىرىنى قوللىشى ئاتلانتىك ئوكيانىنى ھالقىغان سۆھبەتنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولىشىغا پايدىسى بار ھەم ياۋروپا جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھەل قىلغۇچ رولنى ياۋروپالىقلارنىڭ ئەستايىدىل ھالدا جارى قىلدۇرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.
تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، مەلۇم چاغقا بارغاندا، ھەقىقىي بىرگەۋدىلەشكەن ۋە قۇدرەتلىك ياۋروپا ئىتتىپاقى ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى سىياسىي رەقىبىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنە تاقابىل تۇرۇش تەس تېخنىكا رىقابەتچىسىگىمۇ ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە باشقا رايونلاردىكى مەنپەئەتى بىلەن ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، موشۇنداق قۇدرەتلىك ۋە سىياسىي جەھەتتە پۈتۈن زېھنىنى بېغىشلىغان ياۋروپا يېقىن كەلگۈسدە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگە ئوخشىمايدىغىنى، ياۋروپادا گۈللەنگەن مىللىي دۆلەتلەرگە قارىتا چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى بار، دۆلەت ھالقىغان ياۋروپا قىزغىنلىقى بۇرۇنلا سۇسلاپ كەتتى.
كەلگۈسى 10 يىل ياكى 20 يىلدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەمەلىي تاللاش بولىدۇ: ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ۋە بىرلىككە كېلىۋاتقان ياۋروپا گەرچە ئىككىلىنىش ۋە داۋالغۇش بولسىمۇ، يەنىلا بىرلىككە كېلىش نىشانىنى كۆزلەيدۇ ياكى تىركەشمە ھالەتتىكى ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسى ۋە جۇغراپىيىلىك دائىرىسى نۆۋەتتىكى

هالىتىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئوتتۇرا ياۋروپا داۋاملىق جۇغراپىيىۋى سىياسەت بوشلۇقى بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ ياكى تىركەشمە ھالەتنىڭ داۋامى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆتمۈشتىكى زوراۋانلىق ئەسلىگە كەلگەن ھەمدە بارا-بارا بۆلۈنۈشكە يۈزلەنگەن ياۋروپا بارلىققا كېلىدۇ. ئەگەر تىركەشمە ھالەتتىكى ياۋروپا بارلىققا كەلسە، گېرمانىيەنىڭ ياۋروپاغا بولغان ئۆزلۈك سالاھىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. گېرمانىيەنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەت دائىرىسىنى بېكىتىشتە تېخىمۇ مىللەتچىلىك تۈسىنى ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنچىسى ئەڭ ياخشى تاللاش، ئەمما بۇ تاللاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياۋروپانىڭ قۇرۇلۇشىدا ئارىسالدىلىق بولىۋاتقان نۆۋەتتىكى باسقۇچتا، ئامېرىكىنىڭ تۆۋەندىكى مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تالاش-تارتىشقا بىۋاستە ئارىلىشىشىنىڭ ھاجىتى يوق، مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى كۆپ سانلىق قوللاش تۈزۈمى (گېرمانىيەنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشكەن مەۋقەدە) ئاستىدا دىپلوماتىيە سىياستى قارارىنى چىقىرىش كېرەكمۇ يوق، ياۋروپا پارلامېنتى قانۇن تۇرغۇزۇش ھوقوقىغا ئېرىشىشى ۋە بېرىيۇسسىلدىكى ياۋروپا كومىتېتى ياۋروپانىڭ ھەقىقىي مەمۇرىي ئورگىنى بولۇشى كېرەكمۇ يوق، ياۋروپا ئىقتىسادىي پۇل ئىتتىپاقى كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى مۇۋاپىق دەرىجىدە بولۇشى كېرەكمۇ يوق، ياۋروپا ئەڭ ئاخىرىدا كەڭ دائىرىدىكى ئىتتىپاق بولۇشى ياكى فېدراتسىيە گەۋدىسىنى يادرو قىلغان نىسبەتەن تارقاق كۆپ قاتلاملىق ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلىنىشى كېرەكمۇ يوق دېگەندەك مەسىلىلەر. بۇ مەسىلىلەرنى ياۋروپالىقلار ئۆزلىرى ھەل قىلىشى كېرەك، ھەل قىلىش مۇساپىسى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولماسلىقى مۇمكىن، بەزىدە توختاپ بەزىدە ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇرەككەپ مۇرەسسە ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىشى مۇمكىن.

ياۋروپا ئىقتىسادىي پۇل ئىتتىپاقى 2000-يىلدىن بۇرۇن ئىشقا كىرىشتۈرۈلىشى دەسلەپتە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا 15 دۆلەتتىكى ئالتىدىن ئونغىچە ئەزاسىدىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن. بۇ ياۋروپانىڭ پۇل ساھەسىنىڭ سىرتىدىكى بىر گەۋدىلىشىشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇساپىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈلىشى بىلەن، تېخىمۇ بىر گەۋدىلەشكەن ئىچكى يادروغا ۋە نىسبەتەن تارقاق سىرتقى بەلباغقا ئىگە يەككە ياۋروپا بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە بارا-بارا ياۋروئاسىيا قۇرۇلۇقىدىكى مۇھىم بىر سىياسىي شاھماتچىغا ئايلىنىدۇ.

نېملا بولمىسۇن، ئامېرىكا كىشىلەرگە ئامېرىكا زېمىنى كەڭرى، ئەمما ئۇقۇمى تار بولغان ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن تەسىراتنى بەرمەسلىكى كېرەك. ئامېرىكا سۆز ۋە ھەركىتى ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىنى ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى سىياسىي

ۋە بىخەتەرلىك شېرىكى دەپ قارايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىشى، ياۋروپانى ھەرگىزمۇ ش ئا ئە ت ۋە ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان رايونلۇق بىر ئورتاق بازار دەپ قارىماسلىقى كېرەك. ۋەدىسىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىش ھەمدە «شېرىكلىك مۇناسىۋىتى» ھەققىدىكى تەسىرلىك سۆزلىرىدىن ھالقىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئاتلانتىك ئوكيانىنى ھالقىغان ئىككى تەرەپلىك تەدبىر بەلگىلەش يېڭى مېخانىزىمىدا ياۋروپا بىلەن بىرلىكتە پىلانلاش تەكلىپىنى بەرسە ھەمدە ئىشقا سالسا بولىدۇ.

ش ئا ئە ت گىمۇ ئوخشاش پرىنسىپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ش ئا ئە ت نى ساقلاپ قېلىش ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم. بۇ مەسىلىدە ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ پىكرى بىردەك. ش ئا ئە ت بولمىسا ياۋروپا ئاجىزلىشىپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتە دەرھال پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ش ئا ئە ت ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە ياۋروپانىڭ بىرلىكىگە مۇقىم رامكا بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.ب ۇ دەل ش ئا ئە ت نىڭ ياۋروپاغا بولغان مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.

ياۋروپانىڭ ئارىسالدى بولۇشتىن بارا-بارا بىرلىششكە قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ش ئا ئە ت نىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە مۇساپىسىگە تەڭشەش ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ، بۇ مەسىلىدە فرانسىيەلىكلەرنىڭ ئازراق ئاساسى بار. ھامان بىر كۈنى ياۋروپا ھەقىقىي بىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بىلەن 15 بېقىندى دۆلەت ئاساسىدىكى بىرگەۋدىلەشكەن ئىتتىپاق قۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ ئېيتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. مۇبادا ياۋروپا بەزى دۆلەت ھالقىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ فونكسىيىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سىياسىي ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىشقا باشلىسا، ش ئا ئە ت «1+1» (ئامېرىكا+ياۋروپا ئىتتىپاقى) فورمىلىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىسە بولمايدۇ.

بۇ ھەرگىز بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرلەش ئەگرى-توقايدۇر. ئەمما بۇ ئىلگىرلەش ھازىرقى ئىتتىپاقنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدا چوقۇم گەۋدىلىنىشى كېرەك، بولمىسا بۇ خىل تەڭشەشنىڭ كەم بولىشى ئىلگىرلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.بۇ يۈلىنىشكە قاراپ مېڭىشتىكى مۇھىم بىر قەدەم 1996-يىلدىكى ياۋروپا ئىتتىپاقى بىرلەشمە ئالاھىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىتتىپاقنىڭ ئارقا سەپ كاپالىتى ۋە قوماندانلىق، كونترول قىلىش، ئالاقە، ئاخبارات سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ، نوقۇل ياۋروپاغا خاس ھەربىي ھەركەت ئېلىپ بېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئامېرىكا فرانسىيەنىڭ غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ش ئا ئە ت دىكى رولىنى، بولۇپمۇ قوماندانلىق ۋە تەدبىر بەلگىلەش جەھەتتىكى رولىنى زورايتىش تەلىپىگە يول قويۇشنى خالىسا، ئۇنداقتا بۇ پوزىتسىيە ئامېرىكىنىڭ ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىشىنى سەممىيلىك بىلەن قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئامېرىكا-فرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ياۋروپانىڭ ئەڭ

ئاخىرقى ئورنىنى بەلگىلەش مەسىلىسىدىكى ئىختىلاپنى ئازايتىشقا پايدىسى بولىدۇ.

يىراقنى كۆزلىگەندە، غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ھەرخىل جۇغراپىيىۋى سىياسەت ياكى تارىخىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ش ئا ئە ت گە كىرىش ئويىدا بولمىغان بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئىتتىپاققا كىرىشكە جەلپ قىلىشى مۇمكىن. بۇ خىلغا تەۋە دۆلەتلەردىن فىنلاندىيە ياكى شىۋىتسارىيە، ھەتتا ئاۋستىرىيەمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۈچ دۆلەت غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقىدا كۆزەتكۈچىلىك ئورنىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن سىرت،ب ىر قىسىم دۆلەتلەرمۇ غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى كۆزلىشى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئاخىرىدا ش ئا ئە ت گە كىرىشتىكى تەييارلىق باسقۇچى قىلىشى مۇمكىن. غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى كەلگۈسىدىكى ئەزالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مەلۇم ۋاقىتتا ش ئا ئە ت نىڭ تىنچلىق شېرىكلىك مۇناسىۋەتى ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىشى مۇمكىن. بارلىق ئىلگىرلەشلەر ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاقنىڭ رەسمىي دائىرىسى سىرتىدا تېخىمۇ كەڭ ياۋروپا بىخەتەرلىك ھەمكارلىق تورى قۇرۇشقا ياردىمى بار.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تېخىمۇ زور ۋە تېخىمۇ بىرلىككە كەلگەن ياۋروپا بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى (گەرچە ئەڭ ياخشى شارائىتتا مۇنداق ياۋروپا تېزلىكتە شەكىللەنمىسىمۇ)، ئامېرىكا چوقۇم فرانسىيە ۋە گېرمانىيە بىلەن بىرلىكتە يۇقىرىدىكى ياۋروپانىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. شۇڭا، ئامېرىكا فرانسىيەنىڭ ئاساسلىق سىياسىي قىيىنچىلىقلىرىدا ئامېرىكا-گېرمانىيە مۇناسىۋەتىگە زىيان يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا، فرانسىيەنىڭ ئاتلانتىك ئىتتىپاقنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردىكى بىرگەۋدىلىشىش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپلەپ قاتنىشىشقا قىزىقتۇرۇشى كېرەك؛ گېرمانىيەنىڭ ئاساسلىق سىياسىي قىيىنچىلىقلىرىدا، گېرمانىيەنىڭ ئاتلانتىزم ياۋروپاسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىدىن قانداق پايدىغا ئېرىشىش ھەمدە فرانسىيە،ئەنگلىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى قوزغاپ قويماسلىقى لازىم.

ئامېرىكا ياۋروپا ئىتتىپاقنىڭ كەلگۈسى قۇرۇلمىسى مەسىلىسىدە جانلىقلىقنى ئىپادىلىشى ئەڭ ئاخىرىدا ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىدە فرانسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە پايدىسى بار. يىراقتىن قارىغاندا، گېرمانىيەنىڭ ئىككى تەرىپى بىرلا ۋاقىتتا بىرگەۋدىلەشكەن ش ئا ئە ت نىڭ ھەربىي بىخەتەرلىك رايونى ئىچىدە تۇرسا، گېرمانىيە كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدە تېخىمۇ مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولىدۇ. بۇ فرانسىيە ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭدىن سىرت، ئىتتىپاقنىڭ كېڭىيىشى «ۋېيمار ئۈچبۇلۇڭى» نىڭ (گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە پولشادىن تەشكىل تاپقان) مەلۇم دەرىجىدە گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تىزگىنلەشتىكى ئەپچىل ۋاستىگە ئايلىنىش ئېھتىماللىقى چوڭىيىدۇ. گەرچە پولشا ئىتتىپاققا كىرىشتە گېرمانىيەنىڭ قوللىشىغا

تايانسمۇ (پولشا فرانسيەنىڭ ئىتتىپاقنىڭ كېڭىيىش مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيىسىگە قاتتىق نارازى)، مۇبادا پولشا ئىتتىپاققا كىرسە، يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى زور بولغىنى فرانسىيە بىلەن پولشا جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتىكى ئورتاق قارىشىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

قانداق ئەھۋال يۈز بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ۋاشىنگتون ياۋروپانىڭ خاسلىقى ياكى ش ئا ئە ت نىڭ ئىچكى يۈرۈشتۈرلىشى مەسىلىسىدە فرانسىيەنىڭ پەقەت ۋاقىتلىق رەقىپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىققا سەل قارىماسلىقى كېرەك. ۋاشىنگتون ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا تېگىشلىك تېخىمۇ مۇھىم رېئاللىق دېموكراتىك گېرمانىيەنى ياۋروپادىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر بىلەن مەڭگۈ باغلاپ تۇرۇشتا فرانسىيە كەم بولسا بولمايدىغان شېرىك، بۇ فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخىي رولى. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشى فرانسىيە بىلەن گېرمانىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياۋروپانىڭ ئىچكى يادروسى بولۇشتەك مۇھىملىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا دەيدىغىنىمىز، فرانسىيە ئانچە قۇدرەتلىك ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا سىياستىدىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈپكى پىرىنسىپىنى كېڭەيتىشكە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ياۋروپانىڭ ئاتامىنى بولۇشقا مادارى يەتمەيدۇ. شۇڭا فرانسىيەنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى، يامانلاپ قېلىشىنى بولدى قىلىۋېتىش كېرەك.

فرانسىيەنىڭ شىمالىي ئافرىقا ۋە فرانسۇز تىلى دۆلەتلىرىدە ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلىپ قويۇش مۇۋاپىقتۇر. فرانسىيە ماراكەش ۋە تۇنىسنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شېرىكى، يەنە ئالجىرىيەدىمۇ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئويناۋاتىدۇ. فرانسىيەنىڭ مۇنداق قىلىشىدا يېتەرلىك دۆلەت ئىچى ئامىلى بار: تەخمىنەن بەش مىليون مۇسۇلمان فرانسىيەدە ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا، شىمالىي ئافرىقىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى فرانسىيەنىڭ پايدا-مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. ئەمما، بۇ مەنپەئەت ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكىگە پايدىلىق. ئەگەر فرانسىيەنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى بولمىسا، ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قانىتى تېخىمۇ داۋالغۇيدۇ ۋە خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. پۈتكۈل جەنۇبىي ياۋروپا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى رايوننىڭ مۇقىمسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي سىياسىي تەھدىتتىن تەشۋىشلىنىدۇ. شۇڭا، فرانسىيەنىڭ پۈتكۈل ئوتتۇرا دېڭىز رايونى ۋەزىيىتىگە بولغان كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارى بىلەن ش ئا ئە ت نىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتىكى دىققەت-نەزىرى مۇناسىۋەتلىك. ئامېرىكىنىڭ فرانسىيەنىڭ ئالاھىدە رەھبەرلىك ئورۇنغا بولغان ئارتۇقچە تەلىپىگە تاقابىل تۇرغاندا بەزىدە بۇ نۇقتىنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ.

گېرمانىيەنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك. گېرمانىيەنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادىكى رەھبەرلىك رولىنى ئاشكارا قوللىغاندا چوقۇم

ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كېرەك. مۇنداق رەھبەرلىك رولى ئېھتىمال بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە مەسىلەن، ياۋروپانىڭ شەرققە كېڭىيىشىدە گېرمانىيەنىڭ قوللانغان ئاكتىپ ھەرىكىتىنى ئالقىشلىغان ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ۋاقىتىنچە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. پەقەت بۇ رەھبەرلىك ئورنى ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنىدىن تۆۋەن تۇرسىلا غەربىي ياۋروپالىقلار بۇنىڭغا سەۋرى-تاقەت قىلالايدۇ. يىراقنى كۆزنى تۇتقاندا، ياۋروپانىڭ قۇرۇلۇشى گېرمانىيەنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئاساس قىلسا بولمايدۇ. نۇرغۇن ئەسلىمىلەر كىشىلەرنى ھېلىمۇ چىرماپ تۇرماقتا، كۆپلىگەن ۋەھىمىلەر كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بېرلىن قۇرۇپ چىققان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ياۋروپا ھەرگىزمۇ يۈرۈشمەيدۇ. مانا بۇ گېرمانىيەنىڭ فرانسىيەگە موھتاج بولۇشى، ياۋروپانىڭ فرانسىيە-گېرمانىيە مۇناسىۋىتىگە موھتاج بولۇشىنىڭ، ئامېرىكا بولسا فرانسىيە ياكى گېرمانىيەدىن بىرىنى تاللىسا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

ش ئا ئەت نىڭ كېڭىيىشىدىكى مۇھىم بىر نۇقتا بولسا ياۋروپانىڭ كېڭىيىشى بىلەن ش ئا ئە ت ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان مۇساپە. ئەگەر ياۋروپا ئىستىپاقى جۇغراپىيىلىك يەر مەيدانى تېخىمۇ كەڭ، بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان فرانسىيە-گېرمانىيە رەھبەرلىكىنى يادرو قىلغان، بىرگەۋدىلىشىش دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن بولغان ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن ئورتاق گەۋدىگە ئايلانسا، ئەگەر بۇ ھالەتتىكى ياۋروپا ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئامېرىكا بىلەن داۋاملىق ئىتتىپاق تۈزگەن ئاساستا قۇرۇپ چىقسا، ئۇنداقتا جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ياۋروپا ياۋروپانىڭ باشقا رايونلىرى ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىش ئارقىلىق بەھرىمان بولىۋاتقان بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ سىرتىغا سىقىپ چىقىرىلمايدۇ.بۇ نۇقتىدا ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەنىڭ پىكرى بىردەك. ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەگە نىسبەتەن، كېڭىيىشنىڭ سىياسىي، تارىخىي ۋە ئىجابىي ئامىللىرى باردۇر. كېڭىيىشنى ئىلگىرى سۈرۈش روسىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكتىن، روسىيەدىن ۋەھىمە يېيىشتىن ئەمەس، روسىيەنى يېتىم قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىش تېخىمۇ ئەمەس.

شۇڭا، ئامېرىكا چوقۇم گېرمانىيە بىلەن قولنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ياۋروپانىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىشى كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيەنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق رەھبەرلىكى كەم بولسا بولمايدۇ. ئەگەر ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە باشقا ش ئا ئە ت ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياۋروپانىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە قوشۇلۇشقا ئىلھاملاندۇرسا ھەمدە روسىيە مۇرەسسە قىلىشنى خالىغان ئەھۋالدا، روسىيە بىلەن ئۆزئارا يول قويۇش لاھىيىسى ئۇستىدە ئۇنۇملۇك سۆھبەتلەشسە ياكى ئىككى دۆلەتنىڭ ياۋروپانى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسى موسكۋاغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت نۇقتىئىنەزەرنى يېتەكچى قىلىپ كەسكىن ھەرىكەت قوللانمىسىلا، شەرققە كېڭىيىش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ش ئا ئە

**ت دىكى بارلىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ماقۇللىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيە ئەزا دۆلەتلەرگە بىرلىكتە بېسىم ئىشلىتىشكە ئالاھىدە موھتاج بولىدۇ. مۇبادا ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيە ئامالىنىڭ بارىچە بىردەك ماقۇللۇقىغا ئېرىشەلىسە ھەرقانداق ش ئا ئە ت دۆلىتىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىش ئىقتىدارى يوق.**

**يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىرىشچانلىق بىلەن پايدا-مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك رولىدۇر. يېڭىچە بىر ياۋروپا شەكىللىنىش ئالدىدا، ناۋادا يېڭى ياۋروپا جۇغراپىيىلىك جەھەتتە يەنىلا «ياۋروپا-ئاتلانتىك» بوشلۇقىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ئۇنداقتا ش ئا ئە ت چوقۇم كېڭىيىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئامېرىكا كۆرسىتىۋاتقان ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىش تىرىشچانلىقى توختاپ قالسا ياكى ئارىسالدى بولسا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك سىياسىتىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەغلوبىيەت ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ، «ياۋروپا كېڭىيىۋاتماقتا» دېگەن قاراشنى يىمىرىپ تاشلايدۇ، ئوتتۇرا ياۋروپا خەلقىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. ئېھتىمال روسىيەنىڭ ئاللىقاچان سۇسلاپ قالغان ياكى ئۆچەي دەپ قالغان ئوتتۇرا ياۋروپاغا بولغان جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئۈمىد ئۇچقۇنىنى قايتىدىن ياندۇرۇپ قويىشى مۇمكىن. غەربكە نىسبەتەن ئېيتقاندا،ب ۇ بىر خىل ئۆز-ئۆزىنى گۇمران قىلىش بولۇپ، كەلگۈسىدىكى ھەر قانداق بىر ياۋروئاسىيا بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسىدا ياۋروپانىڭ ھەقىقىي تايانچىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئەجەللىك زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت رايونلۇق مەغلوبىيەت بولماستىن يەرشارىۋى مەغلوبىيەت ھېسابلىنىدۇ.**


**ياۋروپانىڭ پەيدىنپەي كېڭىيىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ تۆۋەن چېكى چوقۇم مۇنداق تەشەببۇس بولىشى كېرەك:ھازىرقى ئاتلانتىك ھالقىغان سىستېمىنىڭ سىرتىدىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ شەرتكە توشىدىغان ھەرقانداق ياۋروپا دۆلىتىنىڭ ياۋروپا سىستېمىسىغا كىرىشىگە ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئاتلانتىك ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىغا كىرىشىنى رەت قىلىش ھوقۇقى يوق؛ شەرتكە توشىدىغان ھەر قانداق ياۋروپا دۆلىتى ياۋروپا ئىتتىپاقى ياكى ش ئا ئە ت نىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلماسلىقى كېرەك، بولۇپمۇ قوراللىق ھۇجۇمغا ئاسان ئۇچرايدىغان ھەمدە بارغانسېرى شەرتكە توشۇۋاتقان بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى تەشكىلاتنىڭ رەسمىي ئەزاسى بولالايدىغانلىقىنى بىلىش ھوقوقى بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار گەرچە كېڭىيىۋاتقان ياۋروپاغا ھەمدە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ماسلاشسىمۇ، ئىگىلىك ھوقوقىنىڭ تەھدىدكە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى بىلىش ھوقوقى بار.**

**ماھىيەتتە غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋاسلېۋ خەۋېل (Vaclav Havel)نىڭ 1996-يىلى5 -ئاينىڭ 15-كۈنى ئۇچېن (Aachen) دا ئىنتايىن قايىل**

قىلارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسگە جاۋاب بېرىشى كېرەك:
ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت ئۆزلىرىگە قېتىلماقچى بولغان بارلىق دۆلەتلەرگە بىر كېچىدىلا ئىشىكنى ئېچىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەن.....بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ شەكسىز قىلالايدىغىنى ۋە كېچىكىپ قالماستىن قىلىشقا تېگىشلىكى: ئوتتاق قىممەت قارىشى بار بولغان رايون دەپ قارالغان پۇتكۇل ياۋروپاغا ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ يىپىق كۇلۇب ئەمەسلىكىگە ئېنىق كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىككى تەشكىلات ئېنىق ۋە تەپسىلىي بولغان پەندىنپەي كېڭىيىش سىياستىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. بۇ سىياسەت ۋاقىت جەدىۋىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماي،ھەم بۇ ۋاقىت جەدىۋىلىگە لوگىكىلىق چۈشەنچە بېرىشى كېرەك.

## ياۋروپانىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك ۋاقىت جەدىۋىلى

گەرچە ھازىرقى باسقۇچتا، ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېگرىسىغا ئېنىق چۈشەنچە بەرگىلى، ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقارغىلى بولمىسمۇ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ياۋروپا ئورتاق خرىستىئان دىنى ئەنئەنىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئاممۋى مەدەنىيەت. ياۋروپانىڭ نىسبەتەن تار بولغان غەرب ئېنىقلىمىسى رىم ئىمپرىيىسى ھەمدە تارىخىي مىراسلار بىلەن باغلىنىشلىق. ئەمما ياۋروپا خرىستىئان دىنى ئەنئەنىسى يەنە ۋىزانتىيە ھەمدە روسىيەنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى تارمىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت جەھەتتىن ياۋروپانىڭ مەنىسى پېتىر ياۋروپاسىدىن كۆپ كەڭ، گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەربىي ياۋروپا ئىزچىل «ياۋروپا» نامىنى سۇيئېستىمال قىلىۋاتقان بولسىمۇ، پېتىر ياۋروپاسى غەربىي ياۋروپادىن كۆپ كەڭرى، ھەتتا 2.3-رەسىمگە نەزەر




رەسىم2.3-

سالساقلا، ھازىرقى ياۋروپانىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمىز. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ياۋروپا ۋە روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرەپنىلا جەلپ قىلىدىغان، بىخەتەرلىك كاپالىتى بولمىغان بۇ رايون مۇقەررەر جىددىيچىلىك ۋە قوراللىق تىركىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كارل ئىمپرىيىسى دەۋرىدىكى ياۋروپا (پەقەت غەربىي ياۋروپا بىلەنلا چەكلىنىدۇ) سوغاق ئۇرۇشتا ئوبيېكتىپ زۆرۈر ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالدى، لېكىن مۇنداق ياۋروپا ھازىر غەيرىي تەبىئىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى كونسېرى بىرلىككە كېلىۋاتقان ياۋروپا بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپلا قالماي، يەنە بىر خىل تۇرمۇش ئۆلچىمى ھەمدە مىللەت ۋە زېمىن

**ماجراسىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىمايدىغان، ئورتاق دېموكراتىك پىروگىرامىسى بولغان سىياسىي ئەمەلىي گەۋدە. بۇ ھالدىكى ياۋروپانىڭ نۆۋەتتىكى رەسمىي تەشكىلىي دائىرىسى ئەمەلىي يوشۇرۇن كۈچىدىن خېلى كىچىك. نىسبەتەن ئېلىغار، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان بىر قانچە ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلىتى بىردەك غەربىي پېتىر (Western Petrine)ئەنئەنىسىگە تەۋە. ئاساسلىقلىرىدىن چېخ جۇمھۇرىيىتى، پولشا،ۋېنگىرىيە(ھونگىرىيە) بولۇپ،سلوۋېنىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. بۇ دۆلەتلەردە «ياۋروپا» ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىنى ھالقىغان بىخەتەرلىك سېستىمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ بولدى ھەمدە كىرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.**

**نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە، ش ئا ئە ت ئېھتىمال 1999-يىلى پولشا، چېخ جۇمھۇرىيىتى ۋە ۋېنگىرىيەنى قوبۇل قىلىش ۋە كېڭەيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. دەسلەپكى ئەمما مۇھىم بولغان بۇ قەدەمدىن كېيىن، ش ئا ئە ت نىڭ كېيىنكى ھەرقانداق كېڭەيىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيىشى بىلەن ماس قەدەملىك ياكى كەينىدىن بولىشى مۇمكىن. ياۋروپانىڭ كېڭەيىشى تېخىمۇ مۇرەككەپ باسقۇچتۇر. بۇ سالاھىيەتكە ئېرىشىشنىڭ بىر قانچە باسقۇچقا بۆلىنىشىدە، ئىتتىپاققا كىرىشتە چوقۇم يېتىشقا تېگىشلىك تەلەپتە ئېپادىلىنىدۇ (2.3-جەدۋەلگە قاراڭ). شۇڭا، تۇنجى تۈركۈم ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىش 2002-يىلدىن بۇرۇن بولىشى مۇمكىن ئەمەس، تېخىمۇ كېچىكىشى مۇمكىن. لېكىن ش ئا ئە ت نىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۈچ يېڭى ئەزاسى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرگەندىن كېيىن،**

**ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەزالىق سالاھىيىتى:ئىلتىماس قىلىشتىن قوبۇل قىلىشقىچە**

**مەلۇم بىر ياۋروپا دۆلىتى ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىگە ئىتتىپاققا كىرىش ئىلتىماسى سۇنىدۇ**

↓

**ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشى ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ بۇ دۆلەتنىڭ ئىلتىماسىغا كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىشنى تەلەپ قىلىدۇ**

↓

**ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى بۇ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش ئىلتىماسىدا ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىگە پىكىرىنى بايان قىلىدۇ**

↓

**ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشى بىردەك ماقۇللاش ئۇسۇلى بىلەن قارار چىقىرىش ئارقىلىق بۇ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش مەسىلىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ**

↓

**ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتى ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت بىلەن ئۆتكۈزگەن**

ئىتتىپاققا كىرىش سۆھبىتىدىكى مەيدانىغا پىكىر بېرىدۇ،ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشى بىردەك ماقۇللاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزىدۇ

↓

ياۋروپا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ۋەكىل بولۇپ ئىلتىماس سۇنغۇچى دۆلەت بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ

↓

ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت ئىتتىپاققا كىرىش شەرتنامىسى لاھىيىسىدە كېلىشىم تۈزەيدۇ

↓

ئىتتىپاققا كىرىش لاھىيىسى ياۋروپا كېڭىشى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ

↓

ياۋروپا پارلامېنتى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاۋاز بىلەن ئىتتىپاققا كىرىش لاھىيىسىنى تەستىقلايدۇ

↓

ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشى بىردەك ماقۇللاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىتتىپاققا كىرىش شەرتنامىسىنى تەستىقلايدۇ

↓

ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەر بىلەن ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت ئىتتىپاققا كىرىش شەرتنامىسىگە رەسمىي ئىمزا قويىدۇ

↓

ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەزا دۆلەتلىرى بىلەن ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت ئىتتىپاققا كىرىش شەرتنامىسىنى ئايرىم-ئايرىم تەستىقلايدۇ

↓

ئىتتىپاققا كىرىش شەرتنامىسى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەردە تەستىقلاش تاماملانغاندىن كېيىن رەسمىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ


)ماتىريالنى US-EU-Poland Action Commission تەمىنلىگەن(

ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت مۇقەررەر ھالدا بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىدىن سلوۋېنىيە، رومىنىيە، بولغارىيە، سلوۋاكىي ە(ئەڭ ئاخىرىدا ئۇكرائىنامۇ بولىشى مۇمكىن) لەرنى قوبۇل قىلىشنى كۈنتەرتىپكە تۇرغۇزىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئىتتىپاققا كىرىشنىڭ كېلەچەكى كەلگۈسىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ھەركىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا

ئە ت نىڭ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ھوقۇقى ۋە زېمىن تەلىپى جەھەتتىكى كۆپلىگەن توقۇنۇشلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنىڭ بولىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن (تۈركىيە ۋە گېرىتسىيەنىڭ ماجراسى كۆپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈردى)، سلوۋاكىيە، ۋېنگىرىيە ۋە رومىنىيەلەر ياۋروپا كومىتتى بېكىتكەن ئۆلچەمگە ماس كېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. پەقەت دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭلا ئىتتىپاققا كىرىش سالاھىيىتى بار دېگەن تومتاق پىرىنسىپمۇ ئوخشاشلا رول ئوينىماقتا. ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدا قالماسلىقتەك ئارزۇ-ئىستەك يېڭىدىن گۈللەنگەن دېموكراتىك دۆلەتلەرگە ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتمەكتە.
نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ياۋروپانىڭ سىياسىي بىر گەۋدىلىشىشى بىلەن بىخەتەرلىكىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىكتۇر. ئەگەر ئامېرىكا بىلەن ئورتاق بىخەتەرلىك تەرتىپى تۈزمىسە، ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي بىرلەشكەن ياۋروپانى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس .شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، سالاھىيىتى بار بولغان ھەم ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاققا كىرىش سۆھبىتىنى باشلىغان بۇ دۆلەتلەر موشۇ پەيتتىن باشلاپ، تەبىئىي رەۋىشتە ش ئا ئە ت نىڭ قىياسەن قوغدىشى ئاستىدا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.
ماس ھالدا، ياۋروپا ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستىمىسىنى كېڭەيتىش مۇساپىسى ئەتراپلىق تۈزۈلگەن بىر قانچە باسقۇچلار ئارقىلىق ئالغا سىلجىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپا ۋەدىسىنى باشتىن ئاخىر بىردەك ئادا قىلسا، ئۇنداقتا نوقۇل پەرەز بولغان، ئەمما يەنىلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەمەلىي تەرەققىيات باسقۇچىغا ماسلاشتۇرۇلغان ۋاقىت جەدىۋىلىنى تۆۋەندىكىدەك تۈزۈشكە بولىدۇ:
.1ئوتتۇرا ياۋروپادىكى تۇنجى تۈركۈم يېڭى ئەزا دۆلەتلەر 1999-يىلغا بارغاندا ش ئا ئە ت گە قوبۇل قىلىنىدۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىش ۋاقتى 2002-يىلى ياكى 2003-يىلدىن بۇرۇن بولماسلىقى مۇمكىن.
.2ياۋروپا ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاققا كىرىش سۆھبىتىنى بىرلا ۋاقىتتا باشلايدۇ، ش ئا ئە ت مۇ ئوخشاشلا بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرى ۋە رومىنىيەنىڭ تەشكىلاتقا كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ دۆلەتلەر 2005-يىلى ش ئا ئە ت گە كىرىش قەدىمىنى تاماملاپ بولىشى مۇمكىن.
.3بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ ش ئا ئە ت گە كىرىشى شېۋىتسارىيە ۋە فېنلاندىيەنىڭ ش ئا ئە ت گە كىرىشىگە تۈرتكە بولىشى مۇمكىن.
-2005 .4يىلدىن 2010-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇكرائىنا ئېھتىمال ياۋروپا ۋە ش ئا ئە ت بىلەن ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىشنى باشلىشى، بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە ئۇكرائىنا دۆلەت ئىچى ئىسلاھاتىدا زور ئىلگىرلەشكە ئېرىشسە ھەمدە باشقا ئەللەر تەرىپىدىن رەسمىي

**ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلىتى دەپ ئېتىراپ قىلىنىسا سۆھبەتنى باشلايدۇ.**
**شۇنىڭ بىلەن بىرگە، فرانسىيە-گېرمانىيە-پولشا ئۈچ تەرەپنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت رامكىسىدىكى ھەمكارلىقى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشى، بولۇپمۇ مۇداپىئە جەھەتتە شۇنداق بولىشى مۇمكىن. بۇ ھەمكارلىق كېڭەيگەن ياۋروپا بىخەتەرلىك ئورۇنلاشتۇرىشىنىڭ غەربىي يادروسىغا ئايلىنىشى ، بۇ بىخەتەرلىك ئورۇنلاشتۇرلىشى ئەڭ ئاخىرىدا روسىيە ۋە ئۇكرائىنانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. گېرمانىيە ۋە پولشانىڭ ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقى مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇكرائىنانىڭ ئەڭ ئاخىرىدا پەيدىنپەي فرانسىيە-گېرمانىيە-پولشا ئالاھىدە مۇناسىۋىتىگە سىڭىپ كىرىشى مۇمكىن. 2010-يىلغا بارغاندا 230 مىليون نوپۇسى بار فرانسىيە-گېرمانىيە-پولشا-ئۇكرائىنا سىياسىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ياۋروپانىڭ جۇغراپىيىسى ئىستراتېگىيىسىنى زورايتىدىغان شېرىككە ئايلىنىشى مۇمكىن(3.3-رەسىم.(**
**يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ تىنچلىق شەكلىدە ياكى روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت بارغانسېرى جىددىيلەشكەن ئەھۋالدا بارلىققا كېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. كېڭەيگەن، ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ دەرۋازىسى كەلگۈسىدە روسىيەگە ئېچىۋېتىلىدىغانلىقىغا ئوخشاش، ياۋروپا دەرۋازىسىنىڭمۇ روسىيەگە ئوچۇق ئىكەنلىكىگە داۋاملىق كاپالەت بېرىپ تۇرۇشى**




3.3-رەسىم

كېرەك. بۇ كاپالەتلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، روسىيە بىلەن ياۋروپانىڭ ھەرخىل ساھەلەردىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئاڭلىق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك (روسىيەنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇكرائىنانىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى كېيىنكى بابتا تېخىمۇ ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىنىدۇ).

ئەگەر ياۋروپا بىرلىككە كېلىش ۋە كېڭىيىش جەھەتتە ھەمدە بىرلاۋاقتىتا، روسىيەمۇ جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەھەتتە بىردەك مۇۋاپىقىيەت قازانسا، ئۇنداقتا روسىيە مەلۇم ۋاقىتقا بارغاندا ياۋروپا بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ئورنىتىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ يەنە ئەڭ ئاخىرىدا ئاتلانتىك ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى بىلەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى

بىرىكتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن ئەمەلىي رېئاللىق شۇكى، خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە روسىيەنىڭ ئىتتىپاققا كىرىش مەسىلىسى رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئەگەر بۇ ئاساسى بار گەپ ھېسابلانسا،ب ۇنى ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا روسىيەگە دەرۋازىنى ئېتىۋېلىشنىڭ باشقا بىر سەۋەبى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىمىز، يالتا ياۋروپاسى (the Europe of Yalta) نىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ۋېرسال ياۋروپاسى (the Europe of Versaille) مۇ قايتا بارلىققا كەلمەيدۇ. ياۋروپا بۆلۈنمە ھالىتىنىڭ ئاخىرلىششى ياۋروپانى كۆپلىگەن مىللىي دۆلەتلەر توختىماي ماجرالىشىدىغان ھالەتكە قايتۇرۇپ قويماسلىقى، ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى ئارقىلىق كۈچەيگەن، روسىيە بىلەن بولغان ئىجابىي بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تېخىمۇ بىخەتەر بولغان، ئەزالىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن ۋە بارغانسېرى بىرلىككە كەلگەن ياۋروپانى بارلىققا كەلتۈرۈشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى كېرەك. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپادىكى ئاساسلىق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىنتايىن ئاددىي قىلىپ: تېخىمۇ ھەقىقىي بولغان ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى قاراۋۇلخانىسىنى مۇستەھكەملەش، كېڭىيىۋاتقان ياۋروپانى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا خەلقئارالىق دېموكراتىيە ۋە ھەمكارلىق تەرتىپىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان،تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان تايانچ قىلىش دېگەنگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

ئىزاھات:

①مەسىلەن،تۆۋەندىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي خامچوتىدا،گېرمانىيە چىقارغان مەبلەغ:ياۋروپا ئىتتىپاقىدا28.5%، ش ئا ئە ت دا 22.8%، ب د ت دا8.93%. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە دۇنيا بانكىسى ۋە ياۋروپا تەرەققىيات ئېچىۋېتىش بانكىسىنىڭ ئەڭ چوڭ پايچىكى.

②Le Nouvel Observateur,August,1996 دىن نەقىل قىلىنغان.

③Cf. his History of Europe, from the Pyrenean Peace to the Death of Louis XIV.

④Politiken Sondag,August12,1996

⑤دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، فېنلاندىيە ۋە شېۋىتسارىيەدە تەسىرى بار جامائەت پىكرى ش ئا ئە ت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. 1996 -يىلى5-ئايدا، شېۋىتسارىيە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، فېنلاندىيە دۆلەت مۇداپىئە قىسمىنىڭ قوماندانى ش ئا ئە ت نىڭ شىمالىي ياۋروپا زېمىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1996 -يىلى8-ئايدا، شېۋىتسارىيە پارلامېنتى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ش ئا ئە ت بىلەن پەندىنېپەي قويۇق بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. باياناتىدا شېۋىتسارىيەنىڭ پەقەت ش ئا ئە ت غا ئەزا دۆلەتلەر قاتناشقان غەربىي ياۋروپا ھەربىي ھازىرلىقلار گۇرۇھى (WEAG) غا قاتنىششىنى ئوتتۇرىغان قويىدى.

## تۆتىنچى باب: قاراڭغۇ ئۆڭكۈر

دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ چوڭ دۆلەت 1991-يىلىنىڭ ئاخىرىدا پارچىلىنىپ كېتىپ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە «قاراڭغۇ ئۆڭكۈر» پەيدا قىلدى. بۇ جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسلار ئېيتقان «مەركىزىي بەلباغ» دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆيۈپ ئېلىنىۋېلىنغىنىغا ئوخشاش ئىدى.

بۇ مۇرەككەپ جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ئامېرىكىغا قاتتىق خىرىس ئېلىپ كەلدى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئامېرىكىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى چاك-چېكىدىن ئاجراپ كەتكەن، لېكىن يەنىلا كۈچلۈك يادرو قورالى ئامبىرى بولغان دۆلەتنىڭ سىياسىي قالايمىقانچىلىققا قېلىشىنى ياكى قايتىدىن دۈشمەنلىشەلەيدىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ئايلىنىش ئېھتىماللىقىنى ئازايتىشتۇر. ئەمما ئامېرىكىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ۋەزىپىسى يەنىلا: روسىيەنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنى قانداق قىلىپ ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ روسىيەنىمۇ مۇقىم، بىخەتەر ھالدا باغلاپ تۇرىدىغان تېخىمۇ چوڭ ياۋروپا-ئاتلانتىك سىستېمىسى قۇرۇشقا توسقۇنلۇق ياۋروئاسىيا ئىمپىرىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

## روسىيەنىڭ يېڭى جۇغراپىيىۋى سىياسەت مۇھىتى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلاپ چۈششى جۇڭگو-سوۋېت كوممۇنىزم گۇرۇھىنىڭ پەيدىنپەي پارچىلىنىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇساپىسى ئىدى. بۇ گۇرۇھ قىسقا مەزگىل ئىچىدە زېمىن جەھەتتە چىڭگىزخان ئىمپىرىيىسى بىلەن باراۋەر بولدى، بەزى ساھەلەردە ھەتتا ئېشىپ كەتتى. ئەمما ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بۇ گۇرۇھنىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقا بولدى. تېتو رەھبەرلىكىدىكى يۇگوسلاۋىيەنىڭ يۈز ئۆرىشى ۋە ماۋزېدۇڭ دەۋرىدىكى جۇڭگونىڭ بۇيرۇققا بوي سۇنماسلىقى، كوممۇنىزم لاگېرى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بوغۇش كۈچىنىڭ مىللەتچىلىك ئالدىدا كۆپ ئاجىزلىقىنى بالدۇرلا كۆرسىتىپ بەردى. جۇڭگو-سوۋېت گۇرۇھى 10 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەخمىنەن 70 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى.

تېخىمۇ بەكرەك جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى، نەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان موسكۋا ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۈيۈك روسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇشى ئىدى. بۇ ئىمپىرىيەنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ سەۋەبى سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سىياسىي ساھەدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇبىيىتى ئىدى، گەرچە تەۋرەنمەس مەخپىي تۈزۈملىرى ۋە ئۆزلۈك تەنھالىقى بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن نۇقسانلىرى گۇمران بولغاندا ئاندىن ئاشكارلىنىپ چىقتى. شۇڭا، دۇنيا خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتايىن تېزلىكتە ھالاك بولغانلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. 1991-يىلى12-ئايدا قىسقىغىنا ئىككى ھەپتە ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدى بىلەن روسىيە، ئۇكرائىنا، بېلوروسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى، ئاندىن

بالتىق دېڭىزىدىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەردىن باشقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت مۇجمەل گەۋدە ئورۇن ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىرىپزىدېنتى ئىلاجىسىز ئىستىپا بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقى بايرىقى كىرمىل سارىيىدىن چۈشۈرۈلدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئاساسلىقى روسلاردىن تەشكىل تاپقان 150 مىليون نوپۇسى بار روسىيە فېدراتسىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋارىسى بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، جەمئىي 150 مىليون نوپۇسى بار باشقا جۇمھۇرىيەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇستەقىللىق ھوقۇقىغا ئېرىشتى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە زور قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. پەقەت بىرنىم ئاي ئىچىدە، روسىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەمدى ياۋروئاسىيانى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىمپىرىيىنىڭ خوجايىنى ئەمەسلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا بولغان ئىدىيىۋى تەييارلىقى باشقا ئەللەرنىڭكىچىلىكمۇ يوق ئىدى. روسىيەنىڭ كاۋكاز رايونىدىكى چېگرىسى 19-ئەسىردىكى دائىرىسىگە كېلىپ قالدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چېگرىسى بولسا 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دائىرىگە كېلىپ قالدى. تېخىمۇ قىزىقارلىق ۋە ئازاپلىق بولغىنى غەربىي قىسمى بولۇپ،روسىيەنىڭ چېگرىسى چېكىنىپ 1600-يىللار ئەتراپىدىكى ئىۋان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى دائىرىگە كېلىپ قالدى. كاۋكاز رايونىنىڭ قولدىن كېتىشى تۈركىيەنىڭ تەسىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە بولغان ئىستراتېگىيىلىك ئەندىشىسىنى قوزغاپ قويدى. ئوتتۇرا ئاسىيانى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، ئېنېرگىيە ۋە كان بايلىقى مول بولغان زېمىننى يوقىتىپ قويغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. يوشۇرۇن ئىسلام تەھدىتىدىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى. ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىل بولىشى روسىيە پانسلاۋىيان (Pan-slavic) ئورتاق ئالاھىدىلىكىنىڭ تەڭرى ئاتا قىلغان باشلامچىسى دېگەن قاراشىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى.
نەچچە ئەسىردىن بۇيان چارپادىشاھ ئىمپېرىيىسى ئىگىلەپ كەلگەن، 70 نەچچە يىلدىن بۇيان روسىيە باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان زېمىندا ھازىر كۆپلىگەن دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. روسىيەدىن سىرت، كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىققە تەييارلىقى يوق ئىدى. بۇ دۆلەتلەر 52 مىليون نوپۇسى بار ئۇكرائىنادىن تارتىپ پەقەت 3 مىليون 500 مىڭ نوپۇسى بار ئەرمېنىيەگىچە بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقى ئېنىق ئەمەس، موسكۋانىڭ بۇ يېڭى رېئاللىقنى مەڭگۈلۈك قوبۇل قىلىش-قىلالماسلىقىنى ئوخشاشلا پەرەز قىلغىلى بولمايدۇ.20 مىليون روس ھازىرچە چەتئەل پۇقراسىغا ئايلىنىپ قېلىپ، روسلارنىڭ تارىخىي ھەيرانلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇ دۆلەتلەر سىياسىي

**جەھەتتە مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بارغانسېرى كۈچەيگەن سىياسىي سەرخىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۈچرىدى. نەچچە ئون يىللىق كۈچلۈك «روسلاشتۇرۇش» نى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەش ئىرادىسىگە كەلدى.**

**روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ غۇلاپ چۈشىشى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىدە كۈچلەر بوشلۇقىنى پەيدا قىلدى. يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ئاجىز، ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپلا قالماي، روسىيە ئۆزىمۇ داۋالغۇپ تۇرغاچقا، بولۇپمۇ سىياسىي داۋالغۇش بىلەن بىرگە كونىچە سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئەندىزىدىن ۋاز كېچىشكە ئۇرۇنغاچقا، ئومۇميۈزلۈك كىرزىس يۈز بەردى. روسىيە يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان تاجىكىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ تەختكە چىقىشىدىن ئەنسىرەپ ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغاچقا، مىللىي مەسىلىلەر تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. چېچېنىيەگە سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇقىرى بەدەل تۆلەشتەك شەپقەتسىز مۇداخىلە يۈرگۈزۈشى مەسىلىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. كىشىنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى، روسىيەنىڭ خەلقئارالىق ئىناۋىتى زور دەرىجىدە چۈشۈپ كەتتى. گەرچە كۆلىمى زور، ئەمما بارغانسېرى كونىراۋاتقان يادرو قورالى ئامبىرى بار بولسىمۇ، دۇنيادا دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ باققان روسىيە ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پەقەت ئۈچىنچى دۇنيادىكى رايونلۇق بىر چوڭ دۆلەتتىن ئىبارەت.**

**روسىيەنىڭ ئېغىر ئىجتىمائىي كىرزىسى جۇغراپىيىۋى سىياسەت بوشلۇقىنى كېڭەيتىۋەتتى. 70 نەچچە يىللىق بيۇكرات ھۆكۈمرانلىق روسىيە خەلقىگە ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كەلدى. زور تۈركۈمدىكى ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋە جاسارەتلىك كىشىلەر زىيانكەشلىككە ئۈچرىدى ياكى گۇلاگ (Gulag) ئەمگەك لاگېرىدا ئۆلۈپ كەتتى، سانى نەچچە مىليونغا يەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، 20-ئەسىردە روسىيە يەنە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كۈلپىتى، بىر مەيدان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قاباھىتى ۋە بۇزغۇنچىلىقىنى باشتىن كەچۈردى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ باستۇرۇش خاراكتېرىدىكى شەكىلۋازلىق ئىدىيىسى روسىيە بىلەن دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزىۋەتتى. روسىيەنىڭ ئىقتىسادىي سىياستى ئېكىلوگىيىلىك مەسىلىلەرگە قەتئىي پەرۋا قىلمىدى، مۇھىت ۋە خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 20-ئەسىرنىڭ90-يىللىرىغىچە پەقەت 40% باللا ساغلام تۇغۇلغان، بەشتىن بىر قىسىم باشلانغۇچ بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەقلىي تۆۋەنلىك مەسىلىسى كۆرۈلگەن. ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 57.3 ياشقا چۈشۈپ قالغان. روسىيە نوپۇسىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۇغۇلۇش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. روسىيەنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەمەلىيەتتە تىپىك ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرى سەۋىيىسىدۇر.**

20-ئەسىردە روسىيە خەلقى ئۇچرىغان ۋەھىمە ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىزدۇر. تۆۋەندىكى بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى تۈپەيلىدىن بارلىق ئائىلىلەردە دېگۈدەك نورمال مەدەنىيەت تۇرمۇشى بولۇپ باقمىغان.

• 1905-يىلدىكى ياپونىيە-روسىيە ئۇرۇشى روسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

• 1905-يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق «پرولېتارىيات» ئىنقىلابى كەڭ كۆلەملىك شەھەر زوراۋانلىق ھەركەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

• 1914-1917-يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا روسىيەدە نەچچە مىليون ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، ئىقتىساد ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

• 1918-1921-يىللاردىكى ئىچكى ئۇرۇشتا، يەنە بىر قېتىم نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەت ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

• 1919-1920-يىلدىكى روسىيە-پولشا ئۇرۇشى روسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

• 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، گۇلاگ ئەمگەك لاگېرى قۇرۇلۇپ، ئىنقىلابدىن بۇرۇنقى سەرخىللار قىرغىن قىلىندى ۋە روسىيەدىن كەڭ كۆلەمدە قېچىپ كەتتى.

• 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ بېشىدىكى ۋە ئوتتۇرىلىرىدىكى سانائەتلەشتۈرۈش ۋە كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەركىتى ئۇكرائىنا ۋە قازاقىستاندا كەڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق ۋە نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

• 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدىكى «چوڭ تازىلاش ۋە تېرورلۇق» تا، نەچچە مىليون ئادەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا قامالدى، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئېتىۋېتىلدى، نەچچە مىليون ئادەم خورلۇققا ئۇچراپ ئۆلدى.

• 1941-1945-يىللاردىكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، خەلق ۋە ئارمىيىسىدىن يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلەر مىليون ئادەمگە يەتتى، ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىق ئېغىر بولدى.

• 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم ستالىنزىم تېرورلۇقى يۈرگۈزۈلۈپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش ۋە كۆپلەپ ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىندى.

• 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 80-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئامېرىكا بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى قىلىش نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.


• 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىرىنى كارىب دېڭىزى، ئوتتۇراشەرق ۋە ئافرىقا رايونىغىچە كېڭەيتىشى بايلىقنى خورىتىپ تاشلىدى.

• 1979-1989-يىللاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ بايلىقنى زىيانغان ئۇچراتقان

ئافغانىستان ئۇرۇشى.

•سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇيۇقسىز پارچىلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ داۋالغۇشى،ئ ازاپلىق ئىقتىسادىي كىرزىس، قانلىق ھەم نومۇسلۇق چېچىنيە ئۇرۇشى.

روسىيەنىڭ ئىچكى كىرزىسى ۋە خەلقئارا ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ۋە تەشۋىشلەندۈرىدۇ، روسىيەنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سەۋەبلىك غەربىي قىسىمدا روسىيەنىڭ دۆلەت چېگرىسى كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان دەرىجىدە ئۆزگەردى. جۇغراپىيىلىك سىياسىي تەسىر دائىرىسىمۇ زور دەرىجىدە تارايدى (1.4 ـ رەسىم). 18 ـ ئەسىردىن بۇيان، روسىيە بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنى ئىزچىل كونترول قىلىپ كېلىۋاتاتتى.ھازىر رىگا (Riga) ۋە تاللىن (Tallinn)پورتىنى كەتكۈزۈپ قويغاچقا، روسىيەنىڭ بالتىق دېڭىزىغا كىرىپ ـ چىقىشى تېخىمۇ كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىدى ھەمدە قىش پەسلىدە مۇز تۇتمايدىغان پورتىنى كەتكۈزۈپ قويۇشنىڭ ئازابىنى تارتتى. گەرچە روسىيە ئاخىرقى ھېسابتا شەكىل جەھەتتە يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان، ئەمما ئېغىر دەرىجىدە روسلاشقان بىلوروسىيەگە بولغان سىياسىي رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يامراۋاتقان مىللەتچىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىلوروسىيەدە ئۇستۇنلىكنى ئىگەللىشىنى توسۇپ قېلىشى تەس. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سىرتىدىكى ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتىنىڭ يىمىرىلىشى پولشا ۋەكىللىكىدىكى سابىق ئوتتۇرا



**ياۋروپا ئۇششاق دۆلەتلىرىنىڭ تېزلىكتە ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

**ئەڭ چاتاق بولغىنى ئۇكرائىنانى يوقىتىپ قويۇش بولدى. مۇستەقىل ئۇكرائىنا دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بارلىق روسىيەلىكلەرنى ئۆزىنىڭ سىياسىي ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىپلا قالماي، روسىيەنى جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئۇكرائىنانىڭ 300 يىلدىن ئارتۇق روسىيە ئىمپېرىيىسى تارىخىدىن ئايرىلىپ چىقىشى، روسلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئىقتىساد ۋە ئىرق ھەم دىن جەھەتتە روسلار بىلەن ئىنتايىن يېقىن كېلىدىغان 52 مىليون ئادەمدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقى روسىيەنىڭ قارا دېڭىزدىكى باشلامچىلىق ئورنىدىن ئايرىپ قويدى، چۈنكى قارا دېڭىزدىكى ئودېسسا روسىيەنىڭ قارا دېڭىز رايونى ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىدىغان مۇھىم ئۆتۈشمە يول.**

**جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىن قارىغاندا، ئۇكرائىنانى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇش ھەل قىلغۇچ تەسىر پەيدا قىلدۇ، چۈنكى بۇ روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللىشىنى**

**قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرى ۋە پولشادىن ئايرىلىپ قالغان تەغدىردىمۇ، روسىيە ئۇكرائىنانى كونترول قىلىپ تۇرۇپ، ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسىنىڭ داھىيسى بولۇش، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. ئەمما ئۇكرائىنا ۋە 52 مىليوندىن كۆپ سلاۋيانىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، موسكۋانىڭ ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشتىكى ھەرقانداق غەرىزى روسىيەنى مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتە ئاللىقاچان ئويغىنىپ كەتكەن تۈركىي مىللەتلەر بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك توقۇنۇشقا پاتقۇزۇپ قويىشى مۇمكىن. چېچەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش بىرىنچى مىسال بولالايدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، روسىيە نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەۋاتقان، ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيا نوپۇسى شىددەت بىلەن ئېشىۋاتقانلىقتىن، ئۇكرائىنا بولمىغان ئەھۋالدا، پەقەت روسىيە كۈچلىرىنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان يېڭى ياۋروئاسىيا ئىمپېرىيىسى ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ياۋروپا خوسۇسىيىتى ئاجىزلاپ ئاسىيالىششقا يۈزلىنىدۇ.**

**ئۇكرائىنانىڭ قولدىن كېتىشى جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىلا مۇھىم بولۇپ قالماي،يەنە جۇغراپىيىۋى سىياسىي كاتالىزاتورلۇق رولىنى ئوينىدى. ئۇكرائىنا 1991-يىلى 12-ئايدا مۇستەقىللىق جاكارلىغانلىقتىن ھەمدە بېلاۋېجا (Belavezha) دىكى ھەل قىلغۇچ سۆھبەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى چېچىلاڭغۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئېلىشىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئۇكرائىنا سىياسىي ئۆزگىرىش خاراكتېرلىك ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۇكرائىنادا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقتىن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى فېدراتسىيەلەشكەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى نامى بولالمىدى. ئۇكرائىنانىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقى موسكۋانى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا دۆلەتلەرەە ئۈلگە بولۇپ بەردى. ئۇلار باشتا قورققان بولسىمۇ، كېيىن بەس-بەستە ئۇكرائىنانى تەقلىد قىلىشقا باشلىدى.**

**روسىيەنىڭ بالتىق دېڭىزىدا رەھبەرلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشتەك ئويۇن قارا دېڭىزدىمۇ قايتا ئوينالدى.ئۇكرائىنا مۇستەقىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ،بەلكى گرۇزىيە،ئەرمىنىيە،ئەزەربەيجان قاتارلىق يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان كاۋكاز دۆلەتلىرى تۈركىيەنىڭ بۇ رايوندا بىر مەزگىل يوقىتىپ قويغان تەسىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.1991-يىلدىن ئىلگىرى، قارا دېڭىز بولسا روسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزغا كىرىشتىكى چىقىش يولى ئىدى. 20-ئەسىرنىڭ90 -يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە روسىيەنىڭ قارا دېڭىزدا پەقەت تار قىرغاق بەلبېغىلا قالدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قارا دېڭىز فىلوتىنىڭ قالدۇق قىسمى ئۈچۈن**

ئىشلىتىۋاتقان قىرىمدىكى بازا روسىيە بىلەن ئۇكرائىنانىڭ تالاش-تارتىشىدا قالدى. روسىيە ش ئا ئە ت-ئۇكرائىنا دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتا چېقىش بىرلەشمە مانېۋىرىغا، تۈركىيەنىڭ قارا دېڭىز رايونىدىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا غەزەپلەنگەن هالدا قاراپلا قالدى. روسىيە يەنە تۈركىيەنىڭ چېچېنىيە قارشىلىق كۆرسىتىش قىسىملىرىغا ئۈنۈملۈك ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىدىن گۇمان قىلدى.

شەرقىي جەنۇبتا، جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ داۋالغۇشى ئوخشاشلا كاسپى دېڭىزى ئويمانلىقى هەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئومۇمىي ئورنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى كاسپى دېڭىزى ئەمەلىيەتتە روسىيەنىڭ بىر كۆلى ئىدى، پەقەت جەنۇبىدىكى ئاز بىر قىسمىلا ئىرانغا تەۋە ئىدى. مۇستەقىل ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئەزەربەيجان بارلىققا كېلىۋىدى، غەربلىك نېفىتكە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشى ئەزەربەيجاننىڭ كۈچىنى زورايتتى. يەنە مۇستەقىل قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستان دۆلىتى بارلىققا كەلدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر روسىيەنى هازىرقى كاسپى دېڭىزى ئويمانلىقىدىكى بايلىقنى تالاشقۇچى بەش تەرەپنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. روسىيە ئەمدى بۇ بايلىقلارنى خاتىرجەم بىر تەرەپ قىلالمايدىغان بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى روسىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبى چېگرىسىنىڭ شىمالغا 1600 كىلومېتىر چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ مول كان بايلىقى ۋە ئېنېرگىيە زاپىسى بولۇپ، مۇقەررەر هالدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. هۆكۈم قىلىشقى بولىدۇكى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سەرخىللىرىلا ئەمەس، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاددىي پۇقرالىرىنىڭمۇ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، دۇنيا قارىشى تېخىمۇ ئىسلاملىشىشى مۇمكىن. قازاقىستاننىڭ زېمىنى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئەمما 20مىليونغا يېقىن نوپۇستا قازاقلار بىلەن سلاۋيانلارنىڭ نوپۇسى ئاساسىي جەهەتتىن تەڭ بولۇپ، تىل ۋە مىللىي ماجرالار ئۆتكۈرلەشتى. ئۆزبېكىستاننىڭ نوپۇسى 25 مىليون بولۇپ، يەككە ئۆزبېك مىللىتى كۆپ، رەهبەرلىرى تارىختىكى شانلىق يىللىرىنى دارۋاڭ قىلىشقا ئامراق. ئۆزبېكىستان هازىر ئۆزگە بارغانسېرى ئىشەنگەن هالدا بۇ رايوندا مۇستەملىكىدىن كېيىنكى ئورنىنى تەكىتلىدى.ت ۈركمەنىستان جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەهەتتە قازاقىستان بىلەن يانداش بولۇپ، روسىيە بىلەن بىۋاستە چېگرىلانمايدۇ. دۇنيا بازىرىغا كىرىشتىكى ئۇچۇر-ئالاقە جەهەتتە ئىلگىرىكى روسىيەگە بولغان تايىنىشى ئازايىتىش ئۈچۈن، تۈركمەنىستان هازىر ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پائال ياخشىلىماقتا.

## جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىدىكى تۆرلۈك خىيالىي مەنزىرىلەر

پارچىلانغاندىن كېيىنكى روسىيەدە بىر مەزگىل تارىخىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك

**قالايمىقانچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا غۇلاپ چۈشىشى، بولۇپمۇ بۈيۈك روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىشى ۋە كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ پارچىلىنىپ كېتىشى روسىيەنى قايتا چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. كىشىلەر روسىيەنىڭ نۆۋەتتىكى تارىختا ئۆز-ئۆزىنى قانداق بەلگىلىشى مەسىلىسىدە كەڭ دائىرىلىك مۇنازىرىنى قانات يايدۇردى. كىشىلەر ئاشكارا ۋە خۇپىيانە ھالدا كۆپ قىسىم چوڭ دۆلەتلەر ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كەسكىن تالاش-تارتىش قىلدى: روسىيە دېگەن نېمە؟ روسىيە قەيەردە؟ روسىيەلىك بولۇش نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟**

**بۇلار پەقەت نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر، مەسىلىنىڭ ھەر قانداق جاۋابى مۇھىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنالارنى ئۆزىگە يۇغۇرغان. روسىيە ساپ روسلاردىن تەركىب تاپقان مىللىي دۆلەت ياكى ئېنىقلىما جەھەتتىن تېخىمۇ كەڭ بولىشى كېرەك (خۇددى بېرىتانىيە ئېنگلادتىن چوڭ بولغىنىدەك)، چوقۇم ئىمپېرىيە بولماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ تارىخ، ئىستراتېگىيە، مىللەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، روسىيەنىڭ مۇۋاپىق چېگرىسى قەيەردە؟ ئەگەر موشۇنداق تارىخ، ئىستراتېگىيە ۋە مىللەت نۇقتىسىدىن قارىساق، ئۇكرائىنانىڭ ئېغىشى ۋاقىتلىق ئېغىشمۇ (نۇرغۇن روسىيەلىكلەر موشۇنداق بولىشىنى خالايدۇ)؟ روسىيەلىكلەر مىللەت جەھەتتە چوقۇم روس (Russky) بولىشى ياكى سىياسىي جەھەتتە روسىيەلىك، ئەمما مىللەت جەھەتتە روس بولماسلىقى كېرەكمۇ يوق؟ (مۇنداقچە ئېيتقاندا Rossyanin دېگىنىمىز خۇددى ئەنگلىيەلىكلەر (British) ئىنگلىز (English) بولمىغىنىغا باراۋەر). مەسىلەن، يېلتسىن ۋە بىر قىسىم روسىيەلىكلەر چېچەنلەرمۇ روسىيەلىك ھەم شۇنداق دەپ قاراش كېرەك دەيدۇ (بۇ خىل قاراش تراگىدىيىلىك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى.(**

**سوۋېت ئىتتىپاقى گۇمران بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، روسىيەنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىكى بىر روسىيەلىك مىللەتچى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:**

**ئەگەر روسىيەلىكلەرگە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قورقۇنۇچلۇق ئاپەت راستىنلا يېتىپ كېلىپ دۆلەت پارچە-پارچە بولۇپ كەتسە، 1000يىللىق تارىخدا ئاچارچىلىقتا ئۇچرىغان ۋە ئالدانغان خەلق تۈيۈقسىز يار يۆلەكسىز قالىدۇ. بىزنىڭ ئىلگىرىكى «قېرىنداشلىرىمىز» كۆزدە-كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ، «مىللەتنى قۇتقۇزۇش قېيىقى» غا چىقىپ، چۆكۈپ كېتەي دېگەن بۇ پاراخوتتىن ئايرىلسا،ئۇنداقتا بىزنىڭ بارار جايىمىز قالمايدۇ......**

**ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەنىۋىيەتنى نامايەن قىلىدىغان «روسىيە ئىدىيىسى» دىكى روسىيە دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش كېرەك. روسىيە 1000 يىللىق پادىشاھلىق تارىخى ۋە 70 يىللىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىنىڭ بارلىق جەۋھەرلىرىنى جۇغلىشى كېرەك.②**

لېكىن بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ روسىيە خەلقى قوبۇل قىلالايدىغان ھەم رېئاللىققا ماس كېلىدىغان جاۋابنى تېپىش ناھايىتى تەس. روسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي كىرزىسى بۇنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىۋەتتى. روسىيەنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا قاراپ چىقساق، دۆلەت بولسا زېمىننى كېڭەيتىش ھەم ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ قورالى بولۇپ كەلگەن. بۇ دۆلەتمۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى نوقۇل مىللىي قورال دەپ قارىغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مىللەت ھالقىغان ئالاھىدە بۇرچنى ئادا قىلغۇچى دەپ قارايدۇ. دىن، جۇغراپىيىۋى سىياسەت ياكى ئىدېئولوگىيە قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن «روس ئىدىيىسى» گە ئوخشىمىغان تەبىر بەردى. ھازىر بۇ بۇرچ تۈيۈقسىز چۆرۈپ تاشلاندى، چۈنكى دۆلەتنىڭ چېگرىسى كىچىكلەپ، ئاساسلىقى بىر مىللەت بىلەن چەكلىنىدىغان دائىرىگە كېلىپ قالدى.

بۇنىڭدىن سىرت، روسىيەدە ئىمپېرىيە مىسسىئونېرلىق بۇرچىنىڭ تارتىۋېلىنىش خىرىسىغا دۇچ كەلگەنلىكى ئۆچۈنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قالدۇق كىرزىسلىرى ئېغىرلاشقان ئەمەس، بەلكى روسىيە دۆلىتىدىكى زامانىۋىلىق تەرەپدارلىرى (ھەمدە غەرب مەسلىھەتچىلىرى) روسىيە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قالاق ھالىتى بىلەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى نىسبەتەن تەرققىي قىلغان رايونلارنىڭ غايەت زور پەرقىنى كىچىكلىتىش ئۆچۈن، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ يېتەكچىسى، ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي رولىنى ئويناۋەرمەسلىككە قىستىدى. بۇ تەلەپ روسىيەنىڭ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى رولىغا سىياسىي جەھەتتە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك چەكلىمە قويىدۇ. بۇ روسىيە دۆلىتى ئىچىدىكى مۇستەھكەم قېلىپلاشقان تۇرمۇش ئەندىزىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ، روسىيە سىياسىي سەرخىللىرىنى جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى يۆلىنىشىنى يوقىتىپ قويۇپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا سالىدۇ.

كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان مۇنداق مۇھىتتا، كىشىلەر ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك، «روسىيە قاياقتىن قاياققا كېتىۋاتىدۇ ۋە روسىيە دېگەن نېمە؟» دېگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەرخىل سەۋەبلىرىنى دەرھال تاپقىلى بولىدۇ. روسىيەنىڭ ياۋروئاسىيانى كېسىپ ئۆتكەن جۇغراپىيىلىك ئورنى سىياسىي سەرخىللارنىڭ مەسىلىلەرنى جۇغراپىيىۋى سىياسەت نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىشنى بالدۇرلا بەلگىلەپ قويغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى روسىيەنىڭ تۇنجى دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئاندرېي كوزىرېۋ (Andrei Kozyrev)ۋەزىپە ئۆتىگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، يېڭى روسىيەنىڭ خەلقئارا سەھنىدە باشقىلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بەلگىلەشكە ئۇرۇندى، بۇ خىل تەپەككۇر ئەندىزىسىنى قايتىدىن بىر قېتىم قارار قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ بىر ئاي بولمايلا ئۇ:«بىز سوتسىيالىستىك ... ۋاز كېچىپ،

ئەمەلىيەتچىللىكنى ئىلگىرى سۈرۈشنى باشلىدۇق...... بىز ئىدېئولوگىيىنىڭ ئورنىنى جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئالغانلىقىنى تېزلا ھېس قىلىپ يەتتۇق» دېدى[3].

ئومۇلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، روسىيەدە ئۈچ چوڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيە تەسەۋۋۇرى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى. ئۈچ خىل تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆزئارا ئوخشىمىغان تەرەپلىرى بار بولۇپ، ئەمما ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا روسىيە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئامېرىكىغا زىت بولغان روسىيەنىڭ ئورۇن مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولىدۇ. ھەربىر تەسەۋۋۇر بىر قىسىم ئىچكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ ئوخشىمىغان ئىدىيە ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئامېرىكا بىلەن بولغان «پىششىپ يېتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەت» نى ئالدى بىلەن ئويلىشىش. بۇ تەشەببۇسنى قوللىغۇچىلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنياغا ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر.

2. «قوشنا ئەللەر» نى تەكىتلەش روسىيەنىڭ مەركىزىي مەسىلىسى. بۇنىڭدا بىر قىسىملار موسكىۋانىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئىقتىسادىي بىرلەشمە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما يەنە بىر قىسىملار ئەڭ ئاخىرىدا مەلۇم دەرىجىدىكى ئىمپېرىيە كونتروللۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئامېرىكا ياۋروپا بىلەن قارشىلىشالايدىغان چوڭ دۆلەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

3. ئۆكتىچى ئىتتىپاق. ئامېرىكىغا قارشى ياۋروئاسىيا ئىتتىپاقى قۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى ئۈستۈن ئورنىنى ئاجىزلىتىش.

گەرچە بىرىنچى تەسەۋۋۇر دەسلەپتە يېلتسىننىڭ يېڭى ھاكىمىيەت كوللىكتىپىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى تەسەۋۋۇر ئۈستۈنلىكنى ئىگەللىدى ھەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە يېلتسىننىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەنقىد قىلدى. ئۈچىنچى تەسەۋۋۇرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى سەل كېيىن بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇجمەللىكى ۋە ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولىشىغا قارىتا بەرگەن ئىنكاسى ئىدى. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ ئۈچ خىل ئېقىم پىششىپ يېتىلمىگەن بولۇپ، روسىيەنىڭ نۆۋەتتىكى دۆلەت كۈچى، خەلقئارالىق يوشۇرۇن كۈچى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى مەنپەئەت قارىشىغا بولغان تونۇلۇك خىيالىي مەنزىرىلەرگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭىلا پارچىلانغاندا، يېلتسىننىڭ باشتىكى مەيدانى روسىيەنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىدىكى ئەزەلدىن مۇۋاپىقىيەت قازىنالمىغان كونا قارىشى «غەربلىشىش» نى ھەقدادىغا يەتكۈزۈش ئىدى. ئۇ روسىيەنىڭ ئەسلىدىلا غەربكە تەۋە ئىكەنلىكىنى، غەربنىڭ

بىر قىسمى بولۇش ھەمدە دۆلەت ئىچى سىياستىدە ئامال بار غەرب بىلەن يېقىنلىششنى تەشەببۇس قىلدى. يېلتسىن ۋە ئۇنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بۇ قاراشنى ساقلاپ كەلدى.ي پلتسىن روسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ تارىخىنى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ ئەيىبلىدى.1990 ـيىلى 11ـئاينىڭ 19ـكۈنى، يېلتسىن كىيېۋدا تەنتەنىلىك ھالدا (كېيىن ئۇكرانلار ۋە چېچەنلەر يېلتسىننىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق يېلتسىننىڭ ئۆزىگە قارشى تۇردى).

روسىيە مەلۇم يېڭى بىر ئىمپىرىيىنىڭ مەركىزى بولۇشنى ئويلىغىنى يوق.....چۈنكى روسىيە ئۇزاق تارىختا بۇ رولنى ئۈستىگە ئېلىپ بولدى. روسىيە باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا بۇ رولنىڭ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. روسىيە بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشتى؟ ئاقىۋەت روسىيە تېخىمۇ ئەركىن بولالىدىمۇ؟ تېخىمۇ بەختلىك بولالىدىمۇ؟ تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، باشقا مىللەتلەرنى ئىدارە قىلغان بىر مىللەتنىڭ بەختلىك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.

غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا روسىيەنىڭ يېڭى رەھبىرىگە مەقسەتلىك ھالدا دوستانە ئىپادە بىلدۈرۈپ، روسىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياستى ئۆزگىنىدىكى كونا سوۋېت «غەرپپەرەسلىرى» نى ئىلھاملاندۇردى. بۇ روسىيە يېڭى رەھبەرلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئېغىشنى كۈچەيتتى ھەم روسىيە يېڭى رەھبەرلىرىنى غەربنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشنى بىۋاستە تەلەپ قىلىشقا قىزىقتۇردى. روسىيە يېڭى رەھبەرلىرى دۇنيادىكى بىر دىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولغىنىدىن خوشال بولدى. ئۇلار ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغان ھالدا ئۆزلىرىنى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتنىڭ رەھبىرى دەپ قارىدى. ئامېرىكىلىقلار ۋاشىنگتون بىلەن موسكۋا ئوتتۇرىسىدا «پىشىپ يېتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەت» ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، روسىيەلىكلەر بۇنى يېڭى ئامېرىكا-روسىيە دېموكراتىيىسىنىڭ ئورتاق ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىدىكى ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى كۈرىشىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى دەپ قارىدى.

ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ دائىرىسى يەرشارىۋىلىككە ئىگە ئىدى. روسىيە شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولۇپلا قالماي،ھ ەقىقىي باراۋەرلىك ئاساسىدىكى يەرشارىۋى شېرىك. دەل روسىيەنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى زېرىكمەي-تېرىكمەي چۈشەندۈرگىنىدەك، بۇ پەقەت پۈتۈن دۇنيانىڭ روسىيە ئامېرىكىنىڭ باراۋەر شېرىكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، روسىيەنىڭ قاتنىششى ۋە رازىلىقى بولماي تۇرۇپ، ھەرقانداق يەرشارىۋى مەسىلە ھەل بولمايدۇ، گەرچە ئاشكارا دېمىگەن بولسىمۇ، بۇ خىياللار : ئوتتۇرا ياۋروپا يەنىلا سىياسىي جەھەتتە روسىيەگە قارىتا ئالاھىدە مايىللىق تۈيغۇسى بار رايونغا ئايلىنىدۇ. ۋارشاۋا شەرتنامىسى تەشكىلاتى ۋە ئۆزئارا

ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش كومىتېتىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى سابىق ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ش ئا ئە ت گە ئېغىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، ھەتتا نوقۇل ياۋروپاغىمۇ ئېغىپ كەتمەيدۇ، دېگەن ئوي-خىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، روسىيە غەربنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەت ئىچى ئىسلاھاتى ئېلىپ بارالايدۇ، دۆلەتنى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىن چېكىندۈرۈپ چىقىپ دېموكراتىك ئورگانلارنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ. ئاندىن روسىيەنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشى، ئامېرىكىنىڭ باراۋەر شېرىكى بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنى ۋە روسىيەنىڭ غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچى يېقىندىلا مۇستەقىل بولغان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، روسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى دۆلەتلىرى روسىيەنىڭ ئۆزلىرىگە تەھدىت سالمىغىنىغا خوشال بولۇپ، روسىيە بىلەن مەلۇم شەكىلدىكى بىرلىشىشتىن پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بارا-بارا ھېس قىلىدۇ.
مەسىلە شۇكى، بۇ تەشەببۇس خەلقئارالىق رېئاللىقتا ماس كەلمەيدۇ ھەم دۆلەت ئىچى رېئاللىقىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ. «پىشىپ يېتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى» قارىشى ئاڭلىماققا ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئىشەنچلىك ئەمەس. ئامېرىكا دۇنياۋى كۈچلەردىن روسىيەنىڭ بەھرىمان بولىشىنى خالىمايدۇ، ھەتتا خالىغان تەغدىردىمۇ مۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. يېڭى روسىيەنىڭ دۆلەت كۈچى ئاجىز، جەمئىيىتى ناھايىتى قالاق، ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي يەرشارىۋى شېرىكى بولالمايدۇ. ۋاشىنگتونغا نىسبەتەن گېرمانىيە، ياپونىيە ۋە جۇڭگونىڭ روسىيە بىلەن باراۋەر دېگۈدەك مۇھىم تەسىرى بار. ياۋروپا،ئوتتۇراشەرق، يىراق شەرق قاتارلىق ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەردە،ئ امېرىكا بىلەن روسىيەنىڭ نىشانى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مۇبادا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىختىلاپ يۈز بەرسە، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ، مالىيە كۈچى، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە مەدەنىيەت جەلپ قىلىش كۈچىدىكى غايەت زور پەرق «پىشىپ يېتىلگەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى»نى قۇرۇق گەپكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، كۆپلىگەن روسىيەلىكلەر بۇ خىل قاراشنى مەقسەتلىك ھالدا روسىيەنى ئالداش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان، دەپ ھېس قىلىدۇ.
ئەگەر ئامېرىكا بالدۇراراق يەنى ئامېرىكا-روسىيە شېرىن ئاي مەزگىلىدىلا ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىشنى باشلىغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، روسىيەگە «رەت قىلىش تەسكە توختايدىغان سودىلىشىش» يەنى روسىيە بىلەن ش ئا ئە ت ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئالاھىدە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، روسىيەنىڭ ئۈمۈدسىزلىك كەيپىياتىنى يوقاتقىلى بولاتتى. ئەگەر ئامېرىكا ئېنىق ۋە قەتئىي ھالدا ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرىنى يولغا قويغان بولسا ھەمدە بۇ جەريانىنىڭ روسىيەنىمۇ ئۆز

ئېچىگە ئالدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن بولسا، ئېھتىمال روسىيەنىڭ پىشىپ يېتىلگەن شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە بولغان ئۈمۈدسىزلىنىشىنى يوقاتقىلى بولاتتى، كېرمىل سارىيىدىكى غەربپەرەسلەرنىڭ سىياسىي ئورنىمۇ ئاجىزلاپ كەتمەيتتى.
-1993يىلى 8-ئايدا يېلتسىن پولشانىڭ ئاتلانتىك ھالقىغان ئىتتىپاققا كىرىشىنى ئاشكارا قوللاپ، بۇنىڭ «روسىيەنىڭ مەنپەئەتى»بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ۋاقتى ئامېرىكىنىڭ قول سالدىغان ياخشى پەيتتى ئىدى. ئەمما كېلىنتون ھۆكۈمىتى ئەينى چاغدا يەنىلا «روسىيە بىرىنچى» سىياستىنى يولغا قويۇپ، يەنە ئىككى يىل قىينىدى. بۇ ۋاقىتتا، كېرمىل سارىيىنىڭ رايى ئۆزگەردى، ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بولغان، ئەمما داۋالغۇپ تۇرىۋاتقان ش ئا ئە ت نى مەقسەتلىك كېڭەيتىشكە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىدى. 1996-يىلغا كەلگەندە،ئ امېرىكا ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىشنى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ بىخەتەر ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش سىياستىنىڭ مەركىزىي نىشانى قىلىپ بېكىتكەندە، روسىيەلىكلەر قەتئىي قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسىدە بولدى. شۇڭا،1993 -يىلنى تارىخىي پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغان بىر يىل دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.
ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، روسىيەنىڭ ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە ئالاقىدار بارلىق ئەندىشىسىنى قىلچىمۇ ئاساسى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ھەقىقەتەن بىر قىسىم ئۆكتىچىلەر، بولۇپمۇ روسىيە ھەربىي خادىملىرى سوغاق ئۇرۇش دەۋرىدىكى تەپەككۇرى بويىچە، ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى ياۋروپانىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى روسىيەگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئىتتىپاقنىڭ روسىيەنى قىستاپ كېلىشى دەپ چۈشەندى. روسىيە دېپلوماتىيە سىياستىدىكى سىياسىي سەرخىللارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلدارلىرى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جاھىل جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيە قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا پۇت تىقىشىغا ھوقۇقى يوق، ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئامېرىكىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش دەپ قارىدى. مۇبادا روسىيە قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قالسا، بىر قىسىم ئۆكتىچىلەرنىڭ ھەرقانداق گۇرۇھتىن خالىي ئوتتۇرا ياۋروپانى يەنە بىر قېتىم روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي تەسىر دائىرىسىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئارزۇسى كۈچىيىدۇ.
ئەمما روسىيەدىكى كۆپلىگەن دېموكراتلار ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى سەۋەبلىك روسىيەنىڭ ياۋروپانىڭ سىرتىدا قېلىشىدىن، سىياسىي جەھەتتە چەتكە قېقىلىشىدىن، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ مېخانىزىملاشقان رامكىسىغا قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق، دەپ قارىلىشتىن ئەندىشە قىلماقتا. مەدەنىيەت جەھەتتىكى خەۋپسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى ئەندىشىسى قوشۇلۇپ، روسىيەنى ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى

غەربنىڭ روسىيەنى يېتىم قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدەك، روسىيەنى دۇنيادا يار-يۆلەكسىز قالدۇرۇپ، كۆپ خىل دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئاسانلىقچە ئۇچرايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش سۇيىقەستىدەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇنىڭدىن سىرت، روسىيە دېموكراتلىرى ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارنىڭ موسكۋانىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نەپرىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان سېستىمىسىغا كىرىش ئارزۇسىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ.
يىغىنچاقلىغاندا، روسىيە غەربپەرەسلىرىنىڭ ئۈمۈدسىزلىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىدىن ساقلىنىش تەس. سەۋەبى يېڭى روسىيە سەرخىللىرى ئىچىدە ئىختىلاب ئېغىر، پىرېزىدېنت ۋە دېپلوماتىيە مىنىسترى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە جەھەتتە باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمەس رەھبەر بولالمايدۇ،ئۇلار يېڭى روسىيەنىڭ ياۋروپادا زادى نېمىگە ئېرىشىش كېرەكلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، روسىيەنىڭ ئاجىزلىقى ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي چەكلىمىلەرنى ھەقىقىي مۆلچەرلەپ بېرەلمەيدۇ. موسكۋانىڭ سىياسىي كۈرەشكە تەييارلانغان دېموكراتچىلىرى دېموكراتىك روسىيەنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان دېموكراتىك چوڭ ئائىلىنىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى، روسىيەنىڭ مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدىغانلىقىنى قەيسەرلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئامالسىز. ئامېرىكا بىلەن يەرشارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورۇندىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش ئارزۇسى موسكۋانىڭ سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدا، ھەتتا سابىق ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىچىدە روسىيەنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئورنىنى قۇرۇش ئىدىيىسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ.
كېرىمىل سارىيى ستالىن ئېلىپ بارغان بارلىق بويسۇندۇرۇش ھەركەتلىرىنىڭ ئامېرىكا روسىيە ئىختىلاپىنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكىنى ئېنكار قىلىشنى خالىمايدۇ. غەرب جامائەتچىلىكى، بولۇپمۇ شىمالىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا جامائەتچىلىكى روسىيەنىڭ بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرىگە بولغان تۇترۇقسىز پوزىتسىيىسىدىن خاتىرجەمسىزلەندى. روسىيە گەرچە ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتراپ قىلغان ھەم ئۇلارنى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە كىرىشكە مەجبۇرلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ستالىن دەۋرىدە مەقسەتلىك ھالدا بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىگە كۆچمەن بولۇپ بارغان زور تۈركۈم روس ئاممىسىنى ئېتىبار مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەتتا روسىيەدىكى دېموكراتچى رەھبەرلەرمۇ پات-پات تەھدىت سېلىش ۋاستىسىنى ئىشلەتتى. كېرىمىل سارىيى 1939-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ناتسىست گېرمانىيە تۈزگەن بالتىق دېڭىزى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مەجبورىي سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەخپىي كېلىشىمنى ئەيىبلەشنى خالىماسلىقى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ قاتماللاشتۇرىۋەتتى، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلاپ چۈشۈپ

5 يىلدىن كېيىن، كېرمىل سارىيىنىڭ باياناتچىسى 1996-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى رەسمىي باياناتىدا بالتىق دېڭىزى دۆلەتلىرىنىڭ 1940-يىلى ئۆزلىكىدىن سوۋېتقا «كىرگەنلىكىنى» دە چىڭ تۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى روسىيە سەرخىللىرى غەربنىڭ ياردەم قىلىشىنى ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالغان بوشلۇقتا روسىيەنىڭ ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. شۇڭا، ئۇلار غەربنىڭ يېڭى مۇستەقىل بولغان ھەر قايسى سابىق سوۋېتلەر دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلىقىنى مۇستەھكەملەشكە ياردەم بېرىشىنى خالىغانلىقىدىن غەزەپلەندى. گەرچە روسىيەنىڭ بىر قىسىم ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياستى تەھلىلچىلىرى ئاگاھلاندۇرۇپ:«ئامېرىكا بىلەن قارشىلىشىش......ساقلىنىشقا تېگىشلىك بىر تاللاش» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسسىزلا ئامېرىكا پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قايتىدىن تەڭشەپ......بۇ قۇرۇقلۇقتا ئاساسلىق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ بارلىققا كەلمەسلىكىنى، نۇرغۇن ئوتتۇرا دەرىجىدىكى نىسبەتەن مۇقىم، خېلى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بولۇشىنى......ئەمما بۇ دۆلەتلەرنىڭ يەككە ياكى پۈتكۈل گەۋدىسى بولسۇن ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايدىغانلىقى④ نى پىلانلىماقتا دەپ كۆرسەتتى.

بۇ جەھەتتە ئۇكرائىنا ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ 1994-يىلغا كەلگەندە ئامېرىكا ئۇكرائىنا بىلەن بولغان مۇناسىۋتىگە بارغانسېرى ئەھمىيەت بەردى ھەمدە ئۇكرائىنانىڭ يېڭى مىللىي ئەركىنلىك خاھىشىنى ساقلاپ قېلىشىغا ياردەم بېرىپ، نۇرغۇن روسىيەلىكلەرگە، ھەتتا روسىيە غەربپەرەسلىرىگىمۇ بۇنىڭ روسىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇكرائىنانى قايتىدىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش سىياستىگە قارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. روسىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مەلۇم شەكىلدە ئۇكرائىنا بىلەن بىلەن «قايتىدىن بىر گەۋدىلىشىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نۇرغۇن روسىيە سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ تەۋرەنمەس ئېتىقادى.⑤ نەتىجىدە، روسىيە جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە تارىخ نۇقتىسىدىن ئۇكرائىنانىڭ بۆلۈنمە ئورنىغا بولغان گۇمانى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىمپېرىيە تۈسى ئالغان روسىيەنىڭ دېموكراتىك روسىيە بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن قارىشى دەل توقۇنۇشۇپ قالدى.

بۇنىڭدىن سىرت، نوقۇل ھالدىكى دۆلەت ئىچى سەۋەبلىرىمۇ «ئىككى دېموكراتىك دۆلەت» ئوتتۇرىسىدىكى «پىشىپ يېتىلگەن دېموكراتىك مۇناسىۋەت» نىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. روسىيە بەك قالاق، ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بەك ئېغىر، ئامېرىكىنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىك شېرىكى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ مۇھىم رېئاللىق شېرىكلىك مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار چىرايلىق

گەپلەرنى يېپىپ قالالمىدى. روسىيە پەقەت قىسمەن ھالدا ئۆتمۈشتىكى تارىخنى ئايدىڭلاشتۇرالىدى. بارلىق «دېموكراتچى» رەھبەرلەرنىڭ گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆتمۈشگە بولغان ئۇمۇدى يوققا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى تۈزۈلمىسىنىڭ مەسھولى ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ سەرخىللىرى ئىچىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردۇر. ئۇلار پولشا، چېخنىڭ رەھبەرلىرىدەك ئوخشىمىغان پىكىرنى ساقلاپ كەلگەنلەرمۇ ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ھاكىمىيەت ئورگىنى گەرچە ئاللىقاچان ئاجىزلاپ كەتكەن، ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلغان، چىرىكلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەۋجۇت.
يېڭى دېموكراتىك سەرخىللار روسىيەنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي كىرزىسى سەۋەبلىك سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئاجىز. روسىيە ئىقتىسادى كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھاتقا موھتاج، دۆلەت ئىقتىسادقا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. شۇڭا، روسىيە غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئۈمىد باغلىدى. بىراق بۇ ياردەملەر، بولۇپمۇ گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ياردەم سانى ھەقىقەتەن بارا-بارا كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما روسىيەنىڭ ئىقتىسادىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. موشۇ سەۋەبلىك جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقى، بولۇپمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن تەنقىدچىلەرنىڭ چۇقانلىرى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلار ئامېرىكا بىلەن بولغان شېرىكلىك مۇناسىۋەت ساختا، ئامېرىكىغا پايدىلىق بولغىنى بىلەن روسىيەنى تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ، دەپ دارۋاڭ قىلدى.
يىغىنچاقلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى نەچچە يىل ئىچىدە، ئوتتۇرىلىق يەرشارىنىڭ شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىشتىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئالدىنقى شەرتلىرى ھازىرلانمىدى. دېموكراتىك غەربپەرەسلەرنىڭ قويغان باھاسى بەكلا يۇقىرى بولۇپ كەتتى، ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرى بولسا بەكلا ئاز بولۇپ قالدى. ئۇلار ئامېرىكا بىلەن باراۋەر شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتماقچى ياكى ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە خالىغانچە ئىش كۆرمەكچى ھەمدە ئوتتۇرا ياۋروپادا جۇغراپىيىلىك سىياسەت جەھەتتە «ئادەمسىز رايون» قۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىغا بولغان ئۆچمەنلىك ۋە ئىپتىخارلىنىشتەك زىددىيەتلىك پسىخىكىسى ئۇلارنىڭ يەرشارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقى، روسىيە ئىقتىسادىي كىرزىسىنىڭ ئېغىرلىشىشى، ئۇلارنى يەنە كەڭ جەمئىيەتنىڭ قوللىشى كەمچىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ باراۋەر شېرىكلىك ئۇقۇمىدىكى مۇقىم ۋە ھەقىقىي دېموكراتىك روسىيە قۇرۇپ چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس.
روسىيە ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى، يەنى ئىچكى سىياسىي ئىسلاھات مۇساپىسىنى چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك، ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس دېموكراتىيىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇساپىسىنى ۋە تېخىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس ئىجتىمائىي ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈشى

كېرەك، ئاندىن ئوتتۇرا ياۋروپادىلا ئەمەس، يەنە سابىق روس ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدە يېڭى ئىدىيىۋى كەيپىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىمپېرىيالىزملىق كەيپىياتتىن مىللىي كەيپىياتقا قاراپ چوڭقۇر ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارالايدۇ. ئاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەرقىقىي شېرىكلىك مۇناسىۋەتنى جۇغراپىيىسى سىياسىي تاللاش بولالايدۇ.

مۇنداق ئەھۋالدا «قوشنا ئەللەر» نى ئالدى بىلەن تەشەببۇس قىلىشنىڭ غەربكە مايىل سىياسىي تاللاشقا قارىتا ئاساسلىق تەنقىد ۋە دەسلەپكى قەدەمدە دىپلوماتىيە سىياستىدىكى باشقا بىر تاللاش بولۇپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بۇ تەشەببۇس «شېرىكلىك مۇناسىۋەت» تىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم روسىيەگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىم بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىداش جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نەزەرگە ئالمىدى دەپ قارىدى. «قوشنا ئەللەر» بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىگىلىگەن جۇغراپىيىلىك سىياسىي رايوندا ، موسكۋانى قارار چىقىرىش مەركىزى قىلغان ئۈنۈملۈك رامكىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى قاتتىق تەكىتلەيدىغان تەشەببۇسنىڭ قىسقىچە ئاتىلىشى بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالدا كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا غەربكە، بولۇپمۇ ئامېرىكىغا ئېغىشقان سىياسەتنىڭ نەتىجىسى ئاز، بەدىلى زور دەپ قارىدى. ئۇنداق سىياسەت غەربنى سوۋېت پارچىلىنىشتىن كەلگەن پۇرسەتتىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنالايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئەمما «قوشنا ئەللەر» ئېقىمى يەنە نەچچە خىل ئوخشىمىغان جۇغراپىيىۋى سىياسىي قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئېقىم مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنى موسكۋا رەھبەرلىكىدىكى ياۋروپاچە تەشكىلاتقا ئايلىنالايدۇ دەپ قارايدىغان ئىقتىسادىي فۇنكسىئونالىزم ۋە ئىقتىسادىي قارار چىقارغۇچىلارنى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم «غەربپەرەس زاتلار» مۇ بار) ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، يەنە بىر قىسىم ئىقتىسادىي گەۋدىلىششنى ئىمپېرىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قورالى دەپ قارىغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئىقتىسادىي بىرگەۋدىلىششنى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى رامكىسىدا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ، روسىيە-بېلوروسىيە ياكى روسىيە، بېلوروسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىقمۇ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر يەنە روسىيە، ئۇكرائىنا ۋە بېلوروسىيەدىن تەشكىل تاپقان سلاۋيان ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سلاۋيان رومانتىكىزمچىلىرىنى ھەمدە ياۋروئاسىيائىزم دېگەن بۇ سىرلىق ئۇقۇمنى روسىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي بۇرچى قىلىشنى قوللايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

»قوشنا ئەللەر» ئاكتىپ تەشەببۇسنىڭ تار شەكىلدە ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئالاقىدار پەقەت بىرلا سەۋەبنىڭ تولۇق مەيدانى بار، يەنى روسىيە ئالدى بىلەن چوقۇم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش،

بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىقتىسادىي تايىنىش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش سىياستى بولغاچقا، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار روسىيە بىلەن يەنىلا باغلىنىپ تۇرماقتا. بۇ تەرىپى ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى روسىيەنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد رەھبەرلىرى دائىم تەكىتلەيدىغان «ئورتاق ئىقتىسادىي بوشلۇق» قا سەل قارىسا بولمايدۇ. ھەمكارلىق، ھەتتا مەلۇم خىلدىكى بىرگەۋدىلىشىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا زۆرۈردۇر. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىي پارچىلىنىشى ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق ۋە پارچە-پارچە ھالەتنى ئوڭشاش، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بىرلەشمە ئورگىنىنى كۈچەيتىش نورمال ھەم مۇۋاپىقتۇر.
بىر قىسىم روسىيەلىكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا نىسبەتەن ئۈنۈملۈك ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. كىشلەرنىڭ روسىيەنىڭ ۋەزىيىتىنى دائىم ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرىشىنىڭ ئاساسى بار. ئىقتىسادىي بىرگەۋدىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۆتىدىللەر روسىيە ئىمپىرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئېنىق قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن، 1992-يىلى 8-ئايدا بىر قىسىم مەشھۇر زاتلار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن تەشكىللەنگەن «دىپلوماتىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئە سىياستى كومىتىتى» ئېلان قىلغان «روسىيە ئىستراتېگىيىسى» ناملىق تەسىر قوزغىغان دوكلاتتا، قاراتمىلىق ھالدا «ئىمپىرىيەدىن كېيىنكى يىراقنى كۆرەر بىر گەۋدىلىشىش» نى قۇرۇپ چىقىپ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئورتاق ئىقتىسادىي بوشلۇق» قىغا مۇناسىپ پىلان قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.
ئەمما «قوشنا ئەللەر» تەشەببۇسىنى تەكىتلەش ھەرگىزمۇ رايونلۇق ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتىكى سىياسىي مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلىش تەلىماتى ئەمەس. باشقا جۇغراپىيىۋى سىياسەتلەرنىڭ مەزمونى ئىمپېرىيە ھىدىنى ئالغان، ھەتتا نىسبەتەن مۆتىدىل بولغان 1992-يىلدىكى دوكلاتتىمۇ ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن روسىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەرب بىلەن ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ مۇناسىۋەتتە روسىيەنىڭ «شەرقىي ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش» رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى دارۋاڭ قىلغان ئىدى. «قوشنا ئەللەر» تەشەببۇسىنى قوللايدىغان باشقا كىشلەر تېخىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا بولدى. ئۇلار روسىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى بوشلۇقتىكى «ئالاھىدە رولى» نى تىلغا ئېلىشتى، غەربنىڭ ئۇكرائىنا ۋە باشقا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشنى روسىيەگە قارشى سىياسەت يۈرگۈزگەنلىك دەپ ئەيىبلىدى.
روسىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ 1993-يىلدىكى رەئىسى ي ئامبارتسۇمۇۋ

(Y.Ambartsumov) نىڭ سەپسەتىسى گەرچە ئۇچىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تىپىكتۇر. ئامبارتسۇموۋ «شېرىكلىك مۇناسىۋەت» ئاكتىپ سىياستىنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بوشلۇقى روسىيەنىڭلا مۇستەقىل سىياسىي دائىرىسى دەپ ئاشكارا جار سالدى. 1994-يىلى 1-ئايدا، ئامبارتسۇموۋنىڭ سەپسەتىسىنى ئىلگىرى غەربكە مايىل سىياسەتنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدىغان دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئاندىرېي كوزرېۋ (Andrie Kozyrev) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. كوزرېۋ:«روسىيە نەچچە ئەسىردىن بۇيانقى روسىيەنىڭ مەنپەئەت دائىرىسىدىكى رايونلاردا ھەربىي مەۋجۇتلىقىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىشى كېرەك» دېدى. ئەمەلىيەتتە، 1994-يىلى4-ئاينىڭ 8-كۈنى «خەۋەرلەر گېزىتى» روسىيەنىڭ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەردە 28 ھەربىي بازىسىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ساقلاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەگەر خەرىتىدە روسىيەنىڭ كالىنىنگراد، مولدىۋا، قىرىم، ئەرمىنىيە، تاجىكىستان ۋە كۈرىل تارقىم ئاراللىرىدىكى ھەربىي بازىلىرىنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرساق، ئەمەلىيەتتىمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىرتقى چېگرىسى بىلەن تەڭداش كېلىدۇ

2.4-رەسىم




**2.4-رەسىم**

1995-يىلى9-ئايدا، يېلتسىن روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىگە قارىتا رەسمىي ھۆججەتنى ئېلان قىلغاندا، روسىيەنىڭ نىشانىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دېدى:

روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە بولغان ئاساسلىق سىياسىتىنىڭ نىشانى خەلقئارا جەمئىيەتتە مۇناسىپ ئورنى بولغان سىياسىي، ئىقتىسادى بىرگەۋدىلەشكەن دۆلەتلەر ئىتتىپاقى قۇرۇش، روسىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى بوشلۇقتا قۇرغان دۆلەتلەر ئارا يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش.

كىشىلەر بۇ ھۆججەتنىڭ سىياسىي ساھەدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك، يەككە ئەمەلىي گەۋدە ۋە «ئۇ» نىڭ دۇنيا

سىستېمىسىدىكى ئورنىنى تەكىتلەش خاراكتېرىدە ئوتتۇرىغا قويغان، روسىيە بۇ يېڭى ئەمەلىي گەۋدىدىكى باشلامچىلىق رولىنى تەكىتلىگەن. تەكىتلىگەن چاغدا، موسكۋا روسىيەنىڭ يېڭى قۇرۇلغان مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بىلەن بولغان سىياسىي، ھەربىي مۇناسىۋىتىنى چوقۇم كۈچەيتىشى كېرەك، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق قىسىملىرى چوقۇم رەسمىي شەرتنامە ئارقىلىق بىر-بىرىگە باغلىنىشى كېرەك؛ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ «سىرتقى» چېگرىسىنى چوقۇم موسكۋا كونترول قىلىشى كېرەك؛ روسىيە ئارمىيىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى ھەر قانداق تىنچلىق ساقلاش ھەركىتىدە چوقۇم ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى كېرەك؛ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدە چوقۇم ئورتاق دىپلوماتىيە سىياستى تۈزۈش ھەمدە ئاساسلىق ئورگىنى موسكۋادا تەسىس قىلىنىشى (1991-يىلى ئەسلىدە بېكىتىلگەن مىنىسكىدا ئەمەس) كېرەك، روسىيە پىرېزىدېنتى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى باش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىشى كېرەك دېگەنلەردە چىڭ تۇردى.

لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى.1995 -يىلى9-ئايدىكى ھۆججەتتىمۇ مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

روسىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە رادىئو ئىستانسىسى قوشنا ئەللەردىكى تارقىتىشقا كاپالەتلىك قىلىشى، روسىيە خەۋەرلىرىنى بۇ رايوندا ئاڭلىتىش قوللاشقا ئېرىشىشى كېرەك، روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە مىللىي كادىرلارنى تەربىيەلەپ بېرىشى كېرەك.

روسىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ياشلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئويلىشىش كېرەك، روسىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى زېمىندا ئاساسلىق مائارىپ مەركىزى بولۇش ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

مۇنداق كەيپىيات بىلەن 1996-يىلنىڭ بېشىدا، روسىيە دۇماسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇ يىلى باھاردا، روسىيە بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى بىر قەدەر رايىش ئەزالار ئىككى كېلىشىم ئىمزالاپ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بىرگەۋدىلىشىش مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داغدۇغىلىق ئىمزالانغان بىر كېلىشىمدە يېڭى «ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسى» (روسچە قىسقارتىپ يېزىلىشى SSRبولۇپ،سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى USSRگە بولغان تەلپۈنىشى يېتەرلىك) دائىرىسىدە روسىيە بىلەن بېلورۇسىيەنىڭ ئىتتىپاقىنى قۇرۇش بەلگىلەنگەن. يەنە بىرى روسىيە، قازاقىستان، بېلورۇسىيە، قىرغىزىستان ئىمزالىغان كېلىشىم بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك «بىر گەۋدىلەشكەن دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسى» (Community of Integrated

(states قۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ئىككى كېلىشىم روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ ئىچكى بىر گەۋدىلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقىغا تاقەت قىلالمىغانلىقىنى ھەمدە بۇ مۇسىپنى قەتئىي ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.
»قوشنا ئەللەر» سىياستى مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ مەركىزىي مېخانىزىمنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەيدۇ، شۇڭا ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قارارىزىم
(economic determinism) ئىدىيىسىنىڭ بىر قىسىم تەركىبلىرى بىلەن ناھايىتى كۈچلۈك ئىمپېرىيە قۇرۇش سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى بىرلەشتۈردى، ئەمما تېخىمۇ يۇقىرى پەلسەپە يۈكسەكلىكىدە ياكى جۇغراپىيىۋى سىياسەت نۇقتىسىدىن كىشىنى بىئارام قىلىدىغان «روسىيە دېگەن نېمە؟»، «روسىيەنىڭ ھەقىقىي بۇرچى ۋە مۇناسىپ دائىرىسى نېمە؟» دېگەن سوئاللارغا يەنىلا جاۋاب بېرەلمىدى.
ئوخشاشلا «قوشنا ئەللەر» نى تەكىتلەيدىغان ھەمدە بارغانسېرى جەلپ قىلىۋاتقان ياۋروئاسىيائىزم ئىدىيىسىنىڭ تولۇقلايدىغىنى دەل بۇ بوشلۇقتۇر. مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە ھەتتا سىرلىق سۆزلەر بىلەن شەرھىيلەنگەن بۇ ئىزمنىڭ يۆلىنىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى: جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، روسىيە پۈتۈنلەي ياۋروپا دۆلىتى ئەمەس،پ ۈتۈنلەي ئاسىيا دۆلىتىمۇ ئەمەس. شۇڭا روسىيە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ياۋروئاسىيا ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. بۇ خىل ئالاھىدىلىك روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تىنچ ئوكيان قىرغىقىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى ئالاھىدە كونترول قىلىشتىن قېلىپ قالغان، موسكۋانىڭ تۆت ئەسىر شەرققە كېڭەيمىچىلىك قىلىپ قۇرغان ئىمپىرىيىسىنىڭ مەسھولىدۇر. روسىيە كېڭىيىش ئارقىلىق زور تۈركۈم روس مىللىتىدىن بولمىغان ۋە ياۋروپالىق بولمىغان كىشىلەرنى روسىيە قارمىقىغا قوشۇۋالدى، شۇ ئارقىلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ياۋروئاسىيا سىياسىي مەدەنىيەت خاسلىقىنى شەكىللەندۈردى.
ياۋروئاسىيائىزم بىر خىل تەلىمات بولۇپ ھەرگىزمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئەمەس، بەلكى 19-ئەسىردىلا بارلىققا كەلگەن. سوۋېت كوممۇنىزىمنىڭ ئورنىغا دەسسىگۈچى ۋە ئاتالمىش غەربنىڭ چۈشكىنلىششىنىڭ ئىنكاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 20-ئەسىردە گۈللەنگەن. روسىيە سەرگەردانلىرى بۇ تەلىماتنىڭ سوۋېتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلدى. چۈنكى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى روس مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشى بىر خىل يېتەكچىلىك قىلىش رولى بولغان، مىللەتتىن ھالقىغان تەلىماتقا موھتاج بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. ئۇلار كوممۇنىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرى مەغلۇپ بولىشى قەدىمىي روس ئىمپىرىيىسىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ئەنسىرىدى.

20-ئەسرنىڭ 20-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياۋروئاسىيائىزمنى تەشەببۇس قىلغۇچى مۇھىم شەخس ن س ترۇبېتزكوي (N.S.Trubetzkoy) شاھ كىشىنى قايىل قىلارلىق ھالدا بۇ نۇقتىنى شەرھىيلىگەن ئىدى.ئۇ مۇنداق دەپ يازدى:
كوممۇنىزىم ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن ياۋروئاسىيائىزمدۇر، روسىيە تۇرمۇشىنىڭ مەنىۋى ئاساسىغا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى ماتېرىيالىزىمنى تەشۋىق قىلدى......
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز روسىيە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشتىن توختىغاندا، ئۆزلىكىدىن يەنە بىر قېتىم روسىيە-ياۋروئاسىياغا قايتىپ كەلگەندە، چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلغاندا ۋە قوغدىغاندا، بىر خىل يېپيېڭى ياۋروپا مەدەنىيتىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتۇر.
سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى قالايمىقانچىلىقتا، بۇ قاراشنى بازىرى چىقتى. بىر تەرەپتىن، كوممۇنىزم روسىيەنىڭ ئورتاق ئىدىيىسىگە، ئالاھىدە سىرلىق «روس ئىدىيىسى» گە ئاسىيلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەندى. يەنە بىر تەرەپتىن، غەرب ئىدىيىسىنىمۇ تەنقىدلىدى، چۈنكى غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكىنى چىرىكلەشكەن، مەدەنىيەت جەھەتتە روسىيەگە قارشى، روسىيەنىڭ تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك جەھەتتە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا بولغان ئۆزگىچە، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كونترول قىلىش ھوقوقىنى تارتىۋالماقچى بولدى دەپ قارىدى.
تارىخشۇناس،جۇغراپىيەشۇناس ۋە ئېتنىگرافىيە ئالىمى لېۋ گامىلېۋ (Lev Gumilev) نىڭ كەڭ مىقياستا نەقىل قىلىنغان ماقالىسى ياۋروئاسىيائىزمچىلارغا ئىلمىي چۈشەنچە بەردى.ئۇنىڭ«ئوتتۇرا ئەسىردىكى روسىيە ۋە بوزقىر »،«ياۋروئاسىيا رىتىمى»،«تارىختىكى ئىنسانىيەت جۇغراپىيىسى» قاتارلىق كىتابلىرىدا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى روسىيە خەلقىنىڭ ئۆزگىچە«ئېتنىك»تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنىشى ئىكەنلىكىنى،روسلار ۋە بوزقىردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىختا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى،شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزگىچىلىككە ئىگە ياۋروئاسىيا مەدەنىيتى ۋە مەنىۋى خاسلىقىنى ياراتقانلىقىنى قايىل قىلارلىق ھالدا شەرھىيلىدى.گامىلېۋ ئاگاھلاندۇرۇپ،غەربكە ماسلىشىش روسىيە خەلقىگە نىسبەتەن پەقەت ئۆزىنىڭ«مىللىيىتى ۋە روھىيىتى»نى يوقىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ دېدى.
بۇ ئاددىي نۇقتىئىنەزەرلەر روسىيەدىكى ھەر قايىسى مىللەتچى سىياسىئونلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، يېلتسىننىڭ سابىق مۇئاۋىنى ئالېكساندىر رۇسكوي (Aleksander Rustskoi) :«روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، ناھايىتى ئېنىقكى، روسىيە ئاسىيا ۋە ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر كۆۋرۈك. كىمكى بۇ زېمىننىڭ خوجايىنى بولسا، شۇ دۇنيانىڭ خوجىسى بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى⑦.

**1996-يىلدىكى چوڭ سايلامدا يېلتسىننىڭ رىقابەتچىسى، كومۇنىستىك پارتىيىدىكى گېننادى زيۇگانوۋ (Gennadii Zyuganov) گەرچە ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ياۋروئاسىيائىزمنىڭ روسىيە خەلقىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىپايان زېمىندا ئالاھىدە مىسسىئونېرلىق مەنىۋى رولىغا بولغان تونۇشىنى ھۆرمەتلىدى. زيۇگانوۋ روسىيەنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت بۇرچى، يەر شارىنىڭ رەھبىرى بولالايدىغان ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى بار ،دېدى.**

**قازاقىستان رەھبىرى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ تېخىمۇ سالماق، قوللىنىشچان بولغان ياۋروئاسىيائىزم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەزەربايېۋ دۆلەت ئىچىدە دۇچ كەلگەن ئادەم سانى تەڭ دېگۈدەك بولغان قازاقلار بىلەن روس كۆچمەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، موسكۋانىڭ سىياسىي بىر گەۋدىلىشىش بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، «ياۋروئاسىيا ئىتتىپاقى» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇجمەل ۋە ئۇنۇمى تۆۋەن مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا ئىزدەندى. گەرچە ئۇنىڭ قارىشىدا تېخىمۇ ئەنئەنىۋى بولغان ياۋروئسىيائىزم سىرلىق مەزمونى بولمىسىمۇ، يەنە روسىيەلىكلەرگە ياۋروئاسىيانىڭ رەھبىرى بولۇش ئالاھىدە بۇرچ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيىسى: جۇغراپىيىلىك دائىرىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن باراۋەر بولغان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى بىر ئورگانىك گەۋدە، چوقۇم سىياسىي مەنىسى بولىشى كېرەك دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى مەنبە قىلغان.**

**مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا، روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئىدىيىسىدە «قوشنا ئەللەر» نى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىشى تەبىئىيدۇر. چۈنكى بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىساد نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىمپېرىيەدىن كېيىنكى روسىيە ۋە يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ئارىسىدا مەلۇم تەرتىپ ۋە مۇرەسسەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. لېكىن كۆپ قىسىم مۇلاھىزىلەردە رېئاللىقتىن ھالقىغان مۇنداق بىر تۇتامى يوق قاراش مەۋجۇت: بەزى جەھەتتىن قارىغاندا، سابىق ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي «بىر گەۋدىلىشىشى» ئۆزلىكىدىن (ئىقتىسادىي ئامىل سەۋەبلىك) ئەمەلگە ئاشسۇن ياكى روسىيەنىڭ يوقاتقان كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشسۇن (روسىيە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان ياكى سلاۋيان بۇرچى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشىنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق)، مۇنداق «بىر گەۋدىلىشىش» نى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ۋە يولغا قويغىلى بولىدۇ.**

**بۇ جەھەتتە كىشىلەر ھەمىشە ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ، ئەمما ئوخشىمايدىغان ھەل قىلغۇچ بىر نۇقتىغا سەل قارايدۇ: ياۋروپا گەرچە گېرمانىيەنىڭ ئالاھىدە تەسىرىنى ئويلاشسىمۇ، لېكىن ياۋروپا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، نوپۇسى ۋە زېمىنى باشقا بارلىق دۆلەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ كېتىدىغان بىر دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكى ئەمەس، ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ ھەم بىر مىللىي ئىمپېرىيىنىڭ ۋارىسى ئەمەس، ئازادلىققا**

ئېرىشكەن ئەزالىرىمۇ «بىر گەۋدىلىشىش» نىڭ قايتىدىن ئىدارە قىلىنىش ئىكەنلىكىگە ئانچە گۇمانلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن روسىيە 1995-يىلى9-ئايدا دېگەندەك، ئەگەر گېرمانىيە مەقسىتىمىز ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى روھبەرلىك ئورنىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش دەپ رەسمىي جاكارلىسا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدىغان يەنە بىر مەسىلە، ئېچىۋېتىلگەن ۋە نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى دېموكراتىيە ئۈچۈن بىر گەۋدىلىشىشكە تەييارلىق قىلىپ بولدى. كۆپ قىسىم غەربىي ياۋروپالىقلار مۇنداق بىرگەۋدىلىشىش ئېلىپ كەلگەن ئەمەلىي ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي نەپنى كۆرۈپ يەتتى، غەربىي ياۋروپادىكى نىسپىي نامرات دۆلەتلەرمۇ بۇنىڭدىن زور مىقداردىكى تولۇقلىمىغا ئېرىشتى. ئەكسىچە، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر روسىيەنى سىياستى تۇراقسىز، هاكاۋۇر، نىيىتى يامان ھەمدە دۇنيا ئىقتىسادىغا قاتنىشىشتا زۆرۈر تاشقى مەبلەغكە ئېرىشىشتىكى توسالغۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇكرائىنا موسكۋانىڭ «بىر گەۋدىلىشىش» ئىدىيىسىگە قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. ئۇكرائىنا رەھبەرلىرى بۇ خىل «بىر گەۋدىلىشىش» نىڭ، بولۇپمۇ روسىيەنىڭ ئۇكرائىنا مۇستەقىللىقىنىڭ قانۇنلۇقلىقىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ قالغان ئەھۋالدا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇكرائىنانىڭ مىللىي ئىگىلىكلىك ھوقۇقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلىپ يەتتى. روسىيەنىڭ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئۇكرائىناغا بېسىش سىياستى قوللىنىشى، ئۇكرائىنانىڭ چېگرىسىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىماسلىقى، ئۇكرائىنانىڭ قىرىمغا بولغان ھوقۇقىغا گۇماندا بولىشى ھەمدە روسىيەنىڭ سىۋاستىپول (Sevastopol) پورتىدا تېررىتورىيىدىن ھالقىغان ھوقۇقتىن يالغۇز بەھرىمان بولىشى ئۇكرانلارنىڭ ئويغىنىپ كەتكەن مىللەتچىلىك روھىدا روسىيەگە قارشى خاھىشنى پەيدا قىلدى. يېڭى بىر دۆلەت تارىخىي شەكىللىنىشتىكى ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا، ئۇكران مىللىي دۆلىتىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ئەنئەنىدىكى پولشا ياكى رومىنىيەگە قارشى يۆلىنىشتىن، روسىيە ئوتتۇرىغا قويغان ھەر قانداق «بىر گەۋدىلەشكەن» مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى ياكى سلاۋيانلار ئورتاق گەۋدىسى (روسىيە ۋە بلوروسىيە بىلەن) ياكى ياۋروئاسىيا ئىتتىپاقى قۇرۇش تەكلىپىگە مەركەزلىك قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەردى، بۇ تەكلىپلەرنى روسىيەنىڭ قايتىدىن ئىمپېرىيە قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى دەپ قارىدى.

چەتئەللەرنىڭ قوللىشى ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئىرادىگە ئىلھام بولدى. گەرچە دەسلەپتە غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا مۇستەقىل بولغان ئۇكرائىنا دۆلىتىنىڭ

جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى مۇھىملىقىنى بىر مەزگىل ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە كىيېۋنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىنى كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى بولۇپ قالدى. 1996-يىلى 7-ئايدا، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى:«مەن نېمىلا دېمەي، ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ياۋروپانىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا بولغان مۇھىملىقىنى كۆپتۈرۈپ تاشلىمايمەن» دېدى. 9-ئايدا، گېرمانىيە باش مىنىستىرى گەرچە يېلتسىننى قەتئىي قوللىسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:«ئۇكرائىنانىڭ ياۋروپادىكى مۇستەھكەم ئورنى ھەرقانداق خىرىسقا دۇچ كەلمەيدۇ، ھېچكىم ئەمدى ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە دەر گۇماندا بولمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئامېرىكىنىڭ تاكتىكىچىلىرى ئامېرىكا-ئۇكرائىنا مۇناسىۋىتىنى «ئىستراتېگىيىلىك شېرىكلىك مۇناسىۋەت»دەپ ئاتاپ، ئامېرىكا-روسىيە مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئامېرىكا-ئۇكرائىنا مۇناسىۋىتىنى قەستەن ئىپادىلىدى.
دەل يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئۇكرائىنا بولمىسا مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى ياكى ياۋروئاسىيائىزمنى ئاساس قىلغان ئىمپېرىيەنى قايتا قۇرۇش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. ئۇكرائىنا بولمىغان ئىمپېرىيە ئەڭ ئاخىرىدا تېخىمۇ «ئاسىيالاشقان»، ياۋروپادىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن روسىيە بولالايدۇ. ياۋروئاسىيائىزمىمۇ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى جەلپ قىلالمايدۇ، ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا موسكۋا بىلەن يېڭى ئىتتىپاق قۇرۇشقا قىزىقىدۇ. روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسنى دۆلەت ھالقىغان ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشىغا ئۇكرائىنانىڭ قارشى تۇرۇش مەيدانىنى ئۆزبېكىستان قەتئىي قوللايدۇ، روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسنى كۈچەيتىش تەشەببۇسىغا قارشى تۇرىدۇ.
مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرمۇ موسكۋانىڭ غەرىزىدىن ئاگاھ بولۇپ، ئۆزبېكىستان ۋە ئۇكرائىنانىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، موسكۋانىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە تېخىمۇ بىرگەۋدىلىشىش تەلىپىگە قارشى تۇرماقتا ۋە ئۆزىنى قاچۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئۆتمۈشتىكى موسكۋاغا بويسۇنۇشنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ھەر خىل تەسىرلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە تازىلىدى. شۇڭا، ھەتتا مىللىي مەسىلە ئاز بولغان قازاقىستانمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش سىرىل ئېلىپبەسىنى بىكار قىلىپ، تۈركىيە خېلى بۇرۇن قوللانغان لاتىن يېزىقىنى ئىشلەتتى. ئەمەلىيەتتە، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، روسىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسنى سىياسىي بىر گەۋدىلىششىنىڭ قورالى قىلىۋېلىشنى توساش ئۈچۈن، ئۇكرائىنانىڭ باشلامچى بولىشى بىلەن ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان بەزىدە قازاقىستان،

گرۇزىيە ۋە مولدىۋادىن تەشكىل تاپقان بى رەسمىي شەكىلدىكى گۇرۇھ بارلىققا كەلدى.
ئۇكرائىنا چەكلىك ئىقتىسادنى ئاساس قىلغان بىر گەۋدىلىششتە چىڭ تۇرىشى بىلەن «سلاۋىيان ئىتتىپاقى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ئەمەلىي مەنىسىنى يوقاتتى. سلاۋىيان مەدەنىيىتى ئەۋزەللىكىنى تەرغىپ قىلغۇچىلار يېتىشتۇرۇپ چىققان ئالېكساندىر سولجىنىستىن (Aleksander Solzhenistyn) نىڭ قوللىشى بىلەن بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن تەشەببۇس مۇبادا ئۇكرائىنا رەت قىلسىلا جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئەھمىيىتىنى ئۆزلىكىدىن يوقىتىدۇ. «سلاۋىيان ئىتتىپاقى» دا پەقەت بېلورۇسىيەلا روسىيە بىلەن بىر سەپتە، قازاقىستاننىڭ شىمالىدىكى روسلار ئولتۇراقلاشقان رايونمۇ بۇ ئىتتىپاقنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغاچقا، قازاقىستاننى پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە قازاقىستاننىڭ يېڭى رەھبەرلىرىنى بىئارام قىلىپ، روسىيەگە قارشى مىللەتچىلىك خاھىشىنى قوزغاپ قويىدۇ. بېلورۇسىيەدە ئۇكرائىنىيە بولمىغان سلاۋىيان ئىتتىپاقى روسىيەنىڭ بېلورۇسىيەنى يۇتۇۋېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى پەيدا قىلىدۇ.
»قوشنا ئەللەر» سىياسىتىنىڭ بۇ سىرتقى توسالغۇلىرى روسىيە خەلقىنىڭ رايىدىن ئىبارەت دۆلەت ئىچى مۇھىم ئامىلىنىڭ شەرت قىلىشى بىلەن زور دەرىجىدە كۈچەيدى. گەرچە سىياسىي سەرخىلار روسىيەنىڭ سابىق ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى ئالاھىدە بۇرچىنى ماقالىلەر يېزىپ ۋە سىياسىي جەھەتتە توختىماي داۋراڭ قىلغان بولسىمۇ، روسىيەلىكلەر بىزار بولغانلىقتىن، ئىمپېرىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ھەرقانداق ئۇلۇغۋار پىلانلارغا ھېچقانچە قىزغىنلىق كۆرسەتمىدى. ئۇلار چېگرىنى ئېچىۋېتىشنى، سودىنى قويۇۋېتىشنى، خادىملارنىڭ ئەركىن ئېقىشىنى ۋە روس تىلىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى قوللىدى، ئەمما سىياسىي بىر گەۋدىلىشىشكە، بولۇپمۇ بىر گەۋدىلىشىش ئىقتىسادىي بەدەل ۋە قانلىق قۇربان بېرىشكە بېرىپ تاقالغاندا ئانچە قىزغىن بولمىدى. «ئىتتىپاق» نىڭ پارچىلىنىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرسا، ئەسلىگە كېلىشى خوشال قىلىدۇ. ئەمما ئامىمنىڭ چېچېنىيە ئۇرۇشىغا بولغان ئىنكاسى شۇنى بىلدۈردىكى، ھەرقانداق بىر ئىقتىسادىي تەسىر ۋە سىياسىي بېسىمدىن ھالقىغان سىياسەت خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ.
ئومۇملاشتۇرغاندا، «قوشنا ئەللەر» سىياستىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى روسىيە سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ئەمەس، ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭغۇدەك مادارى يوق؛ ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ يېڭى دۆلەتلەرنى قىزىقتۇرغىدەك جەلىپ قىلىش كۈچى يوق. روسىيەنىڭ بېسىمى پەقەت يېڭى دۆلەتلەرنى سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بىرىنچى بولۇپ غەرب بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. بەزىدە جۇڭگو ۋە جەنۇبتىكى مۇھىم ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. روسىيە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە قارىتا ئۆزىنىڭ ھەربىي گۇرۇھىنى

قۇرىدىغانلىقىنى دارۋاڭ قىلغاندا، «كىم بىلەن؟» دېگەن مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. يەنە كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئېھتىمال بىلوروسىيە بىلەن تاجىكىستان دېگەن جاۋابتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇردى.

يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر يوشۇرۇن سىياسىي ئاقىۋەتتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، روسىيە بىلەن ئەڭ مۇۋاپىق ۋە زۆرۈر بولغان ئىقتىسادىي بىر گەۋدىلىشىشكىمۇ بارغانسېرى ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، روسىيەنىڭ ياۋروئاسىيا بۇرچى ۋە سىلاۋىيانلارنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ماھىيىتى بار ئىدىيىسى پەقەتلا روسىيەنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ياۋروپا ۋە پۈتكۈل غەربتىن يىراقلاشتۇرۇپ يېتىم قالدۇرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى كىرزىسنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئاتاتۈرك كامال ئوسمان ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندا تۈركىيەدە زامانىۋىلىشىش ۋە غەربلىشىش ئېلىپ بارغىنىدەك، روسىيە جەمئىيىتىنىڭمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىنى كېچىكتۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا، «قوشنا ئەللەر» سىياستى روسىيەگە جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئەمەس ئەكسىچە، جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى خام خىيال ئاتا قىلىدۇ.

ئەگەر ئامېرىكا بىلەن ئورتاق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمەلگە ئاشمىسا، «قوشنا ئەللەر» سىياستى ئاقىلانىلىك بولمىسا، ئۇنداقتا روسىيەنىڭ باشقا ئىستراتېگىيىلىك تاللىشى بارمۇ؟ غەربكە ئېغىشقان سىياسەت يەر شارىدا ئامېرىكا بىلەن باراۋەر بولغان «دېموكراتىك روسىيە» قۇرۇش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، بۇ دېموكراتچىلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈردى. «دېموكراتىك روسىيە» پەقەت قۇرۇق شوئار بولۇپ قېلىپ رېئاللىقتىن يىراقتا قالدى. كونا ئىمپېرىيىنىڭ «قايتىدىن بىر گەۋدىلىشىش» نىڭ ناھايىتى يىراقتىكى ئېھتىماللىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالدىمۇ، روسىيەنىڭ بىر قىسىم جۇغراپىيىۋى سىياسىئونلىرى ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى زومىگەرلىك ئورنىغا قارىتا ئۆكتە ئىتتىپاق قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا.

-1996يىلىنىڭ بېشىدا، يېلتسىن غەربپەرەس دېپلوماتىيە مىنىستىرى كازىرېۋنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، تېخىمۇ تەجرىبىلىك، ئەمما سابىق كومۇنىستىك پارتىيىنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر مۇتەخەسسىسى، ئۇزۇندىن بېرى ئىران ۋە جۇڭگوغا قىزىقىدىغان يېۋگىنى پىرىماكوۋ (Evgenniy Primakov) نى تەيىنلىدى. روسىيەنىڭ بىر قىسىم تەھلىلچىلىرى پىرىماكوۋنىڭ ئېغىشى ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنى ئاجىزلىتىش مەسىلىسىدە ئەڭ زور جۇغراپىيىۋى سىياسەت مەنپەئەتى بار ئۈچ چوڭ دۆلەتنى يادرو قىلغان «زومىگەرلىككە قارشى» يېڭى ئىتتىپاق قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلىشتى. پىرىماكوۋ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دەسلەپكى زىيارەتلىرى ۋە باياناتلىرى بۇ تەسراتنى چوڭقۇرلاشتۇردى. نۆۋەتتىكى جۇڭگو بىلەن ئىراننىڭ قورال سودىسى مۇناسىۋىتى ھەمدە

روسىيەنىڭ ئىران بىلەن ھەمكارلىشىپ ،ئىراننىڭ يادرو ئېنېرگىيىسىگە ئېرىشىشىنى تېزلىتىشى ۋە تېخىمۇ قويۇق سىياسىي سۈزلىشىشى ئەڭ ئاخىرىدا ئىتتىپاق تۈزۈشى پۈتۈنلەي مۇۋاپىقتۇر. نەتىجىدە، ھېچ بولمىغاندا نەزەرىيە جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئاساسلىق سىلاۋىيان دۆلىتى، دۇنيادىكى ئەڭ جەڭگىۋار ئىسلام چوڭ دۆلىتى ھەمدە دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، كۈچى زور ئاسىيا دۆلىتىنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچلۈك ئىتتىپاق شەكىللەندۈرىدۇ.
مۇنداق ئۆكتە ئىتتىپاق قۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن چوقۇم روسىيە-جۇڭگو ئىككى تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئىككى دۆلەت سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلىكىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. 1996-يىلىنىڭ بېشىدا يېلتسىن بېيجىڭغا بېرىپ، بىر خىتابنامىگە ئىمزا قويىدى ھەمدە يەرشارىۋى «زومىگەرلىك» يۈزلىنىشىنى ئوچۇق تەنقىد قىلدى. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ ئامېرىكىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ يىلى 12-ئايدا، جۇڭگونىڭ باش مىنىستىرى لى پېڭ روسىيەنى زىيارەت قىلدى، ئىككى دۆلەت «بىرلا چوڭ دۆلەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان» خەلقئارالىق سىستېمىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلەپلا قالماي، نۆۋەتتىكى مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. روسىيە ئوبزورچىلىرى بۇ تەرەققىياتنى قارشى ئالدى ھەمدە بۇنى يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاكتىپ ئۆزگىرىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا مۇۋاپىق ئىنكاس دەپ قارىدى. بەزىلەر ھەتتا خۇشاللىقىدىن جۇڭگو-روسىيە ئىتتىپاقى ئامېرىكىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، دېيىشتى.
پەقەت ئامېرىكا كالتە پەملىك قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو ۋە ئىرانغا دۈشمەنلىك سىياستى قوللانسا، روسىيە، جۇڭگو ۋە ئىران ئىتتىپاقى ئاندىن بارلىققا كېلىدۇ. مۇنداق ئاقىۋەتنى ئەلۋەتتە چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. 1995-1996 يىلى، ئامېرىكىنىڭ بارلىق قىلغان-ئەتكەنلىرى بىرلا ۋاقىتتا تېھران ۋە بېيجىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىش ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئەمما ئىران ۋە جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك دونى مۇقىمسىز ھەم ئاجىز روسىيەگە تىكىشتىن ئېھتىيات قىلدى. ئىككىلا دۆلەت بۇ خىل ئىتتىپاق مۇبادا مەلۇم تاكتىكىلىق ماسلاشتۇرۇشتىن تاشادىپىي چىقىپ كەتسە، ئىلغار دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە خەتەر يېتىدىغانلىقىنى، پەقەت ئىلغار دۇنيالا ئۆزلىرىگە مەبلەغ ۋە ئۆلار ئېھتىياجلىق تېخنىكا تەمىنلەپ بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. روسىيەنىڭ ئۆلارغا بەرگۈدەك ھېچنىمىسى يوق بولۇپ، ھەقىقىي قىممىتى بار زومىگەرلىككە قارشى ئىتتىپاقنىڭ شېرىكى بولالمايدۇ.
ئەمەلىيەتتە، ئورتاق ئىدىئولوگىيىسى بولمىغان، پەقەت « زومىگەرلىككە قارشى «

**(Antihegemonic)كەيپيات ئاستىدىكى ھەر قانداق ئىتتىپاق ئاساسي جەھەتتىن ئۇچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى بىر قىسملارنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئەڭ ئىلغار قىسمغا قارشى تۇرىدىغان ئىتتىپاقىدۇر. بۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ھېچقانچە ھاسىلاتقا ئېرىشەلمەيدۇ، بولۇپمۇ جۇڭگو زور مىقداردىكى چەتئەل مەبلىغىدىن قۇرۇق قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئىنچىل تەنقىدىي پوزىتسىيىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان روسىيە جۇغراپىيىۋى سىياسەتشۇناسلىرى كۆرسەتكەندەك، روسىيە ئۇچۇنمۇ ھەم شۇنداقتۇر، «روسىيە ـ جۇڭگو ئىتتىپاقى تەسەۋۋۇرى...... غەربنىڭ روسىيەگە يەنە بىر قېتىم تېخنىكا ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىمەسلىك ئېھتىماللىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىۋېتىدۇ⑧». مەيلى ئۇچ دۆلەتتىن ياكى ئىككى دۆلەتتىن تەشكىل تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، مۇنداق ئىتتىپاق ئەڭ ئاخىرىدا قاتناشقۇچىلارنى ئۇزۇن مۇددەت يېتىم قالدۇرۇپ تەڭلا چېكىندۇرىۋېتىدۇ.**
**بۇنىڭدىن سىرت، روسىيە كۆڭۈل بۆلىۋاتقان ھەم تىركىشىۋاتقان «زومىگەرلىككە قارشى» ئىتتىپاقلاردا جۇڭگو خوجا بولۇپ قالىدۇ. جۇڭگونىڭ نوپۇسى كۆپ، خەلقى ئەمگەكچان، ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇستا بولغاچقا ھەمدە روسىيەگە يوشۇرۇن زېمىن تەلپى بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا روسىيەنى شاكىچىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگونىڭمۇ روسىيەنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشتىكى ۋاستىسى كەمچىل (ئېھتىمال ھەقىقىي نىيىتى كەمچىل بولىشى مۇمكىن). روسىيە شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ۋە كېڭەيمىچى جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتۇرغۇچى(بۇففېر) بولۇپ قالدى.**
**ئەڭ ئاخىرىدا، روسىيەنىڭ بىر قىسىم دىپلوماتىيە مەسلىلىرى مۇتەخەسسىلىرى يەنىلا ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ توختاپ قېلىشىنى، غەربنىڭ ئىچكى قىسمىدا ش ئا ئە ت نىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئىختىلاب يۈز بېرىشىنى ئۈمۈد قىلماقتا. مۇنداق بولغاندا روسىيەنىڭ گېرمانىيە ياكى فرانسىيە بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا تاكتىكىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا. بۇ خىل قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق يېڭىلىقى يوق. پۈتكۈل سوغاق ئۇرۇش مەزگىلىدە موسكىۋا بىر مەھەل گېرمانىيە ياكى فرانسىيەنى دەستەك قىلىش غەرىزىدە بولغان ئىدى.ب راق، موسكىۋانىڭ بىر قىسىم جۇغراپىيىۋى سىياسەتچىلىرى سەۋەپسىزلا ياۋروپا ئىشلىرىنىڭ توختاپ قېلىشى پايدىلىنىشقا بولىدىغان تاكتىكىلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، ئامېرىكىغا پايدىسىز ۋەزىيەت پەيدا قىلىدۇ، دەپ جەزىملەشتۈردى.**
**ئەمما ئېرىشەلەيدىغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ نوقۇل تاكتىكا جەھەتتىكى پۇرسەتلا ئىدى. مەيلى گېرمانىيە ياكى فرانسىيە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ روسىيە بەزىدە بىر قىسىم كىچىك**

مەسىلىلەردە فرانسىيەنى ئۆزىگە تارتىپ كېتىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان تەغدىردىمۇ، پەقەت ياۋروپا ئىشلىرىدا چوڭ قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈپ، ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىش ئىشلىرى ۋە ئاتلانتىك ھالقىغان مۇناسىۋەت بۇزۇلغاندىلا، ئاندىن ئىتتىپاقتا جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇ چاغ كەلگەن تەغدىردىمۇ، ياۋروپا دۆلەتلىرى يۆلىنىشتىن ئېزىپ قالغان روسىيە بىلەن ھەقىقىي، ئومۇمىيۈزلۈك جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئىتتىپاقنى راۋاجلاندۇرۇش غەرىزىدە بولمايدۇ.

شۇڭا،ئۆكتە ئىتتىپاق قۇرۇشتىن خالىي سىياسەت ئەقەللىي تاللاشتۇر. روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىنىڭ يولى ئۆكتە ئىتتىپاق قۇرۇشتا ئەمەس، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىسىدە مەلۇم سىياسىي ئىقتىساد جەھەتتىكى «بىر گەۋدىلىشىش» سىستېمىسىنى قۇرۇشقىمۇ باغلىق ئەمەس. بارلىق سىياسەتلەر روسىيەگە نىسبەتەن ئەمەلىيەتتىكى بىردىنبىر تاللاش بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

## بىر تاللاشتىكى ئىككى مۇشكۇلات

روسىيەنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللىشى ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدىغان خەلقئارالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ھەمدە روسىيەنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ۋە جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ توغرا تاللىشى ياۋروپادۇر. بۇ ئادەتتىكى ياۋروپا بولماستىن، ئاتلانتىك ئوكيانىنى ھالقىغان، كېڭەيگەن ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت ت نىڭ ياۋروپاسىدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدا بايان قىلىنغاندەك، مۇنداق ھالەتتىكى ياۋروپا شەكىللەنمەكتە ھەمدە ئامېرىكا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولماقتا. ئەگەر روسىيە جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە خەتەرلىك ھالدىكى يېتىم قېلىشتىن ساقلانماقچى بولىدىكەن، روسىيە دەل موشۇنداق ياۋروپا بىلەن ئالاقە قىلىشى كېرەك.

ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، روسىيە بەكلا ئاجىز، شېرىك بولۇشقا ماس كەلمەيدۇ؛ پەقەت ئامېرىكىنىڭ كېسەلمەنلىرى نەزىرىدە روسىيە بەك قۇدرەتلىكتۇر. ئەگەر ئامېرىكا روسىيەلىكلەرگە ئاتلانتىك ھالقىغان ياۋروپا بىلەن ئورگانىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش روسىيەنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان مۇھىت يارىتىپ بەرمىسە، ئېھتىمال روسىيە بىر باش ئاغرىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە روسىيە-جۇڭگو، روسىيە-ئىران ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقى نۆۋەتتە شەكىللىنىشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇھىم بولغىنى، ئامېرىكا سىياستى روسىيەنى روسىيە ئېھتىياجلىق بولغان جۇغراپىيىلىك سىياسىي تاللاشتىن يىراقلاشتۇرىۋېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. شۇڭا، ئامېرىكا جۇڭگو ۋە ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت سىياستىنى تۈزگەندە، ئامال بار ئۇلارنىڭ روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت ئانالىزىغا بولغان تەسىرىنى ئويلىشىشى كېرەك. غايەت زور جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللاش خام خىيالدا چىڭ تۇرۇش پەقەتلا روسىيەنىڭ چوڭقۇر كىرزىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن

چىقارغان تارىخىي تاللىشىنى كېچىكتۈرۈپ تاشلايدۇ.
روسىيە پەقەت ئىقتىساد ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ياۋروپانىڭ يېڭى رېئاللىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىسا، قۇرۇقلۇقنى قاپلىغان سودا، ئالاقە، مەبلەغ، مائارىپ قاتارلىق كەڭ ساھەلەردىكى ياۋروپا ھەمكارلىقىدا مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا روسىيەنىڭ ياۋروپا كومىتېتىغا كىرىشى ئىنتايىن توغرا بېسىلغان قەدەمدۇر. بۇ يېڭى روسىيە بىلەن كېڭەيتىلگەن ياۋروپا ئارىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مېخانىزىملىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى سىناقتۇر. بۇ روسىيەنىڭ موشۇ يولغا ماڭماقچى بولسا، ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىكى تۈركلەرگە تەقلىد قىلىپ، ئىمپېرىيە قۇرۇش قارا نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، زامانىۋىلىشىش، ياۋروپالىشىش ۋە دېموكراتىيىلىشىش يولىغا مېڭىشتىن سىرت باشقا تاللىشىنىڭ يوقلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.
زامانىۋىلاشقان، باي، دېموكراتىك ھەم ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ياۋروپانىڭ روسىيەگە ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتنى باشقا ھېچقانداق بىر تاللاشقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر روسىيە مىللەتلەرنى قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇنمىسا، دېموكراتىك دۆلەت بولسا، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا روسىيەگە تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ. ياۋروپا، ئامېرىكا بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدا مۇقىمسىز يوشۇرۇن توقۇنۇش خەۋپى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ روسىيە بىلەن جەنۇبتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەيلى مىللەت جەھەتتە بولسۇن ياكى زېمىن جەھەتتە بولسۇن چېگرىسى ئېنىق ئەمەس، شۇڭا مۇقەررەر ھالدا يوشۇرۇن توقۇنۇش خەۋپى بار. ئەكسىچە، ياۋروپا-ئامېرىكىغا نىسبەتەن، مىللىي ۋە دېموكراتىك روسىيە ئۇلار جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئارزۇ قىلغىنىدەك ئەمەلىي گەۋدە، داۋالغۇپ تۇرىۋاتقان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقىم بولىشىنىڭ ئاچقۇچى.
روسىيە شۇڭا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قاتماقتا. ئەگەر نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياۋروپا، ئامېرىكىغا ئېغىشماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئېنىق، ئاشكارا ھالدا روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆتمۈشىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كېڭەيتىلگەن ياۋروپا بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىتى ۋە بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىگە باشقىچە پىكىردە بولماسلىقى كېرەك. بىرىنچى تەلەپ روسىيەنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە شەكىللىنىپ بولغان جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى قوبۇل قىلىش ئۆتمۈشتىكى ياۋروپا ئەركىن سودا رايونى ئەندىزىسىدە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئېلىپ بېرىشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەمما يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىگە چەكلىمە قويسا بولمايدۇ، سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۇلار بۇ چەكلىمىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەڭ مۇھىم بولغىنى روسىيە ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.
ئىككىنچى تەلەپنى قوبۇل قىلىش تەسكە توختىشى مۇمكىن. ئاتلانتىك ھالقىغان ئورتاق

گەۋدە بىلەن ھەقىقىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى  روسىيە خالىمىغانلىقى ئۈچۈنلا قېتىلماقچى بولغان ياۋروپا دېموكراتىك دۆلەتلىرىنى ئاتلانتىك ھالقىغان ئورتاق گەۋدە سىرتىغا قېقىپ چىقىرىش كېرەك دېگەن نۇقتىئىنەزەر ئۈستىگە قۇرسا بولمايدۇ. بۇ ئورتاق گەۋدىنىڭ كېڭىيىشكە ئالدىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە روسىيەگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ كېڭىيىشنى ئىلگىرى سۈرسە بولمايدۇ. ئەمما بۇ كېڭىيىش پەقەت ئۆتمۈشتىكى ياۋروپا بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتى ئۇقۇمىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان سىياسىي شوئار بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. كېڭەيگەن ۋە دېموكراتىك ياۋروپا چوقۇم ئايىغى چىقمايدىغان مۇساپە بولىشى كېرەك، سىياسىي جەھەتتىكى ھەرقانداق جۇغراپىيىلىك چەكلىمىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.
كۆپلىگەن روسىيەلىكلەر بۇ بىر تاللاشتىكى ئىككى مۈشكۈلاتنى ئېھتىمال بىر مەزگىل ئىچىدە ھەل قىلىش تەس بولىشى مۇمكىن دېيىشتى. بۇنىڭدا سىياسىي ئىرادە بىلەن چوڭ ھەركەت قوللىنىش كېرەك، ئېھتىمال يەنە دادىللىق بىلەن قارار چىقارالايدىغان دېموكراتىك، مىللىي، ھەقىقىي زامانىۋىلاشقان، ياۋروپالاشقان روسىيەنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان قابىل داھىيغا موھتاج بولىشى مۇمكىن.ب ۇ خىل ئەھۋال بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن. كوممۇنىزىم ئىمپىرىيىسىدىن كېيىنكى قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن كوممۇنىزىمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئۆزگىرىش ياسىغان ۋاقتىدىنمۇ كۆپ ۋاقىتقا موھتاج بولۇپ قالماي، يىراقنى كۆرەر سىياسىي رەھبەرگە موھتاج.نۆۋەتتە، روسىيەنىڭ ئاتا تۈرك مۇستاپا كامالى بارلىققا كەلمىدى، لېكىن روسىيەلىكلەر ئەڭ ئاخىرىدا روس مىللىتىنىڭ قايتىدىن ئورۇن بەلگىلىشى تەسلىم بولغانلىق ئەمەس، بەلكى ئازاد بولغانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار يېلتسىننىڭ 1990-يىلى كىيىۋدا روسىيەنىڭ كەلگۈسىدە ئىمپېرىيە بولۇپ قالماسلىقى كېرەكلىكى ھەققىدىكى سۆزىنىڭ پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئىمپىرىيەسىز روسىيە يەنىلا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنى كېسىپ ئۆتكەن، ھازىرغا قەدەر دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەتتۇر.
مەيلى نېملا دېمەيلى، «روسىيە دېگەن نېمە ۋە روسىيە قەيەردە؟» دېگەن سوئالغا پەقەت باسقۇچلارغا بۆلۈپ جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ ھەمدە غەربنىڭ ئاقىلانە ۋە قەتئىي ئىپادە بىلدۈرىشىگە موھتاج بولىدۇ. ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ياردەم قولىنى سۇنىشى كېرەك؛ روسىيە بىلەن ش ئا ئە ت نى ئالاھىدە شەرتنامە ياكى نىزامنامىگە ئىمزا قويدۇرۇپ، ئۆز ئارا قول تۇتۇشۇپ، تارقاق ياۋروپا بىخەتەرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتى (OSCE) نى ھالقىغان، ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق سېستىمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئىزدىنىشى كېرەك. ئەگەر روسىيەنىڭ دۆلەت ئىچى دېموكراتىيە سىستېمىسى مۇستەھكەملەنسە ھەمدە ئەركىن بازارنى ئاساس قىلغان

ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشسە، روسىيە بىلەن ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەرب، بولۇپمۇ ئامېرىكا روسىيەنى بۇ تاللاشتا داۋاملىق مۇشكۈلاتقا يولۇقتۇرۇپ تۇرىدىغان سىياسىتىنى ئۇدا يۈرگۈزىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى دۆلەتلەر سىياسىي ئىقتىسادىي مۇقىملىقىنى ساقلىشى روسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تارىخىي خاراكتېرلىك بېكىتىشىدىكى مۇھىم ئامىل. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى يېڭى دۆلەتلەرنى قوللاش، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رايونىدا جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش روسىيەنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەي ياۋروپانى تاللايدىغان سىياسەت چىقىرىشقا جەلپ قىلىشتىكى چوقۇم كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. بۇ دۆلەتلەردە ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، ئۇكرائىنا جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئىنتايىن مۇھىم.

مۇستەقىل ئەزەربەيجان غەربنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول كاسپىي دېڭىز ئويمانلىقىغا ۋە ئوتتۇرائاسىيا رايونىغا كىرىشتىكى يولى بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، ئەزەربەيجاننىڭ بوي سۇندۇرۇلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلىش ئېھتىماللىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەزەربەيجان سىياسىيدا روسىيەنىڭ قايتىدىن بىر گەۋدىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلپىنىڭ بېسىمغا ئاسان ئۇچرايدۇ. مىللەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆزبېكىستان نوپۇسى ئەڭ كۆپ، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە تولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتى، روسىيەنىڭ بۇ رايوننى قايتىدىن كونترول قىلىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا پەۋقۇلئادە مۇھىمدۇر. ئۆزبېكىستان روسىيەنىڭ بېسىمغا ئاسانلىقچە ئۇچرىمايدۇ.

ئەڭ مۇھىم دۆلەت ئۇكرائىنا. ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇكرائىنانىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئىككى تەشكىلاتقا كىرىش-كىرمەسلىكىنى تاللاش سالاھىيىتى بولىدۇ. ئۇكرائىنا مۇستەقىل ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇبادا بۇ ئىككى تەشكىلات بىلەن چېگرىلىندىغانلىقى ۋە ئىچكى ئىسلاھات سەۋەبلىك كىرىش ئۆلچىمىگە يېتەلىسە، ئېھتىمال ئۇكرائىنانىڭ بۇ ئىككى تەشكىلاتقا كىرىشنى خالاش مۇمكىنچىلىكى يۇقىرىلايدۇ. گەرچە بۇنىڭغا يەنە بىر مەزگىل ۋاقىت بولسىمۇ، ئەمما غەرب كىيىۋ بىلەن ئىقتىساد ۋە بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، 2005ـ2015 يىلغىچە ئۇكرائىنانى ئىككى تەشكىلاتقا كىرگۈزۈشنىڭ مۇۋاپىق ۋاقىت جەدۋىلى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇكرائىنانىڭ ياۋروپانىڭ كېڭىيىشى پولشا-ئۇكرائىنا چېگرىسى بىلەنلا توختاپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىسىنى ئازايتتى ھەمدە بەك كېچىكىپ

كەتمىدى.
روسىيە گەرچە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما 1999-يىلىغا بارغاندا ش ئا ئە ت نىڭ بىر قانچە ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلىتىنى قوشۇۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت پەرقى كوممۇنىزىم يىمىرىلگەندىن كېيىن بەك چوڭىيىپ كەتتى. ئەكسىچە، ئۇكرائىنانىڭ ش ئا ئە ت گە كىرىشىگە روسىيەنىڭ سۈكۈت قىلىشى تەس، چۈنكى مۇنداق قىلسا، ئۇكرائىنانىڭ تەغدىرى بىلەن روسىيەنىڭ تەغدىرى ئەمدى ئورگانىك ھالدا بىرگە بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما ئۇكرائىنا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماقچى بولسا ياۋروئاسىيانىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى چوقۇم ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ بىر قىسمى بولىشى كېرەك.ئەگەر ئۇكرائىنا ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ بىر قىسمى بولماقچى بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم ئوتتۇرا ياۋروپا بىلەن ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرىگە تولۇق قاتنىشىشى كېرەك. روسىيەنىڭ بۇ مۇناسىۋەتلەرنى قوبۇل قىلىشى روسىيەنىڭ ھەقىقي تۇردە ياۋروپانىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. روسىيەنىڭ بۇلارنى رەت قىلىشى ياۋروپانى رەت قىلغانلىقىغا باراۋەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ يىگانە ياۋروئاسىيالىق سالاھىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.
چوقۇم ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئاچقۇچلۇق مەسىلە: ئەگەر ئۇكرائىنا ياۋروپاغا تەۋە بولمىسا، روسىيەمۇ ياۋروپاغا تەۋە بولالمايدۇ. ئەمما روسىيە ياۋروپاغا تەۋە بولمىسا،ئۇكرائىنا يەنىلا ياۋروپاغا تەۋە بولالايدۇ. مەسىلەن، روسىيە دونى ياۋروپاغا تىكسە، ئۇكرائىنانىڭ كېڭىيىۋاتقان ياۋروپا سىستېمىسىغا كىرىشى ئەڭ ئاخىرىدا روسىيەنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. دەرۋەقە، ئۇكرائىنا بىلەن ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتى روسىيەنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.ئەمما بۇ تەرىپى روسىيە بىلەن ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتىگە قارار چىقىرىشتا بىر مەزگىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى ئۇكرائىنانىڭ ياۋروپاغا يېقىنلىششى روسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا كېيىنكى مەزگىللىك تاكتىكا قوللانغاندا كىرزىسكە پاتقۇزۇپ قويىدۇ ياكى ياۋروپانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، يارۋروئاسىيادىكى بىر تاشلاندۇقغا ئايلىنىپ قېلىپ، ھەقىقي تۇردە ياۋروپاغىمۇ، ئاسىياغىمۇ تەۋە بولالمايدۇ، «قوشنا ئەللەر» بىلەن توقۇنۇشتا ئىلاجىسىز ئەھۋالدا قالىدۇ.
كىشلەر كېڭىيىۋاتقان ياۋروپا بىلەن روسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى رەسمىي ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتتىن تېخىمۇ ئورگانىك ۋە تېخىمۇ ئۇيۇشۇش كۈچى بولغان ئىقتىساد،سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 20 يىلىدا روسىيە پەيدىنپەي ھالدا ئۇكرائىنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئۇرال تاغ تىزمىسىغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراققا سوزۇلغان ياۋروپانىڭ

بىرقىسمى بولۇپ قالدۇ. روسىيە بىلەن ياۋروپا ۋە ئاتلانتىك ھالقىغان سىستېمىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلسا، مەلۇم شەكىلدىكى ئەزالىق مۇناسىۋىتى شەكىللەندۈرىدۇ، ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچلۈك ئۈمىد قىلىدىغان ئۈچ كاۋكاز دۆلىتى گرۇزىيە، ئەرمىنىيە ۋە ئەزەربەيجانغا ئىشىكنى ئاچىدۇ.

بۇ مۇساپىنىڭ قانچىلىك تېزلىكتە بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز، لېكىن بىر نۇقتا ئېنىق، ئۇ بولسىمۇ ئەگەر روسىيەنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت شەكىللەنسە، باشقا پېشكەللىكلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، ئۇنداقتا بۇ مۇساپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولىدۇ. روسىيەنىڭ ياۋروپاغا يېقىنلىشىش سۈرئىتى قانچە تېز بولسا ، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى قاراڭغۇ ئۆڭكۈر بارغانسېرى زامانىۋىلاشقان ۋە دېموكراتىك جەمئىيەت تەرىپىدىن شۇنچە بالدۇر تولدۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، روسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تاللاشتىكى مۇشكۇلات ئەمدى ھەرگىزمۇ جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى تاللاش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇتلىقىدىكى زۆرۈر شەرتكە يۈزلىنىش مەسىلىسى بولىدۇ.

4-بابنىڭ ئىزاھاتلىرى:

①«Our Security Predicament»دىن ئېلىنغان، چەتئەل سىياستى (Foreign Policy88) ؛(Fall 1992):60

②ئالكساندىر پروكخانوۋ»:(Aleksandr Prokhanov) ھاكىمۇتلىقلىقنىڭ پاجىئەسى( Tragedy of Centralism) «، Literaturnaya Rossiya، January1990؛ 4-5بەتلەر

③مەزكۇر مەخسۇس زىيارەتنى Rossiyskaya Gazeta، January12، 1992دىن كۆرۈۋېلىڭ

④ئا.بوگاتۇرووۋ (A Bogaturov) ۋە ۋ.كرېمېنيۇك (V.Kremenyuk) لار يازغان: «ئامېرىلىقلارنىڭ ئۆزى مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ (The Americans Themselves Will Never Stop) «دېگەن ئەسەردىن ئېلىنغان، Nezavisimaya Gazeta، June28.1996ئىككى يازغۇچى ئامېرىكا ۋە كانادادا ئوقۇغان.

⑤مەسلەن، يېلتسىننىڭ رەئىس مەسلىھەتچىسى دىمىتري رىيۇرىكوۋ (Dmitriy Ryurikov) ئۇكرائىنانى بىر خىل «ۋاقىتلىق ھادىسە» دەپ قارىغان ئىدى. خەۋەر(November20 ، Interfax (1996دىن پايدىلانغان. «يېقىن كەلگۈسىدە، روسىيە ئۇكرائىنانىڭ شەرقىدە ھەل قىلىش ئىنتايىن تەس مەسىلىگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئامما ئۇمۇمىيۈزلۈك نارازىلىقى......روسىيەنىڭ بۇ رايوننى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەتتا تەلەپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موسكۋادا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پىلاننى قوللايدۇ» خەۋەر موسكۋانىڭ 1996 ,( Obshchaya Gazeta (December 10 دىن پايدىلانغان. روسىيەنىڭ قىرىم ۋە سىۋاستىپولدىكى زېمىن تەلىپى ھەمدە 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىدا روسىيە ئاممۇۋى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى كەچلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات پروگراممىسىدا سىۋاتىسپولنى قەستەن روسىيەنىڭ شەھرى قاتارىغا كىرگۈزۈۋېلىشىدەك ئىغۋاگەرچىلىك قىلمىشى، ئەلۋەتتە غەربنىڭ روسىيەنىڭ مۇددىئاسىغا بولغان ئەندىشىسىنى ئازايتىشقا ياردىمى بولمايدۇ.

⑥N.S.Trubetzkoy، «The Legacy of Genghis Khan»، Cross Currents (1990):68

⑦ L'Espresso (Romeنىڭ مەخسۇس زىيارتى، 1994-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى.

⑧Alekse Bogaturov,"Curren Relations and Prospects for Interaction Between Russia and the United States" Nezavisimaya Gazeta, June28, 1996

⑨1996-يىلىنىڭ بېشىدا، ئالكساندىر لېبېد (Aleksandr Lebed) گېنرال قالتىس ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇنىڭغا قارىتا تەپسىلىي شەرھىي بەردى Segodnya «The Fading of Empire or the Rebirth of Russia» ..April26، 1996

## بەشىنچى باب:ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقان

ياۋروپادا«بالقان»دېگەن سۆز كىشىلەرگە مىللىي توقۇنۇش ۋە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ رايونلۇق كۈرەشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭمۇ «بالقان» نى بار، ئەمما ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى«بالقان» نىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، نوپۇسى تېخىمۇ كۆپ، دىن ۋە مىللەت پەرقى تېخىمۇ چوڭ. بۇ «بالقان» ئىككىنچى بابتا تەسۋىرلەنگەن يۈتكۈل يەرشارىدىكى ئاساسلىق مۇقىمسىز رايونلار بەلگىسى قويۇلغان ئېلىپپس شەكىللىك جۇغراپىيىلىك رايون ئىچىدە بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپانىڭ بىر قىسمى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيانىڭ بىر قىسمى، پارس قولتۇقى رايونى ۋە ئوتتۇرا شەرقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ياۋروئاسىيادىكى بالقان بۇ غايەت زور ئېلىپپس شەكىللىك رايوننىڭ ئىچكى يادروسىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە (1.5-رەسىم) بىر ئالاھىدە جەھەتتە سىرتقى رايونلار بىلەن پەرقلىنىدۇ:



بۇ يەر كۈچلەر ئورۇنلاشمىغان ھەقىقىي بوشلۇقتۇر. پارس قولتۇقى ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا، گەرچە كۆپ قىسىم دۆلەتلەر مۇقىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا كۈچلىرى بۇ رايوننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى. شۇڭا بۇ مۇقىمسىز رايوننىڭ ئەتراپى بېگانە بىر چوڭ دۆلەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايوندۇر ھەمدە بۇ ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماسلاشتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى «بالقان» دۆلەتلىرى تېخىمۇ قەدىمىي ۋە تونۇش بولغان شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى بالقان دۆلەتلىرىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. بۇ دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە مۇقىمسىز بولۇپلا قالماي، يەنە كۈچلۈك قوشنىلىرىنى تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىگە كەلتۈرمەكتە ۋە جەلپ قىلماقتا.ت اجاۋۇز قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ دۆلەت باشقا ھەرقانداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بىزگە ئانچە تونۇش بولمىغان دەل موشۇنداق كۈچلەر بوشلۇقى ۋە سىرتقى دۇنيانى جەلپ قىلىشى بىرلىشىپ، ئۇلارنى ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ياۋروئاسىيادىكى بالقان» دېگەن نامغا ئىگە قىلدى.

ئەنئەنىۋى بالقان ياۋروپاغا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشىدىكى يوشۇرۇن بىر جۇغراپىيىلىك سىياسىي نىشانغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقان جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە مۇھىمدۇر، چۈنكى ئۇلار پات ئارىدا بارلىققا كېلىدىغان ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى تېخىمۇ بىۋاستە تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ باي، ئاڭ ئالدىراش قاتناش تورىنى كونترول قىلىدۇ. بىخەتەرلىك ۋە تارىخىي ئىستەك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ رايون ئەڭ ئاز دېگەندە بىۋاستە چېگرىلىنىدىغان نىسبەتەن كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەردىن روسىيە،تۈركىيە ۋە ئىران ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگومۇ بۇ رايونغا كۈنسېرى زورىيىۋاتقان سىياسىي قىزىقىشىنى ئىپادىلىمەكتە. لېكىن يوشۇرۇن سىياسىي نىشان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقاننىڭ مۇھىملىقىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز: مەزكۇر رايون غايەت زور تەبىئىي گاز ۋە نېفىت زاپىسى ھەمدە ئالتۇن قاتارلىق مۇھىم كان بايلىقلىرىنى بېسىپ ياتماقتا.

دۇنيانىڭ ئېنېرگىيە ئېستىمالى كەلگۈسى 20 يىلدا ياكى 30 يىلدا مۇقەررەر جىددىي ئاشىدۇ. ئامېرىكا ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1993-يىلدىن 2015-يىلغىچە دۇنيانىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجى % 50تىن كۆپرەك ئاشىدىكەن، نېفىت ئېستىمالىنىڭ ئېشىشى ئەڭ چوڭ بولىدىغان رايون يىراق شەرق بولىدىكەن. ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى غايەت زور بېسىم پەيدا قىلدى، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئىزدەش ۋە ئېچىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە كاسپى دېڭىز ئويمانلىقىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى كۇۋەيت، مېكسىكا قولتۇقى ياكى شىمالىي دېڭىزنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

بايلىققا ئېرىشىش ھەمدە ئورتاق بەھرىمان بولۇش ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نىشانىغا

ئايلاندى. بۇ نىشان مىللەتلەرنىڭ قارا نىيىتىنى، گۇرۇھلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، تارىختىكى تەۋەلىك مەسىلىسىگە ئالاقىدار تالاش-تارتىشلارنى قايتىدىن كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىمپېرىيە خىيالىنى يەنە سۈرۈشكە باشلىدى، خەلقئارالىق كۆرەشنى ئۆتكۈرلەشتۈرىۋەتتى. بۇ رايون كۈچلەر بوشلۇقى سەۋەبلىكلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى مۇقىمسىزلىق تۈپەيلى ۋەزىيىتى بارغانسېرى نورماللىسىزلاشتى. ھەربىر دۆلەتنىڭ ئېغىر ئىچكى قىيىنچىلىقى بار. بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوشنىلىرى بىلەن چېگرا تالاش-تارتىشى بولمىسىلا چوقۇم مىللىي ئۈچمەنلىك بار، يەككە مىللەتلىك دۆلەت ناھايىتى ئاز، بەزى دۆلەتلەر ھەتتا زېمىن، مىللەت ياكى دىن قاتارلىق زوراۋانلىق توقۇنۇشى ئارىسىدا قالدى.

## مىللەتلەر داشقازىنى


ياۋروئاسىيادىكى بالقان يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن، مەلۇم شەكىلدە ماس كېلىدىغان 9 دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ9دۆلەت قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجان، ئەرمېنىيە ۋە گرۇزىيەلەر بولۇپ، ئاللىقاچان غۇلاپ چۈشكەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، يەنە ئافغانىستانمۇ بار. بۇ قاتارغا يەنە تۈركىيە ۋە ئىرانمۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن. ئىران بىلەن تۈركىيە سىياسى ۋە ئىقتىساد جەھەتتە ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇپ، ياۋروئاسىيادىكى بالقان دائىرىسىدە رايونلۇق تەسىر كۈچكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلماقتا. شۇڭا، بۇ ئىككى دۆلەت مەركۈر رايوندىكى مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلاردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىككىلا دۆلەت مىللىي توقۇنۇشنىڭ زەربىسىگە ئاسان ئۇچرايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى دۆلەتتىن بىر ياكى ئىككىلىسىدە داۋالغۇش يۈز بەرسە، مەزكۈر رايوننىڭ ئىچكى مەسىلىلىرى كونتروللۇقنى يوقىتىپ، روسىيەنىڭ بۇ رايونغا بولغان كونتروللۇقىنى چەكلەشتىكى ھەر قانداق تىرىشچانلىق ئۈنۈمسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كاۋكازدىكى ئۈچ دۆلەت ئەرمېنىيە، گرۇزىيە ۋە ئەزەربەيجانلارنى ھەقىقىي تارىخىلىقتا ئىگە مىللىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىكى كۈچلۈك، سىرتقى توقۇنۇش ئۇلار دۇچ كەلگەن ئاساسلىق خىرىس بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، قالغان 5 يېڭى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتى يەنىلا دۆلەت قۇرۇش باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ، يەنىلا ناھايىتى كۈچلۈك قەبىلە ۋە مىللەت خاھىشى بار.شۇڭا، ئىچكى ئىختىلاپ ئۇلار دۇچ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلە.ئىككى خىل تىپتىكى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا، بۇ مەسىلىلەردىن ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيە ئېڭى بولغان قوشنىسى پايدىنىلىنىشقا باشلىدى.

| نوپۇس<br>Population<br>(Million. '95) | ئافغانستان<br>Afghanistan | ئەرمىنيە<br>Armenia | **Azerbaijan** | Georgia | Kazakstan | Kyrgyzstan | Tajikistan | Turkmenistan | Uzbekistan |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 21.3 | 3.6 | 7.8 | 5.7 | 17.4 | 4.8 | 6.2 | 4.1 | 23.1 |
| Life Expectancy | 45.4 | 72.4 | 71.1 | 73.1 | 68.3 | 68.1 | 69.0 | 65.4 | 68.8 |
| Ethnic Divisions f95esL) | Pashtun (38%)<br>Tajik (25%)<br>Hazara (19%)<br>Uzbek (CIQ<br><br>< | Armenian (93%)<br>Azeri (3%)<br>Russian (2%)<br>Other (2%) | Azeri (90%)<br>Dagestani (3.2%)<br>Russian (2.5%)<br>Armenian (2.3%)<br>Other (2%) | Georgian (70.1%)<br>Armenian (8.1%)<br>Russian (6.3%)<br>Azeri (5.7%)<br>OssetIan (3%)<br>Abkhaz (1.8%)<br>Other (5%) | Kazak (41.9%)<br>Russian (37%)<br>Ukrainian (5.2%)<br>German (4.7%)<br>Uzbek (2.1%)<br>Tatar (2%)<br>Other (7%) | Kyrgyz (52.4%)<br>Russian (21.5%)<br>Uzbek (12.9%)<br>Ukrainian (2.5%)<br>German (2.4%)<br>Other (8.3%) | Tajik (64.9%)<br>Uzbek (25%)<br>Russian (3.5%)<br>Other (6.6%) | Turkmen (73.3%)<br>Russian (9.8%)<br>Uzbek (9%)<br>Kazak (2%)<br>Other (5.9%) | Uzbek (71.4%)<br>Russian (8.3%)<br>Tajik (4.7%)<br>Kazak (4.1%)<br>Tatar (2.4%)<br>Karakalpak (2.1%)<br>Other (7%) |
| **GDP** ($ billion)* | NA | 8.1 | 13.8 | 6.0 | 55.2 | 8.4 | 8.5 | 13.1 | 54.5 |
| Major Exports: | Wheat<br>Livestock<br>Fruits<br>Carpets<br>Wool<br>Gems | Gold<br>Aluminum<br>Transport eq.<br>Elec. eq. | Oil, Gas<br>Chemicals<br>Oilfield eq.<br>Textiles<br>Cotton | Citrus fruits<br>Tea<br>Wine<br>Machinery<br>Ferrous m.<br>Non-ferrous m. | Oil<br>Ferrous m.<br>NonJerrous m.<br>Chemicals<br>Grain<br>Wool<br>Meat<br>Coal | Wool<br>Chemicals<br>Cotton<br>Ferrous m.<br>Non-ferrous m.<br>Shoes<br>Machinery<br>Tobacco | Cotton<br>Aluminum<br>Fruits<br>Vegetable oil<br>Textiles | Natural gas<br>Cotton**<br>Petroleum prod."<br>Electricity<br>Textiles<br>Carpets | Cotton<br>Gold<br>Natural gas<br>Mineral fertilizers<br>Ferrous metals<br>Textiles<br>Food products |

*Purchaslne_DOwer Darlty: '94, as extraDolated irem World Bank <st. for 1992. "Turkmenistan is the world's tenth Ianrest cotton produter. It has the world's fifth largest reserves of natural gas ahd significant oil reserves.

**ياۋروئاسىياسىكى بالقان ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان نەقىشكە ئوخشايدۇ (1.5-جەدۋەل ۋە 2.5-رەسىمگە قاراڭ). ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىنى 20-ئەسىرنىڭ 20 ۋە 30-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلغاندا، سوۋېت**




2.5-رەسىم

ئىتتىپاقنىڭ خەرىتە سىزغۇچىلىرى سۇبيېكتىپ هالدا سىزىپ چىققان (ئافغانىستان ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، شۇڭا بۇنىڭ سىرتىدا). بۇ دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسى ئاساسلىقى مىللەتنى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىلغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېرمىل سارىيىنىڭ روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئىچكى پارچىلىنىشنى ساقلاپ قېلىپ، تېخىمۇ ئاسان ئىتائەت قىلدۇرۇش غەرىزىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇڭا، موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى (كۆپ قىسمىدا تېخى كۈچلۈك مىللەتچىلىك ئېڭى يوق) بىرلەشتۈرۈپ، يەككە سىياسى گەۋدە «تۈركىستان» قۇرۇش لاھىيىسىنى رەت قىلىپ، يەككە بەش «جۇمھۇرىيەت» قۇردى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن چېگرىسى بار بولدى. ئوخشاش مۇددىئانى چىقىش قىلغاچقىمۇ، كېرمىل يەككە كاۋكاز فېدىراتسىيىسى قۇرۇش پىلاندىن ۋاز كەچتى. شۇڭا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مەيلى ئۈچ كاۋكاز دۆلتى بولسۇن ياكى بەش ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلتى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى مۇستەقىل ئورنىغا ۋە رايونلۇق ھەمكارلىقىقا تولۇق تەييارلىقىنىڭ بولماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

كاۋكاز رايونىدا نوپۇسى تۆت مىليونغا بارمايدىغان ئەرمىنىيە ۋە سەككىز مىليوندىن كۆپ نوپۇسى بار ئەزەربەيجان ناھايىتى تېزلا ناگورنو-قاراباغ (Nagorno-Karabakh)

نىڭ ئورۇن مەسىلىسىگە ئالاقىدار بىر مەيدان ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ناگورنو-قاراباغ ئەزەربەيجان چېگرىسىدا بولۇپ، كۆپ قىسمى ئەرمەنلەر ئىدى. توقۇنۇش كەڭ كۆلەملىك مىللىي تازىلاش كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نەچچە يۈزمىڭلىغان مۇساپىرلار ۋە قوغلىنىۋېتىلگەن ئاھالە ھەر تەرەپكە پېتراپ كەتتى. ئەرمېنىيە خرىستىئان دىنىغا، ئەزەربەيجان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن، بۇ توقۇنۇش دىنىي تۈس ئالدى. ئۇرۇشنىڭ ئىقتىسادقا بولغان بۇزغۇنچىلىقى ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆز مۇقىملىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملىشىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەرمېنىيە ئۆزىگە زور مىقداردا ھەربىي ياردەم بەرگەن روسىيەگە تېخىمۇ تايىنىشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن ئەزەربەيجاننىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىقى ۋە ئىچكى مۇقىملىقى ناگورنو-قارا باغنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن زور زىيانغا ئۇچرىدى.

ئەزەربەيجاننىڭ ئاجىزلىقى مەزكۇر رايونغا تېخىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى، چۈنكى ئەزەربەيجاننىڭ ئورنى ئۇنى جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ئوق دۆلەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئەزەربەيجاننى كاسپى دېڭىزى ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مول بايلىقنى قاچىلىۋالغان «بوتۇلكا» غا كىرىش ئېغىزىنى كونترول قىلىۋالغان ئىنتايىن مۇھىم «پورۇپكا» غا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. نېفىت-گاز تۇرۇبا يولى ئەزەربەيجاندىن ئۆتۈپ، مىللەت جەھەتتە مۇناسىۋەتى قويۇق بولغان، سىياسىي جەھەتتە قوللايدىغان تۈركىيەگە بارىدۇ. مۇستەقىل، تۈرۈك تىلىدا سۆزلەيدىغان ئەزەربەيجان روسىيەنىڭ بۇ رايونغا زومىگەرلىك بىلەن كىرىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، مۇنداق بولىشىمۇ روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە بولغان ھەل قىلغۇچ سىياسىي تەسىرىنى تارتىۋالدى. ئەمما ئەزەربەيجان شىمالدىكى روسىيە بىلەن جەنۇبتىكى ئىراننىڭ بېسىمىغا ئىنتايىن ئاسان ئۇچرايدۇ. ئىراننىڭ غەربىي شىمالدا ئەزەربەيجان دۆلىتى نوپۇسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر ئەزەربەيجانلار ياشايدۇ، بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە 20مىليونغا يېتىدىكەن. گەرچە ئىككىلا دۆلەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئەزەربەيجانلاردىكى يوشۇرۇن بۆلگۈنچىلىك خاھىشى ئىراننى ئەندىشىگە سالماقتا، شۇڭا ئىران ئەزەربەيجاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق ئورنىغا زىددىيەتلىك پوزىتسىيەدە بولىۋاتىدۇ. نەتىجىدە، ئەزەربەيجان بىرلا ۋاقىتتا روسىيە ۋە ئىراننىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، غەرب بىلەن بولغان ئالاقىسىنى چەكلەپ قويدى.

ئەرمېنىيە ۋە ئەزەربەيجانغا ئوخشىمايدىغىنى، گرۇزىيەنىڭ 6 مىليون ئاھالىسىدە 30% ئاز سانلىق مىللەت بار. بۇ كىچىك توپلار تەشكىلىي ۋە خوسوسىيەت جەھەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدە قەبىلە ئالاھىدىلىكى بار ھەمدە گرۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىزچىل قارشى كەيپىياتتا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان ۋاقىتتا، ئوتسېتىيە بىلەن ئابغازلار گرۇزىيەلىكلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي كۈرەش قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن

پايدىنلىنىپ، بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. روسىيە ئاستىرتتىن قوللاپ، گرۇزىيەنىڭ روسىيەگە يول قويۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ھەققىدە بېسىم قىلدى (گرۇزىيە دەسلەپتە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ چىقىشنى ئويلىغان ئىدى)، گرۇزىيەنىڭ زېمىنىدىكى روسىيە ھەربىي بازىسىنى ساقلاپ قېلىپ، تۈركىيەنىڭ بۇ رايونغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىچكى ئامىللار ئىزچىل ھالدا ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان مۇھىم سەۋەب بولۇپ كەلدى. مەدەنىيەت ۋە تىل جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ بەش مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىدىكى تۆتىسى تۈركىي تىللار دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى. تاجىكىستان تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پارس تىل سىستېمىسىغا تەۋە، ئافغانىستان بولسا پاتان، تاجىك،پۇشتۇ ۋە پارس مىللەتلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى. بۇ ئالتە دۆلەتنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان دۆلىتى. كۆپ يىللاردىن بېرى، بۇ دۆلەتلەر پارس ئىمپېرىيىسى، تۈرك ئىمپېرىيىسى ۋە روس ئىمپېرىيىسىنىڭ نۆۋەتلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئۇچرىدى.لېكىن بۇ كەچۈرمەشلەر بۇ دۆلەتلەر ئارىسىدا ئورتاق رايونلۇق مەنپەئەت ئېڭى يېتىلدۈرەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان مىللەتلەر قۇرۇلمىسى ئۇلارنى سىرتقى توقۇنۇشتا تېخىمۇ ئاسان زەربىگە ئۇچرايدىغان قىلىپ قويىدى. بۇ توقۇنۇشلارنىڭ جۇغلىنىشى ھەمىشە كۈچلۈك قوشنىلىرىنى تاجاۋۇز قىلىشقا قىزىقتۇردى.

يېڭى مۇستەقىل بولغان 5 ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتى ئىچىدە قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستان ئەڭ مۇھىم ئىككى دۆلەت. قازاقىستان مەزكۇر رايوننىڭ مۇداپىئە توسۇقى، ئۆزبېكىستان بولسا كۆپ قىرلاشقان مىللىي ئويغىنىشنىڭ يېتەكچىسى. قازاقىستاننىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسى ۋە ئورنى باشقا دۆلەتلەرنى روسىيەنىڭ ئەمەلىي بېسىمىغا بىۋاستە ئۇچرىشىدىن قوغداپ قالدى، چۈنكى پەقەت قازاقىستانلا روسىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئەمما قازقىستاننىڭ 18 مىليون نوپۇسىدا تەخمىنەن 35% روس بار (پۈتكۈل رايوندىكى روسلارنىڭ سانى بارا-بارا ئازلىماقتا). بۇنىڭدىن سىرت، 20% ئاھالىسى قازاق ئەمەس. بۇ ئەھۋال يېڭى قازاق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مىللەت ۋە تىل ئاساسىدا دۆلەت قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرى بارغانسېرى مىللەتچىلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەخمىنەن يېرىمىنى ئىگەلەيدىغان ئاھالىگىلا ۋەكىللىك قىلالىدى.

قازاقىستاندا تۇرىۋاتقان روسلار تەبىئىي ھالدا قازاق رەھبەرلەرگە ئۆچ بولدى، ئۇلار ئۆتمۈشتىكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمران سىنىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن، ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە. شۇڭا ئالاھىدە ھوقۇقنى تاتقۇزۇپ قويۇشتىن قورقىدۇ. ئۇلار ھەمىشە مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭى قازاق مىللەتچىلىرىنى ئاشكارىلا

كەمستىدۇ. قازاقىستاننىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالىدا كۆپلىگەن روس كۆچمەنلىرى ئولتۇراقلاشقان، ئەگەر قازاقىستان-روسىيە مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، قازاقىستان زېمىنى پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نەچچە يۈز مىڭ قازاق روسىيەنىڭ قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونىدا ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان، قازاقلار ئۆزبېكىستاننى ئوتتۇرا ئاسىياغا رەھبەرلىك قىلىش ئورنىنى تالىشىشىدىكى ئاساسلىق رەقىب دەپ قارايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ رەھبىرى بولۇشىدىكى ئەڭ ياخشى نامزات. گەرچە زېمىن ۋە تەبىئىي بايلىق جەھەتتە قازاقىستاندىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، ئەمما نوپۇسى كۆپ (25مىليونغا يېقىنلىشىدۇ)، ئەڭ مۇھىمى نوپۇس قۇرۇلمىسى قازاقىستانغا قارىغاندا بىر خىللاشقان. ئۆز ئاھالىسىنىڭ تۇغۇش نىسبىتى يۇقىرى ھەمدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان روسلارنىڭ قايتىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي نوپۇسىنىڭ 75% ئۆزبېكلەر بولىدۇ؛ سانى كۆپ بولمىغان روسلار ئاز سانلىق مىللەت سۈپىتىدە قېلىپ قالغان بولۇپ، ئاساسلىقى پايتەخت تاشكەنتتە ئولتۇراقلاشقان.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۆزبېكىستاننىڭ سىياسىي سەرخىللىرى مەقسەتلىك ھالدا ئۆز بېكىستاننى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك تۆمۈر ئىمپېرىيىسى (1336-1440) نىڭ بىۋاستە ۋارىسلىرى دەۋالىدۇ. تۆمۈر ئىمپىرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەنت بۇ رايوننىڭ مەشھۇر دىن، ئاسترونومىيە ۋە سەنئەت تەتقىقات مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ تەرىپى ئۆزبېكىستاننى ھازىرقى قوشنىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر تارىخىي ۋارىسلىق تۇيغۇسى ۋە رايونلۇق بۈرچ تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. بىر قىسىم ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرى ئۆزبېكىستاننى يەككە ئوتتۇرا ئاسىيا گەۋدىسىنىڭ يادروسى ھەمدە تاشكەنت بۇ گەۋدىنىڭ پايتەختى دەپ قارايدۇ. ئۆزبېكىستان سىياسىي سەرخىللىرى ۋە ئۆزبېكىستان خەلقى زامانىۋى مىللىي دۆلەتنىڭ ساپاسىنى ھازىرلاپ بولدى ھەمدە دۆلەت ئىچىدە قانداق قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز مۇستەملىكە ھالەتكە قايتمايدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق ئېڭى باشقا ھەرقانداق بىر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىدىن كۈچلۈكتۇر.

بۇ خىل ۋەزىيەت ئۆزبېكىستاندا يېڭى بىر ئەۋلاد زامانىۋى مىللەتچى داھىيلارنى تەربىيلەپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قوشنىلىرىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. گەرچە ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرى دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆزى قامداشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، قوشنىلىرىدىن تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھەتتا قازاقىستان ھۆكۈمدالىرى ئۆزبېكىستاننىڭ نىسپىي زور بولغان مىللىي بىرلىكى ۋە كۈچلۈك مىللىي ئېڭى سەۋەبلىك، رايونلۇق رەھبەرلىك ئورنىنىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆزگىرىپ

**كېتىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا. بۇ ئەندىشە يېڭى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئارىسىدىكى رايونلۇق ھەمكارلىقنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى، روسىيە ئەسلىدىنلا مۇنداق ھەمكارلىقنى خالىمايدۇ، بۇ رايوننى مەڭگۈ ئاجىز ھالەتتە قالدۇرماقچى بولىدۇ.**

**لېكىن باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، ئۆزبېكىستاندىمۇ مىللىي زىددىيەت مەۋجۇت. ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قىسمەن رايونلاردا، بولۇپمۇ مۇھىم تارىخىي مەدەنىيەت مەركىزى سەمەرقەنت ۋە بۇخارا ئەتراپىدا نۇرغۇن تاجىكلار بار. ئۇلار موسكۋا ئايرىپ بەرگەن چېگرىدىن ئىنتايىن نارازى. تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغىنى، تاجىكىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆزبېكلار بار. قىرغىزىستاننىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي رايونى فەرغانە جىلغىسى (بۇ رايوندا يېقىنقى يىللاردا قانلىق مىللىي توقۇنۇش يۈز بەردى) دا ئۆزبېكلار ۋە تاجىكلار بار. ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلارنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.**

**روسىيەنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققان قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە تۈركمەنىستان قاتارلىق ئۈچ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىدە، پەقەت تۈركمەنىستانىڭلا مىللەت جەھەتتە بىر قەدەر ئۇيۇشۇش كۈچى بار. تۈركمەنىستاننىڭ 4 مىليون 500 مىڭ نوپۇسىدا تەخمىنەن 75% تۈركمەنلەر بولۇپ، ئۆزبېكلار ۋە روسلار10% كىمۇ يەتمەيدۇ. تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي مۇھاپىزەت توسۇقى بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئورنى تۈركمەنىستاننى روسىيەدىن خېلى يىراقتا ئايرىۋەتكەن، ئۆزبېكىستان بىلەن ئىران جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە تۈركمەنىستاننىڭ كەلگۈسى بىلەن ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بار. مۇبادا بۇ رايونغا تۇتۇشىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى پۈتسە، تۈركمەنىستاننىڭ غايەت زور تەبىئىي گاز زاپىسى تۈركمەنىستان خەلقىگە گۈللەنگەن كەلگۈسىنى نامايەن قىلىدۇ.**

**قىرغىزىستاننىڭ بەش مىليون نوپۇسى بولسا بىر قەدەر مۇرەككەپ. قىرغىزلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ55%نى، ئۆزبېكلار 13% نى ئىگەللەيدۇ، روسلار يېقىندا 20% تىن 15% ئەتراپىغا چۈشتى. مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى، روسلار قىرغىزىستاندىكى قۇرۇلۇش تېخنىكى قاتارلىق بىلىم قاتلىمىدا ئاساسلىق قىسمىنى ئىگەللەيتتى، ئۇلارنىڭ كېتىشى قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىسادىغا زىيان سالدى. گەرچە قىرغىزىستاننىڭ كان بايلىقى مول، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرلىرى بولغانلىقتىن كىشىلەر بۇ دۆلەتنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شىۋىتسارىيە (يېڭى ساياھەت نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ) دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما جۇڭگو ۋە قازاقىستاننىڭ ئارىسىدا قېلىشتەك جۇغراپىيىلىك ئورنى، قىرغىزىستاننىڭ مۇستەقىللىقى قازاقىستاننىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالىشىغا باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى.**

**تاجىكىستان مىللەت جەھەتتە قىرغىزىستاندىن سەل ياخشىراق. 6 مىليون 500 مىڭ نوپۇسىدا تاجىكلار ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتمەيدۇ، 25% تىن سەل كۆپرەكى ئۆزبېكلار (تاجىكلار ئۇلارغا سەل دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ)، تاجىكىستاندا قالغان**

روسلار پەقەت 3% نى ئىگەللەيدۇ. باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش، باشلامچىلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن مىللەت توپىمۇ قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ ئۆز ئارا تىركىشىۋاتىدۇ، ھەتتا زوراۋانلىق توقۇنۇشى يۈز بېرىۋاتىدۇ، ھازىرقى زامان مىللەتچىلىك ئىدىيىسى پەقەت شەھەرلەردىكى سىياسىي سەرخىللاردىلا بار. نەتىجىدە مۇستەقىللىق دۆلەت ئىچى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، روسىيەنىڭ بۇ دۆلەتتە داۋاملىق ھەربىي قىسىم تۇرغۇزۇشىغا ياخشى باھانە تېپىپ بەردى. كۆپلىگەن تاجىكلار چېگرىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقاچقا، تاجىكىستاننىڭ مىللىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئافغانىستاندىكى تاجىكلار تاجىكىستاندىكى تاجىكلار بىلەن باراۋەر ساندا بولۇپ، رايونلۇق مۇقىملىقنى بۇزىدىغان يەنە بىر ئامىلدۇر.

ئافغانىستان گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوخشاشلا سوۋېت ئىتتىپاقى قالدۇرۇپ قويغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك سوۋېتقا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئافغانىستاننى چاك-چېكىدىن پارچىلىۋەتكەن، پۇشتۇلار، تاجىكلار ۋە خازارالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاب بارغانسېرى چوڭىيىماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، روسىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى غازات ئۇرۇشى دىنىنى بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندۇردى. ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئۆتكۈر بولغان سىياسىي ئىختىلاپقا يەنە دىنىي ئەسەبىيلىك قوشۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئافغانىستاننى چوقۇم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپلا قالماي، سىياسىي جەھەتتىمۇ پۈنلەي ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقاننىڭ بىر قىسمى دەپ قاراش كېرەك.
گەرچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە ئەزەربەيجاننىڭ نوپۇسىنىڭ ئاساسلىقى مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇرىتلىرى، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى دىنىدىن خالىي. بۇ دۆلەتلەر شەكىل جەھەتتىمۇ دىنىدىن خالىي. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھالىسى ئەنئەنىۋى دىن ۋە قەبىلە مەيدانىدا تۇرۇشتىن زامانىۋىلاشقان مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىغا ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئىسلام ئېڭى ئۆلۈكسىز كۈچىيىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام گۈللىنىشى ئىران ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىۋاتقان ھەر خىل مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئاخىرى روسىيەنىڭ كونتروللىقىدىكى (يات دىندىكىلەرنىڭ كونتروللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن) ھەرقانداق شەكىلدىكى قايتىدىن بىر گەۋدىلىشىشكە قارشى تۇرىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلاملىشىش دولقۇنى روسىيەدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن 20 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە قايتىپ كەتمىگەن، چەتئەللىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچرىسىمۇ ئۆزگەرمىگەن روسلاردىن (تەخمىنەن 9 مىليون 500 مىڭ) بىر ھەسسە كۆپ. شۇڭا، روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلار روسىيە نوپۇسىنىڭ 13% نى ئىگەللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە دىنىني ئېتىقادى ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. گەرچە بۇ تەلەپ چېچەنلەرنىڭكىدەك پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولۇش شەكلىدە ئىپادىلەنمىسىمۇ، روسىيەنىڭ يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردە روسلار ئاز سانلىق مىللەتكە چۈشۈپ قېلىشتەك قىيىنچىلىقىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ.

ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى بالقاننى تېخىمۇ مۇقىمسىز قىلىدىغان ھەمدە يوشۇرۇن پارتىلاش خاراكتېرلىك ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان رېئاللىق بولسا: تارىختا مەزكۇر رايوندا ئىمپېرىيە، مەدەنىيەت، دىن ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بولغان ئاساسلىق ئىككى قوشنا مىللىي دۆلەت تۈركىيە ۋە ئىراندۇر. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئۆزلىرىدىمۇ جۇغراپىيىۋى سىياسەت يۆلىنىشىدىكى نورمالسىزلىق ھەمدە ئىچكى زەئىپلىك بار. ئەگەر بۇ ئىككى دۆلەتتە داۋالغۇش كۆرۈلسە ئېھتىمال پۈتكۈل رايون زور قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قېلىپ، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان مىللىي ۋە زېمىن تالىشىش توقۇنۇشلىرى كونتروللىقىنى يوقىتىپ، ئەسلىدىنلا ناھايىتى ئاجىز بولغان رايون تەڭپۇڭلىقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭا تۈركىيە ۋە ئىران مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك شاھماتچىلار بولۇپ قالماي، جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى ئوق دۆلەتلەردۇر. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى مەزكۇر رايوننىڭ تەغدىرىدە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىلىسىلا ئوتتۇرا ھال دەرىجىدىكى كىچىك دۆلەت، كىچىك رايونلۇق مۇددىئاسى ۋە ۋە تارىخىي ئېتىخارلىنىش تۇيغۇسى بار. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى جۇغراپىيىۋى سىياستىنىڭ يۆلىنىشى، ھەتتا مىللىي ئۇيۇشۇش كۈچى ئېنىق ئەمەس.

تۈركىيە ئىمپېرىيىدىن كېيىنكى (قالدۇقى) دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن سالاھىيىتىنى قايتىدىن بېكىتىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. تۈركىيە ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن تارتىش كۈچىگە ئۇچرىدى: زامانىۋىلىق تەرەپدارلىرى تۈركىيەنى ياۋروپا دۆلىتى بولۇپ، غەربكە مايىل بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ ئىسلام تەرەپدارلىرى ئوتتۇرا شەرق ۋە مۇسۇلمانلار ئائىلىسىگە يۈزلىنىپ، جەنۇبقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ تارىخىي نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە مىللەتچىلەر بولسا رايونلۇق يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرىۋاتقان تۈركىيەنىڭ كاسپىي دېڭىزى ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى تۈرك مىللەتلىرى ئارىسىدا يېڭى بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ،شەرققە كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۈچ خىل قاراشنىڭ ھەر بىرى

**ئوخشىمىغان ئىستراتېگىيىلىك ئوق مەركەز بېكىتىپ چىققان. كامالىزىم ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش تۈركىيەنىڭ رايونلۇق رايولىدا مەلۇم دەرىجىدە بىرىنچى قېتىم ئېنىقسىزلىق پەيدا قىلدى.**

**تۈركىيەنىڭ ئۆزىمۇ مەلۇم دەرىجىدە رايونلۇق مىللىي توقۇنۇشنىڭ قۇربانلىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە 65 مىليون نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركلەر بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 80% تۈركىي تىللار سېستىمىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ (يەنە چېركېسكىي،ئالبانلار، پارسلار، بولغارلار ۋە ئەزەربەيجانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، لېكىن 20% كە يېقىن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپى كوردلاردۇر. تۈركىيەنىڭ شەرقىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن كوردلار ئىراق ۋە ئىراندىكى كوردلار قوزغىغان مۇستەقىللىق كۆرىشىگە ئارىلىشىپ قالدى. تۈركىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا دۆلەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئالاقىدار ھەر قانداق جىددىي ۋەزىيەت كۆرۈلۈشى كوردلارنىڭ تېخىمۇ كەسكىن ھەركەت قوللىنىپ، مىللىي مۇستەقىللىقە ئېرىششىگە ئىلھام بولىشى مۇمكىن.**

**ئىراننىڭ كەلگۈسىدە مەسىلە تېخىمۇ كۆپ. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسى «تۇمانلىق ئاي» باسقۇچىغا كىرىپ، ئىراننىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك رولىنى تېخىمۇ مۇجمەل قىلىپ قويىدى. بىر تەرەپتىن، دەھرىي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ئىراننىڭ شىمالىدىكى يېڭى مۇستەقىل بولغان قوشنىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىگە يول ئېچىپ بەردى. بىر تەرەپتىن، ئىراننىڭ ئامېرىكىغا بولغان دۈشمەنلىك نەزىرى تېھراننىڭ ھېچ بولمىغاندا تاكتىكا جەھەتتە موسكۋاغا مايىل پوزىتسىيە تۇتقۇزدى. ئىران ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىل بولىشى ئىراننىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىگە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، بۇ خىل پوزىتسىيە تېخىمۇ قەتئىي بولدى.**

**بۇ خىل ئەندىشە ئىراننىڭ مىللىي زىددىيەتكە يولۇققاندىكى ئاجىزلىقىدىن كەلگەن. ئىراننىڭ 65 مىليون نوپۇسىدا (تۈركىيەنىڭ نوپۇسى بىلەن ئوخشاش)، يېرىمىدىن سەل كۆپرەكى پارسلاردۇر. تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمى ئەزەربەيجانلار، قالغانلىرى كوردلار، بەلۇجىستانلىقلار، تۈركمەنلەر، ئەرەبلەر ۋە باشقا قەبىلىلەر. كوردلار ۋە ئەزەربەيجانلاردىن باشقىلىرىنىڭ ئىراننىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە تەھدىت سالغۇدەك ئىقتىدارى يوق، بولۇپمۇ پارسلاردا ناھايىتى كۈچلۈك مىللەت ھەتتا جاھانگىرلىك ئېڭى بولغاچقا تەھدىت سالالمايدۇ. لېكىن بۇ خىل ئەھۋالدا تېزلا ئۆزگىرىش بولىدۇ، بولۇپمۇ ئىران سىياستىدە يېڭى سىياسىي كىرزىس يۈز بەرسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.**

**ئىككى رېئاللىق ئىراندىكى كوردلار ۋە بارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىلھام بولماقتا. بىرى مەزكۇر رايوندا يېڭى مۇستەقىل بولغان بىر قانچە«ئىستان»لار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يەنە بىرى بىر مىليون نوپۇسقا ئىگە چېچەنلەرمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسى**

ئۆچۈن ئىزدەنمەكتە. ئەگەر ئەزەربەيجان سىياسىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ساقلاپ قالالىسا، ئىراندىكى ئەزەربەيجانلار تېخىمۇ چوڭ ئەزەربەيجان دۆلىتى قۇرۇش غايىسىدە چىڭ تۇرۇشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا تېھراننىڭ سىياسىي مۇقىمسىزلىقى ۋە بۆلۈنمە ھالىتى ئىراننىڭ ئىچكى ئۈيۈشۈش كۈچىگە خىرىس قىلىدۇ، ئۇ چاغدا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقانغا چېتىلىدىغان دائىرە ۋە مەنپەئەت تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

## كۆپ قىرلىق رىقابەت

ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى بالقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى، ئاۋستىرىيە-ھونگىرىيە ئىمپېرىيىسى ۋە روسىيە ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى يۈزمۇيۈز كۈرەشكە چېتىلىدۇ. يەنە ۋاستىلىق قاتناشقۇچى دۆلەت ئۈچ دۆلەت بار، بۇ ئۈچ دۆلەت ياۋروپادىكى مەنپەئەتنىڭ مەلۇم بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن زىيانغا ئۇچرىشىدىن قورقىدۇ. گېرمانىيە روسىيەنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، فرانسىيە ئاۋستىرىيە-ھونگىرىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ، ئەنگلىيە بولسا بارا-بارا ئاجىزلاشقان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ داردانېل بوغىزىنى كونترول قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، باشقا ئاساسلىق ئىككى رىقابەتچىسىنىڭ بالقاننى كونترول قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. پۈتكۈل 19-ئەسىردە، بۇ چوڭ دۆلەتلەر بالقاندىكى توقۇنۇشنى مۇۋاپىقىيەتلىك تىزگىنلىدى ھەمدە ھەر قانداق بىر تەرەپنىڭ تۈپكى مەنپەئەتىگە زىيان سالمىدى. ئەمما 1914-يىلغا كەلگەندە مۇنداق قىلالمىدى، ئاخىرىدا ھەممىسىگە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت كەلتۈردى.


بۈگۈنكى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بالقاندا قانات يېيىۋاتقان بىۋاستە رىقابەتتىمۇ ئوخشاشلا ئۆز ئارا قوشنا ئۈچ چوڭ دۆلەت روسىيە، تۈركىيە ۋە ئىران بار، جۇڭگومۇ ئەك ئاخىرىدا ئاساسلىق رىقابەتچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. نىسبەتەن يىراق ئارىلىقتا رىقابەتكە قاتناشقۇچىلاردىن يەنە ئۇكرائىنا، پاكىستان، ھىندىستان ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى ئامېرىكىلار بار. ئۈچ ئاساسلىق دۆلەتنىڭ بىۋاستە كۈرىشى كەلگۈسى جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچراپلا قالماي، يەنە ناھايىتى كۈچلۈك تارىخىي ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ تۈرتكە بولۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەربىرى مەلۇم دەۋرلەردە بۇ رايوننىڭ سىياسىتى ۋە مەدەنىيىتىدە يېتەكچى دۆلەت بولۇپ باققان، ھەر بىرى باشقا رەقىبلىرىگە گۇمانلىق نەزەردە قارايدۇ. گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تىغمۇ تىغ ئۇرۇش پارتلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تاشقى كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى يىغىلىپ مەزكۇر رايوندا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

روسلارنىڭ تۈركىيەلىكلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. روسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى تۈركىيەنى بۇ رايوننى كونترول قىلىش غەرىزىدە بولۇۋاتقان ھەمدە يەرلىك كۈچلەرنى روسىيەگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىۋاتقان ( چېچىنىيە ئۇرۇشى مەلۇم

دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ ) سۈيقەستچى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. تۈركىيەنى روسىيەنىڭ پۈتكۈل بىخەتەرلىكىگە تۈركىيەنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كەلمىگەن غايەت زور تەھدىت سېلىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ. تۈركىيەلىكلەر بولسا تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزىنى ھۆرلۈك ئەلچىسى، مەقسىتىمىز دىنداشلىرىمىزنى روسىيەنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىش دەپ قارايدۇ. تۈركىيەلىكلەر ۋە ئىرانلىقلار تارىختا بۇ رايوندىكى رىقابەتچى ئىدى، بۇ رىقابەت يېقىندا يەنە باش كۆتۈردى، تۈركىيە زامانىۋى ۋە دىندىن خالىي ئوبرازىنى تىكلەپ، ئىران ئۇقۇمىدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

بۇ ئۈچ دۆلەت ھېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، روسىيەنىڭ ئەھۋالى بولسا: موسكۋانىڭ كۆزلىگەن دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان ئەسلىمىسى كۆز ئالدىدىلا، بۇ رايوندا يەنە نەچچە مىليون روسلار بار ھەمدە كېرىمىل سارىيى روسىيەنىڭ قايتىدىن ئاساسلىق يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. موسكۋانىڭ دىپلوماتىيە سىياستى باياناتىدا پۈتكۈل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى كېرىمىل سارىيىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت دائىرىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەندى، بۇ رايونغا كەلگەن بارلىق سىرتقى سىياسىي ھەتتا ئىقتىسادىي تەسىرلەرنى چېقىرىپ تاشلاش كېرەك دەپ قارىدى.


روسىيەنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، تۈركىيەنىڭ رايونلۇق تەسىر كۈچكە ئېرىشىش ئارزۇسى ئۆتمۈشتىكى كونىچە جاھانگىرلىك تۈس ( ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى 1590-يىلى كاۋكاز ۋە ئەزەربەيجاننى بوي سۇندۇرغان ۋاقىتلاردا بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تېررىتورىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالمايتتى) ئالغان بولسىمۇ، بۇ ئارزۇ مەزكۇر رايوندىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ئېتنىك ۋە تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىق تۇيغۇسى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان (3.5-رەسىم) . تۈركىيەنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ چەكلىكلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، باشقىلارنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى سىياسىي كۈچ دائىرىسىنى قۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، تۈركىيە ئۆزىنى چېچىلاڭغۇ تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ داھىيسى دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيە كىشىنىڭ مەسىلىكنى قوزغايدىغان زامانىۋىلاشقان سەۋىيىسى، تىل جەھەتتىكى يېقىنلىقى ھەمدە ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق بۇ رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش مۇساپىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەسىر كۈچىنى تۇرغۇزۇشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.




**3.5-رەسىم**

**ئىراننىڭ مۇددىئاسى تېخىمۇ مۇجمەل، يىراقنى كۆزلىگەندە، روسىيەگە بولغان قارا نىيىتى ئوخشاشلا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. پېرسىيە ئىمپېرىيىسى يىراقتا قالغان ئەسلىمە. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 500-يىللىرى گۈللىنىپ ياشنىغان مەزگىلدە، پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى ھازىرقى تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تاجىكىستان ھەمدە ئافغانىستان، تۈركىيە، ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، ۋە ئىسرائىلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. گەرچە ئىراننىڭ نۆۋەتتىكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي غايىسى تۈركىيەنىڭكىدەك ئۇلۇغۋار بولمىسىمۇ، ئاساسلىقى ئەزەربەيجان ۋە ئافغانىستانغا مەركەزلەشكەن، ئەمما بۇ رايوندىكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ھەتتا روسىيەنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئىراننىڭ دىنىني مەنپەئەتىنىڭ نىشانى. ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام قايتا گۈللىنىشى**

نۆۋەتتىكى ئىران ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئورگانىك بىر قىسمى بولۇپ قالدى.
روسىيە، تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ ئۆز ئارا مەنپەئەت رىقابىتى (4.5-رەسىم) دە كۆرستىپ بېرىلگەن: روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي كېڭىيىشى جەنۇبتىكى ئەزەربەيجان ۋە قازاقىستانغا قارىتىلغان ستىرىلكا بىلەن ئىپادىلەنگەن، تۈركىيەنىڭ بولسا ئەزەربەيجان ۋە كاسپىي دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىلغان، ئىراننىڭ ئىككى ستىرېلكىسى بولۇپ، بىرى ئەزەربەيجانغا، يەنە بىرى شەرقىي شىمالدىكى تۈركمەنىستان، ئافغانىستان ۋە تاجىكىستانغا قارىتىلغان. بۇ ستىرېلكىلار ئۆز ئارا كېسىشىپلا قالماي، ئېھتىمال ئۆز ئارا دوقۇرۇشۇپ قېلىشى مۇمكىن.
نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ رولى نىسبەتەن چەكلىك، نىشانى ئۇنچە ئېنىق ئەمەس. جۇڭگو غەربتىكى روسىيە ئىمپېرىيىسىگە ئەمەس، بەلكى بىر توپ نىسپىي مۇستەقىل دۆلەتلەرگە يۈزلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ دۆلەتلەر توقۇنۇشتۇرغۇچى رايون بولالايدۇ، ئەمما جۇڭگو شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆيغۇر رايونىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى ئۈلگە قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. دەل موشۇنداق بولغاچقا، جۇڭگو قازاقىستاننىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ چېگرا ھالقىغان ھەركەتلىرىنى باستۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلماقتا. يىراقتىن قارىغاندا، بېيجىڭ بۇ رايوندىكى ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئالاھىدە قىزىقىدۇ، موسكۋانىڭ كونتروللىقىغا ئۇچرىماي بۇ بايلىقلارغا بىۋاستە ئېرىشىش ئېنىقكى بېيجىڭنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى. مۇنداق بولغاندا، جۇڭگونىڭ پۈتكۈل جۇغراپىيىۋى سىياسىي



تۈركىيە روسىيە ۋە ئىران ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت رىقابىتى

4.5-رەسىم

مەنپەئەتى بىلەن روسىيە كۆزلىگەن رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشىش تىرىشچانلىقى توقۇنۇشۇپ، تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ مۇددىئاسى ئارقىلىق ئۆز ئارا تولۇقلىنىدۇ.

ئۇكرائىنا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاساسلىق مەسىلە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ كەلگۈسى ماھىيىتى ھەمدە تېخىمۇ قولاي ھالدا ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېرىشىپ، ئۇكرائىنانىڭ روسىيەگە بولغان تايىنىشىنى ئازايتىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ جەھەتتە ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستانلار بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت كىيېۋ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمدۇر. ئۇكرائىنانىڭ مۇستەقىل ئاڭغا ئىگە بۇ دۆلەتلەرنى قوللىشى ئۆزىنىڭ موسكۋادىن خالىي بولغان مۇستەقىللىق تىرىشچانلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇكرائىنا

گرۇزىيەنىڭ ئەزەربەيجان نېفتىنى غەربكە ئېكسپورت قىلىش يولى بولۇش ئىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. ئۇكرائىنا تۈركىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ، روسىيەنىڭ قارا دېڭىزدىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفتىنى تۈركىيە ئارقىلىق بىۋاستە ياۋروپاغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى قوللايدۇ.

پاكىستان بىلەن ھىندىستاننىڭ ئارىغا چۈششى تېخى يىراقتا. ئەمما ئۇلار ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى بالقاندا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارغا پەرۋاسىز قارىغىنى يوق. پاكىستاننىڭ ھەممىدىن مۇھىم مەنپەئەتى ئافغانىستاندىكى سىياسىي تەسىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا، ئىراننىڭ ئافغانىستان ۋە تاجىكىستاندا سىياسىي تەسىرىنى جارى قىلدۇرىشىغا يول قويماسلىقى ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئەرەب دېڭىزىنى تۇتاشتۇرىدىغان نېفىت ئۈزۈتۈش تۇرۇبا يولى قۇرۇلىشىدىن مەنپەئەتلىنىشكە باغلىق. ھىندىستان پاكىستانغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن ھەم جۇڭگونىڭ بۇ رايوندىكى ئۈزۈن مەزگىللىك تەسىرىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىراننىڭ ئافغانىستاندىكى تەسىرى ۋە روسىيەنىڭ سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى كۆپلىگەن مەۋجۇتلىقىنى قوللىدى .

ئامېرىكا گەرچە ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا مەنپەئەتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا جۇغراپىيىلىك كۆپ خىللىقىنى ساقلاپ كەلگەنلىكتىن، ئامېرىكا پەردە ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ ھەمدە پەندىنىپەي مۇھىم ۋاستىلىق شاھماتچىغا ئايلىنىدۇ. ئامېرىكا دەرۋەقە بۇرايوندىكى بايلىقنى ئېچىشقا قىزىقىپ قالماي، روسىيەنىڭ بۇرايوننىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي بوشلىقىغا ئۆز ئالدىغا باشلامچى بولىۋېلىشىنى توسىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ مۇنداق قىلىشى تېخىمۇ چوڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى كۆزلىشى بولۇپلا قالماي، تا ھازىرغىچە يېپىق ھالەتتىكى بۇرايونغا ھېچقانداق توسالغۇسىز كىرىش يولىغا ئېرىشىش، ئۆزىنىڭ كۆنسېرى ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ھەمدە ياۋروپا ۋە يىراق شەرقتىكى مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈندۇر.

شۇڭا بۇ قىيىن مەسىلىدىكى پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى جۇغراپىيىۋى سىياسىي كۈچ، يوشۇرۇن غايەت زور بايلىققا ئېرىشىش، مىللىي ۋە (ياكى) دىنىي بۇرچنى تاماملاش ھەمدە بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن رىقابەت بۇ رايونغا كىرگىلى بولامدۇ يوق دېگەن مەسىلىگە ئالاھىدە مەركەزلەشكەن. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى، بۇ رايونغا كىرىش يوللىرىنى موسكۋا پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالغان ئىدى. بارلىق تۆمۈر يول ترانسپورتى، نېفىت گاز تۇرۇبا يولى، ھەتتا ئاۋىئاتسىيە ترانسپورتى قاتارلىق ھەممىسى موسكۋادىن ئىبارەت مەركەز ئارقىلىق ئىشقا كىرىشتۈرىلەتتى. روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىئونلىرى مۇنداق ھالەتنىڭ داۋاملىششىنى ئۈمىد قىلاتتى.

چۈنكى ئۆلار بۇ رايونغا كىرىدىغان يولنى كىم كونترول قىلسا ياكى باش بولسا، شۇنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە ئىقتىسادتىكى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى.

دەل موشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقاچقا، نېفىت-گاز تۇرۇبا يولى كاسپى دېڭىزى ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىگە تەسىر قىلىدىغان ئاساسلىق مەسىلىگە ئايلاندى. ئەگەر بۇ رايونغا تۇتۇشىدىغان ئاساسلىق تۇرۇبا يولى روسىيەنىڭ زېمىنىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، روسىيەنىڭ قارا دېڭىزدىكى پورتى نوۋوروسكىيغىچە يېتىپ بارسا، روسىيە ئەمەلىي كۈچىنى يوشۇرۇن كۆز-كۆز قىلغان تەغدىردىمۇ، مۇنداق ئەھۋالنىڭ سىياسىي ئاقىۋىتى تەبىئىي ھالدا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ رايون سىياسىي جەھەتتە يەنىلا روسىيەگە تايىنىدۇ، روسىيە بۇ رايوندىكى يېڭى بايلىقلارنى قانداق تەقسىملەش مەسىلىسىدە قارار چىقىرىش ئىقتىدارى بار. ئەگەر يەنە بىر تارماق تۇرۇبا يولى كاسپى دېڭىزىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە ئەزەربەيجاندىن ئۆتۈپ، تۈركىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا يېتىپ بارسا ياكى يەنە بىر تارماق تۇرۇبا يولى ئافغانىستاندىن ئۆتۈپ ئەرەب دېڭىزىغا بارسا، ئۇنداقتا ھەر قانداق بىر چوڭ دۆلەت بۇ رايونغا كىرىدىغان يولنى مونوپول قىلالمايدۇ.

تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان رېئاللىق شۇكى، روسىيەنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ ھەركەتلىرىدىن، ئەگەر روسىيە بۇ رايونغا كىرىدىغان يولنى كونترول قىلالمىسا، بۇ رايوندىكى بايلىقلارنى ئاچماسلىققا رازى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر چەتئەل مەبلىغى چەتئەل ئىقتىسادى ۋە سىياسىي تەسىرىنىڭ بۇ رايوندا تېخىمۇ بىۋاستە مەۋجۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، روسىيە يەنىلا بۇ رايوندىكى بايلىقنى ئاچماسلىققا رازى بولىدۇ. بايلىق ئىگىدارلىرىنىڭ مۇنداق پىسخىكىسىنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار بولۇپ، ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە سىرتقى بېسىمغا موھتاج.

چار پادىشاھنىڭ كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كېڭىيىشى تەخمىنەن 300 يىل داۋاملاشقان ئىدى، ئەمما روسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ يېقىندا ھالاك بولۇشى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، روسىيە ئىمپېرىيىسى كاسپى دېڭىزى قىرغىقىنى بويلاپ پارسقا قاراپ ئىلگىرلىدى. روسىيە 1556-يىلى ئاستراخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىننى ئىگەللىدى ھەمدە 1670-يىلى پېرسىيەگە يېتىپ باردى. روسىيە 1774-1784 يىللىرى قىرىمنى بوي سۇندۇردى، ئاندىن 1801-يىلى گرۇزىيە خانلىقىنى ئىگەللىدى ھەمدە 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كاۋكاز تاغ تىزمىسىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بوي سۇندۇردى (چېچەنلەر جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى). 1878-يىلى ئەرمىنىيەنى پۈتۈنلەي ئىگەللىدى.

ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان بوي سۇندۇرۇش ئۆزى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ئىمپىرىيەنى

يىقىتىش بولماستىن، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزئارا بۆلۈنمە ھالەتتىكى، يېرىم قەبىلە خاراكتېرىدىكى فېئودال خاقانلار ھۆكۈمرانلىقى ۋە خەلپىلىكلەرنى بوي سۇندۇرۇش ئىدى. ئۇلارنىڭ پەقەت كىچىك كۆلەمدىكى، تەنھا ھالدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بار ئىدى. ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان 1801-يىلدىكى بىر قاتار يىراقتا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدىن كېيىن بېسىۋېلىندى، تۈركمەنىستان 1873-يىلدىن 1886-يىلغىچە بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قوشۇۋېلىندى. ئەمما، 1850-يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسمىنى بوي سۇندۇرۇش ئاخىرلىشىپ بولغان ئىدى، كىچىك كۆلەمدىكى يەرلىك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركەتلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىمۇ پات-پات يۈز بېرىپ تۇردى.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى كومىدىيىلىك تارىخىي بۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1991-يىلى 12-ئايدا، قىسقىغىنا نەچچە ھەپتىنىڭ ئىچىدە، روسىيەنىڭ ئاسىيادىكى زېمىنى تەخمىنەن %20 ئازلاپ كەتتى، روسىيەنىڭ ئاسىيادىكى كونترول قىلىۋاتقان نوپۇس 75 مىليوندىن ئازىيىپ 30 مىليونغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن سىرت، كاۋكازدىكى 18 مىليون ئاھالىمۇ روسىيەدىن ئايرىلىپ كەتتى. مۇنداق بۇرۇلۇشنىڭ سىياسىي سەرخىللىرىنى تېخىمۇ ئازاپلىغان يېرى شۇكى، ئۇلار بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى چەتئەل مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ نىشانى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ پايدا گۇرۇھلىرى پۇل-مۇئامىلە ۋاستىسى ئارقىلىق مەبلەغ سېلىش، ئېچىش قاتارلىقلار تېخى يېقىندىلا روسىيە ئىگە بولىدىغان بايلىقلار ئىدى.

روسىيە مۇشكىلاتقا دۇچ كەلدى: روسىيە سىياسىي جەھەتتە زىيادە ئاجىز، سىرتنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزۈۋېتىشكە مادارى يەتمەيدۇ، مالىيەسى قۇرۇغدىلىپ قالغان بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بۇ رايوننى ئاچقۇدەك ئىقتىدارى يوق. مۇھىمى، روسىيەنىڭ سەزگۈر رەھبەرلىرى ئەگەر ئۇلار ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىنى ساقلاپ قالالمىسا، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەردىكى نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ئەڭ ئاخىرىدا روسىيەنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي چېگرىسى ئىچىدە پارتىلاش خاراكتېرلىك ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. بولۇپمۇ مىللەتچىلىك ۋە ئىسلام كۈچلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئىچىدە قايتىدىن گۈللەنسە، روسىيەنىڭ ئافغانىستان ۋە چېچىنىيەدىكى كەچۈرمىشلىرى قارا دېڭىزدىن موڭغۇلىيەگىچە بولغان پۈتكۈل چېگرىسىدا قايتىدىن يۈز بېرىشى مۇمكىن.

شۇڭا، روسىيە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئىمپېرىيەدىن كېيىنكى يېڭى رېئاللىقنا ماسلىششى كېرەك. روسىيە تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ بۇ رايوندىكى مەۋجۇتلىقىنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنماقتا. يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ روسىيەنىڭ رەقىبلىرىگە يېقىنلىششىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل رايونلۇق ھەمكارلىقنىڭ

هەقىقىي شەكىللىنىشىنى توسماقتا ھەمدە ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئىگىلىك ھوقوقلۇق دۆلەتلەردىكى سىياسىي تەسىرىنى چەكلىمەكتە. شۇڭا بۇ ئەمدى ئىمپىرىيەنى قايتا قۇرۇش مەسىلىسى ئەمەس. ئىمپىرىيەنى قايتا قۇرۇش بەدىلى ناھايىتى زور بولىدۇ ھەمدە كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنى چەكلەيدىغان يېڭى مۇناسىۋەت تورى قۇرۇش ھەمدە روسىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە ئىقتىسادتىكى باشلامچىلىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتۇر .

بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تاللايدىغان ئاساسلىق قورال مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدۇر، بىراق بەزى جايلاردا روسىيە ھەربىي كۈچى ۋە دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق « بۆلۈپ ئىدارە قىلىش » مەقسىتىگە يېتىپ، ئوخشاشلا كېرمىل سارىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. موسكۋا تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنى ئەڭ زور چەكتە بوي سۇندۇرۇش ھەمدە بارغانسېرى بىرگەۋدىلەشكەن « ئورتاق گەۋدە » قۇرۇش غەرىزىدە بولدى. مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سىرتقى چېگرىسىغا قارىتا مەركەزلەشتۈرۈپ قوماندانلىق قىلىدىغان كونترول سېستىمىسىنى يۈرگۈزۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى؛ ھازىر بار بولغان(سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى) نېفىت-گاز تۇرۇبا يوللىرى تورىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتتى ھەمدە روسىيەنىڭ زېمىنىنى كېسىپ ئۆتمەيدىغان ھەر قانداق يېڭى تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇشقا يول قويمىدى. گەرچە بۇ رايون ئەمدى روسىيە ئىمپىرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولمىسىمۇ، روسىيەنىڭ ئىستراتېگىيە تەھلىلچىلىرى موسكۋانىڭ بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى سىياسەت بوشلۇقى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈردى.

كېرمىل سارىيى يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا روسىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈستىدە ئىزدەندى، بۇ ئەمەلىيەتتە بىزگە روسىيەنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي مۇددىئاسىنى چۈشىنىشكە يىپ ئۇچى تەمىنلەپ بەردى. موسكۋا ئافغازىيىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتىدىن پايدىلىنىپ، روسىيەنىڭ گرۇزىيەدىكى ھەربىي بازىسىنى ساقلاپ قېلىش ھوقوقىغا ئىگە بولدى، روسىيە ئەرمىنىيەنىڭ ئەزەربەيجان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا روسىيەنىڭ قوللىشىغا موھتاجلىقىدىن پايدىلىنىپ، روسىيەنىڭ ئەرمىنىيىدىكى ھەربىي مەۋجۇتلۇقىنى قانۇنلاشتۇردى. روسىيە يەنە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە قازاقىستانغا بېسىم ئىشلىتىپ، روسىيەنىڭ ھەربىي بازىسىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىدى. بۇنىڭدىن سىرت، تاجىكىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش سابىق سوۋېتلەر ئارمىيىسىنىڭ داۋاملىق تۇرۇپ قېلىشىغا باھانە بولدى.


موسكۋا سىياسەت تۈزگەندە مۇنداق ئېنىق مەقسەتلەرنى چىقىش قىلغان: روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى مۇناسىۋەت تورى ھەر بىر ئاجىز دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقوقىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى « بىر گەۋدىلەشكەن »

مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىگە تەۋە بولغان قوماندانلىق مەركىزىگە قويۇش كېرەك. بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روسىيە يېڭى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئارمىيىسىنى قۇرۇشنى ۋە ئۆز تىلىنى ئىشلىتىشنى كېڭەيتىشكە ئىلھاملاندۇرمىدى ( ئۇلار بارا-بارا سىرىل ئېلىپبەسىنىڭ ئورنىغا لاتىن يېزىقىنى ئالماشتۇردى) ھەم ئۇلارنىڭ سىرتقى دۇنيا بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئىلھاملاندۇرمىدى، ئۇلارنىڭ ئەرەب دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز پورتىغا تۇتىشىدىغان يېڭى تۇرۇبا يولى ياتقۇزىشىغا قارشى تۇردى. ئەگەر بۇ سىياسەت مۇۋاپىقىيەتلىك بولسا، روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ دېپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى ھەمدە بايلىق كىرىمىدىن قانداق بەھرىمان بولۇش قارارىنى چىقىرىشنى كونترول قىلالايدۇ.
بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش داۋامىدا، مەزكۇر كىتابنىڭ 4-بابىدا كۆرستىلگەندەك، روسىيەنىڭ باياناتچىسى دائىم ياۋروپا ئىتتىپاقى مىساللىرىنى نەقىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە كاۋكاز رايونىغا بولغان سىياستى فرانسىيەنىڭ ئافرىقىدىكى فرانسۇز تىلى رايونىدىكى فرانسۇز تىلى دۆلەتلىرىنىڭ سىياستىنى فرانسىيە ئارمىيىسى ۋە مالىيە تولۇقلىمىسى ئارقىلىق قارار قىلىشىغا ئوخشايدۇ.
روسىيەنىڭ ئومۇمىي نىشانى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق مېخانىزىم. قارىماققا موسكۋانىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە بېقىندى ئورۇندا تۇرغۇزۇشتىكى ھەممىدىن مۇھىم جۇغراپىيىۋى سىياسەت نىشانى قازاقىستان ۋە ئەزەربەيجاندەك قىلىدۇ. سىياسىي قايتۇرما ھۇجۇمدا مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، موسكۋا چوقۇم بۇ رايونغا كىرىدىغان يوللارنى كونترول قىلىپلا قالماي، باشقا جۇغراپىيىۋى توسۇقلارغا سىڭىپ كىرىشى كېرەك .
روسىيەگە نىسبەتەن ئەزەربەيجان ھەممىدىن مۇھىم نىشان. ئەزەربەيجاننىڭ روسىيەگە ئىتائەت قىلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانى غەرب بىلەن، بولۇپمۇ تۈركىيە بىلەن ئايرىپ تاشلاشقا ياردىمى بولىدۇ، روسىيەنىڭ بوي سۇندۇرۇش تەس بولغان ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستانغا بولغان تەسىر كۈچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچىيىدۇ. شۇڭا روسىيە كاسپى دېڭىزىنى ئېچىشنى قانداق تەقسىملەش قاتارلىق تالاش-تارتىش بولىۋاتقان مەسىلىلەردە ئىران بىلەن تاكتىلىق ھالدا بىرلەشسە، باكۇنى موسكۋانىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسى بار. ئىتائەتمەن ئەزەربەيجاننىڭ بولىشى روسىيەنىڭ گرۇزىيە ۋە ئەرمېنىيەدىكى باشلامچىلىق رولىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىگە پايدىلىق.
قازاقىستانمۇ ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچى بار ھەمدە ھەممىدىن مۇھىم نىشانلارنىڭ بىرى. قازاقىستان مىللىي مەسىلىدە ئاجىز بولغاچقا، قازاقىستان ھۆكۈمىتى روسىيە بىلەن

بولغان قارشىلىشىشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللىيەلىشى مۇمكىن ئەمەس. قازاقىستاننىڭ پەندىنپەي بوي سۇنۇشى قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ موسكۋانىڭ كونترول دائىرىسىگە ئۆزلىكىدىن كىرىپ قېلىشتەك جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستاننى بىۋاستە ھالدا روسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
لېكىن روسىيەنىڭ ئىستراتېگىيىسى بىلەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا جايلاشقان باللقاندىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ دېگۈدەك ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر-بىرىگە زىتتۇر. بۇ دۆلەتلەردىكى يېڭى سىياسىي سەرخىللار مۇستەقىللىقتىن ئېرىشكەن پايدا-مەنپەئەتنى ئۆزلىكىدىن ئۆتۈنۈپ بەرمەيدۇ. يەرلىك روسلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئالاھىدە ھوقوقلۇق ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە ئەگىشىپ، يېڭى سىياسىي سەرخىللار ئىگىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى ئېرىشكەن پايدىسىنى تېزلىكتە كېڭەيتتى. بۇ بىر ھاياتىي كۈچكە تولغان ھەمدە ئىجتىمائىي جەلپ قىلىش كۈچى بولغان ئىلگىرلەشتۇر. سىياسىي جەھەتتە پاسسىپ ئورۇندىكى خەلقمۇ مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە بولدى. گرۇزىيە ۋە ئەرمىنىيەدىن باشقا دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامچە ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى.
دىپلوماتىك مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گرۇزىيە بىلەن ئەرمىنىيە (گەرچە ئەرمىنىيە روسىيەنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئەزەربەيجان بىلەن قارشىلاشسىمۇ ) ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپا بىلەن باغلىنىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بايلىقى مول ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ئەزەربەيجانلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئامېرىكا، ياۋروپا، ياپونىيە ۋە كېيىن كەلگەن جەنۇبىي كورىيەنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ھەمدە مۇستەقىللىقنى مۇستەھكەملەشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار يەنە تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە تۈركىيە-ئىراننى روسىيە كۈچلىرى بىلەن قارشىلىشىش ئامىلى ۋە جەنۇبتىكى كەڭ مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈك دەپ قارايدۇ.
شۇڭا، ئەزەربەيجان تۈركىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن روسىيەنىڭ ئەزەربەيجاندا ھەربىي بازا قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى، روسىيەنىڭ ئەزەربەيجاندا روسىيەنىڭ قارا دېڭىز پورتىغا تۇتۇشىدىغان پەقەت بىر تاللا تۇرۇبا يولى ياساش تەلىپىگە ئاشكارا قارشى چىقتى. ئەزەربەيجان قوش ئۆلچەملىك ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاپ، گرۇزىيەدىن ئۆتۈپ تۈركىيەگە بارىدىغان تۇرۇبا يولى ياسىماقچى بولدى. ئامېرىكا ئىران بىلەن سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشقا مەبلەغ تەمىنلەشنى چەكلىگەنلىكتىن، ئامېرىكىنىڭ بىر شىركىتى مەبلەغ سالغان جەنۇبتا ئىراندىن ئۆتىدىغان تۇرۇبا يولى ياساش پىلانىدىن ۋاز كەچمەي بولمىدى. 1995-يىلى، تۈركمەنىستاندىن ئىرانغا

**باربدىغان تۆمۈر يولدا قاتناش باشلاندى. بۇ ياۋروپانىڭ تۆمۈر يول ترانسپورتى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن سودا قىلىشنى مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى ھەمدە روسىيەنىڭ پۇتۇنلەي بىر چەتكە قايرىپ قويىدى. قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ قايتىدىن ئېچىلىشى كۆچلۈك سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولۇپ، روسىيە ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئايرىۋېتىشكە ئامالسىز قالدى.**
**ئۆزبېكىستان روسىيەنىڭ « بىر گەۋدىلىشىش » تىرىشچانلىقىغا قارشى تۇرۇشتابارغانسېرى ئىشەنچكە تولدى. ئۆزبېكىستاننىڭ دېپلوماتىيە مىنىسترى 1996-يىلى 8-ئايدا :« ئۆز بېكىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىن ھالقىغان دۆلەت قۇرۇلمىسى قۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى مۇنداق قۇرۇلما مەركەزلەشتۈرۈپ كونترول قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قورال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن » دەپ ئېنىق بىلدۈردى.**
**ئۆزبېكىستاننىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلىك خاھىشىنى روسىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى قاتتىق ئەيىبلەپ : ئۆزبېكىستان**
**ئىقتىسادىي جەھەتتە غەربكە ئېغىشنى تەكتلەۋاتىدۇ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش شەرتىگە تەپتارتماي بۆھتان چاپلىدى، چېگرا بېجى ئىتتىپاقىغا كىرىشنى قەتئىي رەت قىلدى، روسىيەگە قارشى مىللىي سىياسەت يۈرگۈزۈشنى پىلانلىماقتا (ھەتتا روس تىلى قوللىنىدىغان باللار باغچىسىنى پېچەتلىۋەتتى...... ئاسىيا رايونىدا روسىيەنى ئاجىزلاشتۇرۇش سىياستىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزبېكىستاننىڭ بۇ مەيدانى ئىنتايىن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە①**
**قازاقىستانمۇ روسىيەنىڭ بېسىمغا قارشى ئىنكاس قايتۇردى. قازاقىستانمۇ روسىيەنىڭ زېمىنىدىن ئۆتمىگەن، سىرتقا قارىتا قوشۇمچە ئۆتۈشمە يولىنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. قازاقىستان پىرىزدېنتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئۆمۈر سېرىك قاسنوۋ:**
**ئەمەلىيەتتە، روسىيەنىڭ قىلمىشى قازاقىستاننىڭ باشقا تۇرۇبا يولىنى تېپىشقا مەجبور قىلدى، مەسىلەن روسىيە قازاقىستاننىڭ نېفتىنى نوۋوروسكىيغا توشۇشنى، تۈمەننىڭ نېفتىنى ياۋلودار نېفت چەككىلەش زاۋۇتىغا توشۇشنى چەكلىدى. تۈركمەنىستاننىڭ ئىرانغا توشلىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قىسمەن سەۋەبى، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى تەبىئىي گازدا خەلقئارا باھانىڭ پەقەت 60% نى تۆلەيدۇ ياكى قەتئىي پۇل تۆلىمەيدۇ② .**
**تۈركمەنىستانمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش سەۋەبنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىن ئۆتۈپ، ئەرەب دېڭىزىغا تۇتۇشىدىغان يېڭى تۇرۇبا يولى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىمالدا قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان بىلەن تۇتۇشىدىغان، جەنۇبتا ئىران ۋە ئافغانىستان بىلەن تۇتۇشىدىغان يېڭى تۆمۈر يول لىنىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ چىقتى. قازاقلارمۇ جۇڭگولۇقلار ۋە**

ياپونلۇقلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگو دېڭىزىغا بارىدىغان تۇرۇبا يولى قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلدى. (5.5 ـ رەسىم) ھەمدە دەسلەپكى ئىزدىنىش




5.5 ـ رەسىم

خاراكتېرىدىكى سۆھبەت ئېلىپ باردى. غەرب ئەزەربەيجاننىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گازىغا ئۆزئۆن مۇددەت مەبلەغ سالىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى، ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. قازاقىستاندا 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى (1996 ـ يىلدىكى سانلىق مەلۇمات). بۇ شارى ئىقتىسادنىڭ بېسىمى ھەمدە روسىيەنىڭ مالىيە كۈچى جەھەتتىكى ئامالىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبلىك، بۇ رايوننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يېگانە ھالىتى بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

روسىيەدىن ۋەھىمە يېيىش ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ رايونلۇق ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. 1993-يىلى 1-ئايدا قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىتتىپاقى دەسلەپتە ئۇچەكتىكى ھالەتتە بولۇپ، كېيىن بارا-بارا جانلىنىپ كەتتى. ئەسلىدە يېڭى « يېڭى ياۋروپا » قۇرۇشنى ئاشكارا تەشەببۇس قىلىدىغان قازاقىستان پىرىزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ كۆز قارىشنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ زىچ ھەمكارلىقىنى ۋە بۇ رايوندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ماسلاشتۇرۇشنى قوللىدى، ئەزەربەيجاننىڭ كاسپىي دېڭىزى ۋە قازاقىستاننىڭ نېفىتىنى تۈركىيە ئارقىلىق توشۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللىدى، روسىيە ۋە ئىراننىڭ كاسپىي دېڭىزى قىرغىقى دۆلەتلىرىنىڭ كاسپىي دېڭىزى ۋە كان بايلىقلىرىنى بۆلۈشۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش مۇددىئاسىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.
مەزكۇر رايوندىكى ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلىشىش يۈزلىنىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزلىكىدىن يارىشىش ئىنتايىن مۇھىم. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان پىرىزىدېنتلىرى ئۆز ئارا قايىل بولۇشمايدۇ (بۇ نۇقتىنى ئۇلار چەتئەللىك مېھمانلارغا تۇزلا دەيدۇ)، كىرمىل سارىيىنىڭ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرنى ئۆزىگە تارتىپ، باشقا ئىككىسىگە قارشى تۇرماق ئاسان ئىدى، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بۇ ئۈچ رەھبەر ئۆز ئارا قويۇق ھەمكارلىقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى قولغا كەلتۈرگەن ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېقىن مۇناسىۋەتنى بارلىقىنى ئاشكارا بىلدۈرۈشكە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى دېپلوماتىيە سىياسىتىنى تەڭشەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.
ئەمما تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، مۇستەقىل دۆلەتلەر ئىچكى قىسمىدا بىرەسمىي ئىتتىپاق بارلىققا كەلدى، بۇ ئىتتىپاق ئۇكرائىنا ۋە ئۆزبېكىستان رەھبەرلىكىدە « بىر گەۋدىلەشمىگەن » بەلكى « ھەمكارلاشقان » بىرلەشمە گەۋدە قۇرۇپ چىقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇكرا ئىنا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋەگرۇزىيەلەر بىلەن ھەربىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1996-يىلى 9-ئايدا، ئۇكرائىنا بىلەن ئۆزبېكىستان دېپلوماتىيە مىنىستېرلىرى سىمۋوللۇق بىر خىتابنامە جاكارلاپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسى باشلىقلار يىغىنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن روسىيە پىرىزىدېنتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەمەس بەلكى ھەر قايسى دۆلەتلەر نۆۋەتلىشىپ رەئىس بولۇشنى تەلەپ قىلدى.
ئۇكرائىنا بىلەن ئۆزبېكىستان تىكلەپ بەرگەن ئۈلگە موسكۋاغا ئىتائەتمەن رەھبەرلەرگىمۇ تەسىر قىلدى. قازاقىستان پىرىزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ ۋە گرۇزىيە

پىرىزدېنتى ئېدۇارد شېۋاردىنادىز (Eduard Shevardnadze) بىرلىكتە 1996-يىلى 9-ئايدا، ئەگەر « مۇستەقىلللىقىمىز تەھدىتكە ئۇچرىسا » مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىن چېكىنىمىز دەپ جاكارلىغاندا، كېرمىل سارىيى قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدى. تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنىڭ قارشىلىق كۈچلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە ئەزەربەيجان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى پائالىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. بۇ تەشكىلات مەزكۇر رايوندىكى ئىسلام دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي چېچىلاڭغۇ تەشكىلات. ئەزالىرى يەنە تۈركىيە، ئىران ۋە پاكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مالىيە، ئىقتىساد ۋە قاتناش ترانسپورت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ چىقاردى. موسكۋا بۇ تەشەببۇس ۋە ھەركەتلەرنى ئاشكارا تەنقىدلىدى ھەمدە بۇ تەشكىلاتنى ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىگە تەۋەلىك سالاھىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ دەپ قارىدى.
بۇ رايوندىكى دۆلەتلەر ئوخشاش كۆز قاراشنى چىقىش قىلىپ، تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى، كىچىك دائىرىدە ئىران بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ كۈچەيتتى. تۈركىيە يېڭى مىللىي ئەمەلدارلار كوللىكتىپىنى ھەربىي مەشقلەندۈردى ھەمدە تەخمىنەن 10 مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇشىنى قىزغىن قارشى ئالدى. 1996-يىلى 10-ئايدا، تۈركىيەنىڭ قوللىشى بىلەن تاشكەنتتە تۆتىنچى قېتىملىق تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر باشلىقلار يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا تۈركىيە بىلەن قاتناش ترانسپورت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، سودا ئالاقىسىنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئورتاق مائارىپ ئۆلچىمى ۋە قويۇق مەدەنىيەت ھەمكارلىقى ئېلىپ بارىدىغانلىقى تەكىتلەندى. تۈركىيە بىلەن ئىران تېلېۋىزىيە پروگراممىسى ئىشلەش جەھەتتە، يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرگە ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، كەڭ تاماشىبىنلارغا بىۋاستە تەسىر قىلدى.
1996-يىلى 12-ئايدا، قازاقىستان پايتەختى ئالمائاتادا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا، تۈركىيە ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەندە بۇ رايوندىكى يېڭى دۆلەتلەر قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىقنى تامامەن ئېتىراپ قىلدى. قازاقىستان مۇستەقىللىقىنىڭ 5 يىللىقى مۇراسىمىدا، تۈركىيە پىرىزدېنتى دېمىرېل نەزەربايېۋنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، 28 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالتۇن رەڭلىك خاتىرە ئابىدىسىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى. ئابىدىنىڭ بېشىدا رىۋايەتلەردىكى قازاق-تۈرك پالۋىنىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا، قازاقىستان تۈركىيەنى « قازاقىستان تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە قازاقىستان بىلەن بىر سەپتە تۇردى » دەپ مەدھىيىلىدى. تۈركىيە قازاقىستانغا بىر مىليارد 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى شەخسلەر مەبلىغى سېلىشتىن سىرت، يەنە 300 مىليون

ئامېرىكا دوللىرى قەرز بەردى.
گەرچە تۈركىيە بىلەن ئىران روسىيەنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرىنى چەكلەپ تاشلاشقا ئامالى بولمىسىمۇ، يېڭى دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتتى. شىمالدىكى قوشنىلىرى ۋە كونا خوجايىنى بىلەن قايتىدىن بىر گەۋدىلىشىشنى توساپ قالدى. مۇنداق قىلىش بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ تېخىمۇ ئېچىۋېتىلىشىگە پايدىلىق.

## ھەم ئىدارە قىلماسلىق ھەم چەتكە قاقماسلىق

بۇ رايون جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئامېرىكىغا ئىنتايىن ئېنىق: ئامېرىكا بەك يىراقتا بولغانلىقتىن، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بۇ قىسمىدا باشلامچى بولۇشقا ئامالسىز بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا بەك كۈچلۈك بولغاچقا بۇ رايوننىڭ ئىشلىرىغا چوقۇم ئارىلىشىشى كېرەك. بۇ رايوندىكى بارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئارىلىشىشى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىدا زۆرۈر دەپ قارايدۇ. روسىيە زىيادە ئاجىز بولغاچقا، بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ ھەم باشقا دۆلەتلەرنى سىقىپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ؛ لېكىن ئارىلىقى بەك يېقىن بولغاچقا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا روسىيەمۇ سىقىپ چىقىرىۋېتىلمەيدۇ. تۈركىيە ۋە ئىراننىڭ قۇدرىتى تەسىر كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەرلىك، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقى بۇ رايوندا شىمالدىن كەلگەن خىرىسقا ۋە رايون ئىچىدىكى توقۇنۇشقا تاقابىل تۇرۇشقا ئىلاجسىز ئەھۋالغا قويىدۇ. جۇڭگومۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە روسىيە ئەندىشە قىلمىسا بولمايدۇ، لېكىن جۇڭگونىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا بىلەن تېخىمۇ كەڭ مۇناسىۋەت قىلىشىغا پايدىلىق.
شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم مەنپەئەتى ھەر قانداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ بۇ جۇغراپىيىۋى سىياسىي بوشلۇقنى ئۆز ئالدىغا كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىقى، پۈتكۈل دۇنيا مالىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتە بۇ رايونغا ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماي كىرەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پەقەت نېفىت-تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولى ۋە قاتناش ترانسپورت تورى ئوتتۇرا دېڭىز ۋە ئەرەب دېڭىزىغا تۇتاشسا ھەم قۇرۇقلۇقتا بۇ رايوننى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىكى ئاساسلىق مەركەز بىلەن بىۋاستە باغلىغاندىلا، جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقى ئاندىن ئۇزۇن مۇددەتلىك رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. شۇڭا روسىيەنىڭ بۇ رايونغا كىرىدىغان يوللارنى مونوپول قىلىۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش كېرەك، چۈنكى بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز.
لېكىن روسىيەنى بۇ رايوندىن سىقىپ چىقىرىۋېتىش ياكى بۇ رايوندىكى يېڭى دۆلەتلەرنى روسىيە بىلەن دۈشمەنلىشىشكە قۇترىتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس ھەم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، روسىيەنىڭ بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاكتىپ

قاتنىشىشى بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىدا كەم بولسا بولمايدۇ. روسىيەنى بىر شېرىك قىلىش كېرەك، بىردىنبىر ھۆكۈمران قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. موشۇنداق بولغاندا غايەت زور ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە بايلىقىنىڭ ئېچىشى روسىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بىۋاستە پايدا يەتكۈزىدۇ ھەمدە مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىنى ئۆلگە قىلغان « بىرلەشمە گەۋدە » گە ئەمەلىي مەنالار قوشىلىدۇ. قارا نىيىتى تېخىمۇ چوڭ، ۋاقتى ئۆتكەن، كىشىنى ئازابلايدىغان بۇرۇنقى بالقاننى ئەسكە سالىدىغان بىر قىسىم كۆز قاراشلار مەۋجۇت. پەقەت بۇ كۆز قاراشنى ئۇنۇملۇك تازىلاپ تاشلىغاندىلا، ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى تاللاش روسىيەنىڭ سىياسىتىگە ئايلىنىدۇ.

ئامېرىكا جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە زور كۈچ بىلەن قوللاشقا تېگىشلىك دۆلەتلەر ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان ۋە ئۇكرائىنادۇر. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھەممىسى جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ ئوق مەركىزى. كىيېۋنىڭ رولى كىشىلەرنى ئۇكرائىنانىڭ روسىيەنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشىدە ھەل قىلغۇچ دۆلەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەر مەيدانى، ئىقتىسادىي يوشۇرۇن كۈچى ۋە مۇھىم جۇغراپىيىلىك ئورنىنى نەزەردە تۇتقاندا، قازاقىستانمۇ خەلقئارانىڭ ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىشى كېرەك، بولۇپمۇ سىجىل ئىقتىسادىي ياردەم بولىشى كېرەك. ۋاقتى كەلگەندە، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئېھتىمال مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى ئاجىزلىتىشقا ياردىمى بولىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ « توسۇق » ى بولغان بۇ خىل بۆلگۈنچىلىك روسىيەنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئىنتايىن ئاجىزلىشىدۇ.

بۇ رايوندا، ئامېرىكىنىڭ مۇقىم، غەربكە مايىل تۈركىيە بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئىران ۋە جۇڭگو بىلەن ئورتاق مەنپەئەتى بار. ئامېرىكا-ئىران مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇ رايونغا كىرىش پۇرسىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەزەربەيجاننىڭ  مەۋجۇتلىقىغا بولغان بىۋاستە تەھدىدنى ئازايتىدۇ. جۇڭگونىڭ بۇ رايوندا ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي پائالىيىتى، بۇ رايوننىڭ مۇستەقىللىقى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن سىياسىي مەنپەئەتمۇ ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك. پاكىستاننىڭ ئافغانىستاندىكى تىرىشچانلىقىنى جۇڭگونىڭ قوللىشى بىر ئاكتىپ ئامىل. چۈنكى تېخىمۇ قويۇق پاكىستان-ئافغانىستان مۇناسىۋىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تۈركمەنىستانغا تېخىمۇ ئاسان كىرىشىگە يول ئاچىدۇ ھەم تۈركمەنىستان ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ كۈچىيىشىگە پايدىلىق (ئەگەر قازاقىستان مۇقىمسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا.(

تۈركىيەنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى كاۋكاز دۆلەتلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر تۈركىيە ياۋروپاغا بارىدىغان يولنى ساقلاپ قالالىسىلا، ياۋروپامۇ

تۈركىيەگە ئېشكىنى ئېتىۋالمىسا، ئۇنداقتا كاۋكاز دۆلەتلىرى ياۋروپا دائىرىسىگە كىرىشى مۇمكىن، بۇ رېئاللىق دەل ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدۇر. ئەرگەر تۈركىيەنىڭ ياۋروپالىشىش قەدىمى ئېچكى-تاشقى ئامىللارنىڭ سەۋەبى بىلەن توختاپ قالسا، گرۇزىيە بىلەن ئەزەربەيجان روسىيەنىڭ ئىرادىسىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت بۇ يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى روسىيە بىلەن ياۋروپانىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەيدۇ، ئېھتىمال ياخشىلىنىشى ياكى يامانلىشىشى مۇمكىن.
ئىراننىڭ رولىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىراننىڭ قايتىدىن غەربكە مايىل مەيدانغا قايتىپ كېلىشى بۇ رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق. شۇڭا ئامېرىكا ئىراندىكى مۇنداق ئۆزگىرىشنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلھاملاندۇرماقتا. لېكىن مۇنداق بۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىران پاسسىپ رولنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەزەربەيجاننىڭ كەلگۈسىگە يامان تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئىران تۈركمەنىستاننى دۇنياغا ئېچىۋېتىش قاتارلىق ئاكتىپ قەدەمنى بېسىشى ھەمدە ئۆزىدىكى ئەسلىيەتچىلىك ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردا بار بولغان ئەنئەنىۋى دىنني ئېڭىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن.
ئەڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى ئېھتىمال تېخىمۇ مۇرەككەپ ئەھۋاللارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تەغدىرى روسىيە، تۈركىيە، ئىران ۋە جۇڭگونىڭ مەنپەئەتلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئۆز ئارا مۇرەككەپ رولىغا باغلىق، يەنە ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا-روسىيە مۇناسىۋىتىنى روسىيەنىڭ يېڭى دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئاساس قىلىشقا يۆتكىشىگە باغلىق.
مۇنداق ئۆز ئارا تەسىر قىلىشىدىغان رېئاللىق ھەر قانداق بىر جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىنىڭ جاھانگىرلىك بىلەن ئىدارە قىلىۋېلىش ياكى بىر دۆلەتلا رايون ئىشلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىشنى قوغلىشىدىغان نىشان قىلدۇرۇپ قويمايدۇ. شۇڭا، پەقەت بىر خىل ئەپچىل رايون تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش بىلەن مىللىي توقۇنۇش كۆرۈلۈش، سىياسي بۆلۈنۈش، روسىيەنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئاشكارا دۈشمەنلىشىش ئوتتۇرىسىدا ئاساسي تاللاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ خىل ئەپچىل تەڭپۇڭلۇق بۇ رايوننى گۈللىنىۋاتقان يەر شارى ئىقتىسادىغا يۈزلەندۈرىدۇ ھەمدە بۇ رايوندىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنى مۇستەھكەملەيدۇ، يەنە نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولغان ئىسلامچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق رايون تەڭپۇڭلۇقىنى قۇرۇش ۋە كۈچەيتىش چوقۇم ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر قانداق ئۇنىۋېرسال جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نىشانىغا ئايلىنىشى كېرەك.
ئىزاھاتلار:

1. Zavtra 28 (June1996)
2. «What Russia Wants in the Transcaucasus and Central Asia» Nezavisimaya 1995،January24،Gazeta
«روسيه كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسيادا نېمىگە ئېرىشمەكچى»

## 6-باب: يىراق شەرق لەڭگىرى

ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا بولغان ئۇنۇملۇك سىياستى چوقۇم يىراق شەرق لەڭگىرىگە ئىگە بولىشى كېرەك. ئەگەر ئامېرىكا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا باشقىلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلسە ياكى ئۆزلىكىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇ تەلەپ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ يەر شارى سىياستىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېڭىزدا ياپونىيە بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش زۆرۈردۇر، ئەمما ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش كېرەك. بۇ رېئاللىقنىڭ تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، چۈنكى نۆۋەتتە ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە جۇڭگو قاتارلىق 3 چوڭ ئاساسلىق دۆلەتنىڭ يىراق شەرقتىكى ئۆز ئارا تەسىرى بۇ رايوندا يوشۇرۇن خەۋپلىك مەسىلە كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ مۇقەررەر ھالدا جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ قۇرۇلما ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىنىچ ئوكيان قىرغىقىدىكى ئامېرىكا تەبىئىي ئىتتىپاقدىشى بولىشى كېرەك، چۈنكى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا قۇرۇقلىقىغا يامان غەرىزى يوق ھەمدە ئامېرىكا تارىختا ياپونىيە ۋە روسىيەنىڭ جۇڭگونى يۇتۇۋېلىشىغا قارشى تۇرغان. جۇڭگولۇقلار ياپونىيەنى يېقىنقى بىر ئەسىردىكى ئاساسلىق دۈشمىنى دەپ قارايدۇ. ئۇزۇندىن بېرى جۇڭگولۇقلار روسىيەگە ئىشەنمەيدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ خېتىدە روسىيە دېگەنلىك « ئاچلىق قاپلىغان زېمىن » دېگەنلىكتۇر. ھىندىستانمۇ يوشۇرۇن رەقىب بولۇپ قالدى. شۇنداق بولغاچقا، « دوستۇمنىڭ دوستى مېنىڭمۇ دوستۇم » دېگەن پرىنسىپ جۇڭگو-ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى جۇغراپىيىۋى سىياسەت ۋە تارىخىي مۇناسىۋەتكە باب كېلىدۇ.
ھازىر ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ تىنىچ ئوكيان قىرغىقىدىكى رەقىبى ئەمەس، ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە يېقىن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئامېرىكىنىڭ يەنە تەيۋەنگە ھەمدە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئامېرىكا نۆۋەتتىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە قارىتا پوزىتسىيىسىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ساقلاپ قالدى، جۇڭگولۇقلار بۇنىڭغا ناھايىتى سەزگۈر. شۇڭا جۇڭگو يەر شارىۋى ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىنتىلىش جەھەتتىلا ئەمەس، ھەتتا يەنە رايونلۇق باشلامچىلىق ئورۇنغا ئېرىشىش جەھەتتىمۇ ئامېرىكىنى ئاساسلىق

**توسالغۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو توقۇنۇشى كېرەكمۇ؟**
**ياپونىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئامېرىكا ئىزچىل قوغدىنىش كۈنلۈكى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قوغدىنىش كۈنلۈكى ئاستىدا، ياپونىيە خاتىرجەم هالدا ئۇرۇش خارابىلىقىدىن ئەسلىگە كېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئۇلغايتتى ۋە بۇ ئاساستا دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ بىرى دېگەن ئورۇنغا ئېرىشتى. ئەمما دەل موشۇ قوغدىنىش كۈنلۈكى ياپونىيەنىڭ ھەركەت ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلىگەچكە، ياپونىيەنىڭ دۇنيا دەرىجىلىك چوڭ دۆلەت بولۇش بىلەن بىرگە، باشقىلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولۇشتەك زىددىيەتلىك ھالەتنى پەيدا قىلدى. ياپونىيەنىڭ دۇنياۋى رەھبەر بولۇش تىرىشچانلىقىدا، ئامېرىكا مۇھىم شېرىك، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ رولى ياپونىيەنىڭ بىخەتەرلىك ساھەسىدە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. مۇنداق ۋەزىيەت يەنە قاچانغىچە داۋاملىشىدۇ؟**
**مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېقىن كەلگۈسىدە ئەڭ مۇھىم ھەمدە ئۆز ئارا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىككى جۇغراپىيىۋى مەسىلە ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى رولىنى بەلگىلەيدۇ:**
**.1ئامېرىكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ رايونلۇق چوڭ دۆلەت بولۇش ئېھتىماللىقى ھەمدە يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغا ئىنتىلىش ئارزۇسىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى جەھەتتە، بەرگىلى بولىدىغان ئېنىقلىما ۋە قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان دائىرىسى قانچىلىك؟**
**.2ياپونىيە ئۆزىنىڭ يەر شارىۋى رولىنى بەلگىلەشكە ئۇرۇنغاندا، ئامېرىكىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت بولۇش ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسى مۇقەررەر تۆۋەنلەيدۇ، ئامېرىكا بۇ ئىشنىڭ مەزكۇر رايوندا پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋىتىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟**
**نۆۋەتتە، شەرقىي ئاسىيا جۇغراپىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا چوڭ دۆلەتلەر ئىككىلەمچى مۇقىم ھالەتتە تۇرماقتا. ئىككىلەمچى مۇقىملىق بولسا سىرتتىن قارىغاندا قاتمال، پەقەت نىسبەتەن كىچىك جانلىقلىقى بولغان ھالەت. مۇنداق ھالەت دوستانە بولمىغان كۈچلەرنىڭ زەربىسىگە ئاسانلا ئۇچراپ، زەنجىرسىمان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرلىك زىيان سالىدۇ. بۈگۈنكى يىراق شەرقتە، ھەم نورمال بولمىغان ئىقتىسادىي ھاياتىي كۈچ ھەم بارغانسېرى زورىيىۋاتقان سىياسىي ئېنىقسىزلىق بار. ئەمەلىيەتتە، ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى مۇنداق ئېنىقسىزلىق ئامىللىرىنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولىشى مۇمكىن، چۈنكى، گەرچە گۈللىنىش مىللىي جاسارەتنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەمدە جەمئىيەتنىڭ كۈتۈلمە قىممىتىنى چوڭايتقان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي گۈللىنىش بۇ رايوننىڭ**

سىياسىي زەئىپلىكنى يوشۇرۇپ قالدى.
ئاسىيانىڭ ئىقتىسادتا ئېرىشكەن مۇۋاپىقيىتى ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. بىر قانچە ئاساسلىق ستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتلا بۇ رېئاللىقنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 40 يىل ئىلگىرى، ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقىي ئاسىيا دۆلەتلىرى پۈتۈن دۇنيا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ پەقەت 4% ئىگىللەيتتى. شىمالىي ئامېرىكا بولسا 35%~45% لىك نىسبەت بىلەن ئالدىدا تۇراتتى. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بۇ ئىككى رايوننىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، 25% ئەتراپىدا بولدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، سانائەتلىشىشنىڭ راۋاجلىنىش باسقۇچىدا، ئەنگىلىيەگە 50 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كەتكەن، ئامېرىكىغا 50 يىلدىن سەل ئازراق ۋاقىت كەتكەن، ئاندىن كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى بىر قاتلىغان، لېكىن جۇڭگو، جەنۇبىي كورىيەلەر تەخمىنەن پەقەت 10 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپلا بۇ دەرىجىگە يەتتى. بۇ رايوندا كەڭ كۆلەملىك داۋالغۇش كۆرۈلمىسە،ئاسىيانىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 25 يىل ئىچىدە شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.
ئاسىيا دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇشتىن سىرت، يەنە دۇنيانىڭ يوشۇرۇن سىياسىي ۋولقانى. ئاسىيا گەرچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە ياۋروپادىن ئېشىپ كەتسىمۇ، ئەمما رايونلۇق سىياسىي تەرەققىيات جەھەتتە گەۋدىلىك كەمچىلىك مەۋجۇت. ياۋروپادا بار بولغان ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى كۆپ تەرەپلىك قۇرۇلما ئاسىيادا كەمچىل، مۇنداق قۇرۇلما ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە ياۋروپادىكى ئەنئەنىۋى زېمىن، ئىرق ۋە مىللىي توقۇنۇشلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ياراشتۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. ئاسىيانىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى ياكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدەك تەشكىلاتى يوق. ئاسىيادىكى ئۈچ رايونلۇق تەشكىلات مەيلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بولسۇن، شەرق دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك سۆھبىتى ئېلىپ بارىدىغان ئاسىيا رايونى مۇنبىرى بولسۇن ياكى ئاسىيا تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى بولسۇن، ياۋروپانىڭ زەنجىرسىمان كۆپ تەرەپلىك رايونلۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋەت تورىغا سېلىشتۇرۇش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.
بۇنىڭغا ئەكسىچە بولغىنى، بۈگۈنكى ئاسىيا دۇنيادىكى يېڭىدىن ئويغانغان ھەمدە كونسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللەتچىلىك ئەڭ ئاساسلىق مەركەزلەشكەن جاي. مىللەتچىلىكنىڭ مۇنچىلىك قۇتراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئاسىيا دۆلەتلىرى تۈيۇقسىز ئاممىۋى ئالاقە قوراللىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى. مىللەتچىلىكنى تېخىمۇ

**جانلاندۇرىۋەتكىنى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە جەمئىيەتتىكى باي-نامراتلىق پەرقىنىڭ چوڭىيىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كۈنسېرى زورىيىۋاتقان ئىجتىمائىي كۈتۈلمە قىممەت. نوپۇس ۋە شەھەرلىشىشنىڭ پارتىلاش خاراكتېرىدە ئېشىشى ۋە تەرەققىياتى مىللەتچىلىكنى تېخىمۇ ئاسان تەرەققىي قىلدۇرۇپ سىياسىيلاشتۇرۇۋەتتى. ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش كۆلىمى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېنىقسىز قىلىپ قويىدى. لوندون خەلقئارا ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئورگىنىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1995-يىلى بۇ رايون ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن ئېشىپ، دۇنيادىكى قورال-ياراغ ئىمپورتى ئەڭ كۆپ رايونغا ئايلانغان.**

**قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي ئاسىيا ھاياتىي كۈچكە تولدى. ھازىرغا قەدەر بۇ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىشى بۇ ھاياتىي كۈچنى تىنچلىق يۆلىنىشىگە يېتەكلەپ ماڭدى. لېكىن مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە، مۇبادا تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن مەلۇم ۋەقە، نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا كىچىكرەك ۋەقە سىياسىي ھاياجانلىنىشنى قوزغىۋەتسە، بىخەتەرلىك كىلاپانى ۋەيران بولىشى مۇمكىن. نۇرغۇن تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەردە تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار، ھەربىي مەسىلىدە باشقىلارنى ئاسانلا قۇترىتىۋېتىش قىلىدۇ ۋە پايدىنىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارتلاش مۇمكىنچىلىكى بولغىنى:**

**•جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان تەيۋەن مىللىي دۆلەت سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ چىقماقچى بولغاندا، جۇڭگو تەيۋەننىڭ بۇ ھالىتىگە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ.**

**•جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى پاراسېل ئارىلى (شىشا تاقىم ئاراللىرى) ۋە سپاراتلىي ئارىلى (نەنشا تاقىم ئاراللىرى) نى چۆرىدىگەن ھالدا، جۇڭگو ۋە بىر قانچە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا دېڭىز ئېنېرگىيە بايلىقىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە توقۇنۇش يۈز بېرىش خەتىرى بار، چۈنكى جۇڭگو جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىنى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مىراس دەپ قارايدۇ.**


**•ياپونىيە بىلەن جۇڭگو سېنكاكۇ ئارىلى (جۇڭگو تەرەپ دىياۋيۈ ئارىلى دەيدۇ) توغرىلىق تالاش-تارتىش قىلىۋاتىدۇ، ياپونىيە بىلەن جۇڭگونىڭ بۇ رايوننىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى تالىشىش تارىخىي كۈرىشى بۇ مەسىلىنى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە قىلدى.**

**•كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ بۆلۈنىشى ھەمدە شىمالىي كورىيەنىڭ ئىچكى مۇقىمسىزلىقى، شىمالىي كورىيەنىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش ئۇرۇنۇشى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، كورىيە يېرىم ئارىلىنى تۇيۇقسىز ئۇرۇش پارتلايدىغان خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈر قويىدى، بۇ ئۇرۇش ئامېرىكىنىمۇ سۆرەپ كىرىدۇ ھەمدە ياپونىيەمۇ**

ۋاستىلىق ئارىلىشىدۇ.

•سوۋېتلەر ئىتتىپاقى 1945-يىلى كۇرىل تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئەڭ جەنۇبى قىسمىنى بېسىۋالدى. بۇ روسىيە-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل پالەچ ھالەتتە تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولدى ھەمدە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئۆزلۈكسىز يامانلاشتۇردى.

•باشقا يوشۇرۇن زېمىن ۋە مىللىي توقۇنۇش ماجىرالىرى روسىيە-جۇڭگو، جۇڭگو-ۋېيتنام، ياپونىيە-جەنۇبىي كورىيە، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىلىرىگە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللىي قالايمىقانچىلىق ھەمدە جۇڭگو-ھىندونېزىيە دېڭىز-ئوكيان چېگرىسى تالاش-تارتىشىغا چېتىلىدۇ.



1.6 ـ رەسىم

بۇ رايوندا ھەر قايسى دۆلەتلەر كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى تەكشى ئەمەس. جۇڭگونىڭ يادرو قورال ئامبىرى ۋە سانى كۆپ قوراللىق قىسمى بار. جۇڭگومۇ مۇقەررەر يېتەكچى ھەربىي چوڭ دۆلەت (1.6 ـ رەسىم). جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسى «يېقىن دېڭىزدا ئاكتىپ مۇداپىئەلىنىش» ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە يىراق ئوكياندا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ، «بىرىنچى ئارال زەنجىرى دېڭىز ساھەسىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش» نى پىلانلىماقتا. بۇ دېڭىز ساھەسى تەيۋەن بوغۇزى ۋە جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىنى كۆرسىتىدۇ. جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ياپونىيەنىڭ ھەربىي ئىقتىدارى ئاشماقتا، ياپونىيەنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرى سۈپەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ رايوندا ياپونىيە بىلەن بەسلىشەلەيدىغان دۆلەت يوق. لېكىن ياپونىيەنىڭ نۆۋەتتىكى قوراللىق قىسمى ياپونىيە دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ قورالى ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ھەربىي مەۋجۇتلىقىنىڭ كېڭەيتىلىشى دەپ قارىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەردە يول قويىدىغان پوزىتسىيەدە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، 1996 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تەيۋەن مەسىلىسىدە كرىزىس يۈز بەرگەندە (ئەينى چاغدا جۇڭگو خەتەرلىك ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ، تەيۋەننىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز، ھاۋا يوللىرىنى قامال قىلدى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنى ئىشقا سېلىپ كۈچىنى نامايەن قىلدى)، تايلاند دىپلوماتىيە مىنىستىرى مۇنداق قىلىشنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلدۈردى. فىلىپپىن ۋە مالايسىيا بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

**ئاسىيادىكى قوراللىق كۈچلەر**

| 1995 ـ يىل | Personnel<br>ئەسكەر سانى<br>Total | Tanks<br>تانكا<br>Total | Fighters<br>ئۇرۇش ئايروپىلانى<br>Total | سۇ يۈزى پاراخوت سانى<br>Total | سۇ ئاستى پاراخوت ئومۇمى سانى<br>Total |
|---|---|---|---|---|---|
| | | (Numbers in parentheses are advanced systems) | | | |
| جۇڭگو | 3,030.000 | 9,400 (500) | 5,224 (124) | 57 (40) | 53 (7) |
| پاكىستان | 577,000 | 1,890 (40) | 336 (160) | 11 (8) | 6 (6) |
| ھىندىستان | 1,100,000 | 3,500 (2,700) | 700 (374) | 21 (14) | 18 (12) |
| تايلاند | 295,000 | 633 (313) | -74 (18) | 14 (6) | 0 (0) |
| سىنگاپور | 55,500 | 350 (0) | 143 (6) | 0 (0) | 0 (0) |
| شىمالىي كورىيە | 1,127,000 | 4,200 (2,225) | 730 (136) | 3 (0) | 23 (0) |
| جەنۇبىي كورىيە | 633,000 | 1,860 (450) | 334 (48) | 17 (9) | 3 (3) |
| ياپونىيە | 237,700 | 1,200 (929) | 324 (231) | 62 (40) | 17(17) |
| تەيۋەن | 442,000 | 1,400 (0) | 460 (10) | 38(11) | 4 (2) |
| ۋېيتنام | 857,000 | 1,900 (400) | 240 (0) | 7 (5) | 0 (0) |
| مالايسىيا | 114,500 | 26 (26) | 50 (0) | 2 (0) | 0 (0) |
| فىلىپپىن | 106,500 | 41 (0) | 7 (0) | 1 (0) | 0 (0) |
| ھىندونېزىيە | 270,900 | 235 (110) | 54 (12) | 17 (4) | 2 (2) |

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ رايوندىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى كەمچىل بولۇش ھالىتى ئەسلىدە ئۆز ئارا ئېھتىيات قىلىشىدىغان ئاۋستىرالىيە بىلەن ھىندونېزىيەنىڭ كۆپلىگەن ھەربىي ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىككى دۆلەت جۇڭگونىڭ رايونلۇق ھەربىي يېتەكچىسى بولۇپ قېلىشىدەك يىراق كەلگۈسىگە ھەمدە ئامېرىكىنىڭ بۇ رايونغا بولغان بىخەتەرلىك كاپالىتىنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى قىلچە يوشۇرمىدى. بۇ ئەندىشە سىنگاپورنىمۇ ھىندونېزىيە ۋە ئاۋستىرالىيەلەر بىلەن قويۇق بىخەتەرلىك ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمەلىيەتتە، پوتكول رايوندا ئىستراتېگىيىچىلەر دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ ئەمما جاۋابى يوق مەسىلە:«100 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرى دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ زىچ ھەمدە ئەڭ كۆپ ھەربىي ھازىرلىقلارغا ئىگە بۇ رايوندا تىنچلىقنى قاچانغىچە ساقلاپ قالالايدۇ، ئامېرىكا بۇ رايوندا قاچانغىچە تۇرىدۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت.

ئۆزلۈكسىز كۆچىيىۋاتقان مىللەتچىلىك، ئۆزلۈكسىز ئېشىۋاتقان نوپۇس، سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادىي گۈللىنىش، بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان كۆتۈلمە قىممەت، يەنە ھوقۇق تەماسى قاتارلىق داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىتتا، شەرقىي ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي مۇھىتىدا ھەقىقىي قۇرۇلمىلىق ئۆزگىرىش كۆرۈلدى:

• جۇڭگونىڭ كونكرېت كەلگۈسى قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، كۆنسېرى قەد كۆتۈرۈۋاتقان يوشۇرۇن يېتەكچى چوڭ دۆلەت.
• ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك جەھەتتىكى رولى ياپونىيە بىلەن ھەمكارلىشىشقا بارغانسېرى تايىنىدۇ.
• ياپونىيە تېخىمۇ ئېنىق، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.
• روسىيەنىڭ رولى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەسلىدىكى روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقئارالىق كۆرەشلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.
• كورېيە يېرىم ئارىلىنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىمال تەس بولىشى مۇمكىن، شۇڭا كورېيە يېرىم ئارىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يۆلىنىشى ئاساسلىق قوشنا دۆلەتلەر بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلىدىغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتىگىيىلىك مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.
بۇ قۇرۇلمىلىق ئۆزگىرىشلەر بۇ باش باشلانغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى مەسىلىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك قىلىپ قويىدۇ.

## جۇڭگو: يەر شارىۋى دۆلەت ئەمەس بەلكى رايونلۇق دۆلەت

جۇڭگو تارىخى شانلىق مىللىي تارىخ. نۆۋەتتە، جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچلۈك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتكە سىڭىپ كىردى. چۈنكى بۇ ئىدىيە ئادەم سانى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى كۆپ بولغان جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە ھېسسىياتىنى جەلپ قىلدى. بۇ ئەمدى ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇغۇچىلار بىلەنلا چەكلىنىدىغان ھادىسە ئەمەس. 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئاۋام پارتىيىسى (گومىنداڭ) ۋە جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پېشۋالىرى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. جۇڭگودىكى مىللەتچىلىك ھازىر ئاممىۋى ھادىسىگە ئايلىنىپ، دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى بەلگىلىمەكتە.
بۇ خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي مەنبەسى بار. تارىخى جۇڭگو سەرخىللىرىنى جۇڭگو دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ قاراشقا مايىل قىلدى. ئەمەلىيەتتە، خەنزۇ خېتىدىكى «中国» دېگەن ئىككى خەت «مەركىزىي خاندانلىق» دېگەنلىك بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۇنياۋى ئىشلاردا مەركىزىي ئورۇندا تۇرۇۋدىغان نۇقتىئىنەزىرىنى ئىپادىلەپ بەردى ھەمدە مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. شۇڭا جۇڭگو باشقىلارنى ئۆزىنى ھۆرمەتلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.
قەدىمدىن بۇيان، نوپۇسى كۆپ جۇڭگونىڭ ئۆزگىچە ۋە ئېپتىخارلىنىدىغان مەدەنىيىتى بار. بۇ مەدەنىيەت پەلسەپە، ئىلىم-پەن، سەنئەت، ئەلنى ئىدارە قىلىش يوللىرى، تېخنىكا

ئىجادىيىتى ۋە سىياسىي ھوقۇق جەھەتلەردە ناھايىتى ئىلغار. جۇڭگولۇقلار تاكى ھېلىغىچە ئۇنتۇيالمايدىغىنى، مىلادى 1600-يىلدىن ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى، سانائەت ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسى ئېلان قىلغاندا، جۇڭگو 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە بولغان ھەمدە دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى ئىدى.
بۇ نۇقتىدىن چىقىش قىلغاندا، جۇڭگو يۈكسەك ئورۇندىن چۈشۈپ كېتىشى، ئۆتكەن 150 يىلدا تۆرلۈك خورلۇقلارغا ئۇچرىشى بىر خىل غەيرىي ئۆزگىرىش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە بولغان ھۆرمەتسىزلىك ھەم بىر جۇڭگولۇققا بولغان ھاقارەتتۇر. بۇ ھاقارەتنى چوقۇم يۇيۇپ تاشلاش، جىنايەتچىلەرنى تېگىشلىك جازاغا تارتىشى كېرەك. ئاساسلىق جىنايەتچىلەر ئەنگلىيە، ياپونىيە، روسىيە ۋە ئامېرىكىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئوخشىمايدۇ: ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۇرۇشى قوزغىغاندىن كېيىن يەنە جۇڭگولۇقلارنى كەمسىتتى؛ ياپونىيە ئۆتكەن بىر ئەسىردە تالان-تاراج خاراكتېرىدە ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگو خەلقىنى غايەت زور ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى؛ روسىيە جۇڭگونىڭ شىمالدىكى زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز بېسىۋالدى، ستالىن جۇڭگولۇقلارنىڭ غورورىنى دەپسەندە قىلدى؛ ئەڭ ئاخىردا ئامېرىكا ئاسىيادىكى مەۋجۇتلۇقى ۋە ياپونىيەنى قوللاش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى توسالغۇ بولۇپ قالدى.
جۇڭگونىڭ نەزىرىدە، يۇقىرىقى تۆت چوڭ دۆلەتنىڭ ئىككىسى تارىخنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ بولدى. ئەنگلىيە ئەمدى ئىمپېرىيە ئەمەس، شىياڭگاڭدىكى بايرىقى چۈشۈرۈلۈپ، كىشىنى ئازابلايدىغان تارىخقا خاتىمە بەردى. روسىيە يەنىلا قوشنىسى بولسىمۇ، ئەمما ئورنى ۋە شۆھرىتى ئاللىقاچان تۆۋەنلەپ كەتتى، زېمىنىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. شۇڭا، جۇڭگوغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدىغىنى پەقەت ئامېرىكا ۋە ياپونىيە. جۇڭگو بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تەسىرىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ رايونلۇق ۋە يەر شارىۋى رولىنى بېكىتىپ چىقتى.
بىراق مۇنداق بېكىتىش جۇڭگونىڭ قانداق ئۆزگىرىشى ھەمدە جۇڭگونىڭ ئەمەلىي كۈچلۈك ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچلۈك دۆلىتى بولۇشىغا باغلىق. بۈجەھەتتە، گەرچە بەزى ئېغىر ئېنىقسىز ۋە چەكلىمە ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، جۇڭگودا يەنىلا ئۈمىد بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ھەمدە چەتئەللەرنىڭ جۇڭگوغا سالغان مەبلىغىنىڭ كۆلىمى پۈتۈن دۇنيادا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ ئىككى جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن مۆلچەرلىسەك، 20 يىل ئەتراپىدا جۇڭگو يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، ئەمەلىي كۈچى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىلەن تەڭلىشىدۇ. جۇڭگونىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى روسىيەدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئېھتىمال ياپونىيەدىنمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى

مۇمكىن. مۇنداق ئىقتىسادىي تەرەققىيات يۆلىنىشى جۇڭگونى كۈچلۈك ھەربىي ئەمەلىي كۈچكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، كۆلىمى بارلىق قوشنىلىرىنى چۆچۈتىدۇ، جۇغراپىيىلىك جەھەتتە ئارىلىقى يىراق، ئەمما جۇڭگوغا قارشى دۆلەتلەرمۇ ئەندىشە قىلىدۇ. شىياڭگاڭ ۋە ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىش ھەمدە تەيۋەن بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىككە كېلىشتەك ئېھتىماللىق جۇڭگونىڭ كۈچىنى زورايتىپ، يىراق شەرقتىكى يېتەكچى چوڭ دۆلەت بولۇپلا قالماي، ئالدىنقى قاتاردىكى دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەمما «مەركىزىي خاندانلىق» گۈللىنىپ ئاساسلىق دۇنياۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ھەر قانداق مۆلچەرلەردە تۇرلۇك كەمچىلىك بار. ئەڭ كۆرىنەرلىكى مېخانىكىلىق ھالدا سانلىق مەلۇماتقا تايىنىپلا مۆلچەرلەشتۇر، بەزىلەر ئىلگىرى موشۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئۇلار ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى بىرىنچى چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەتكە ھەمدە يېڭى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن ئىدى. مۇنداق قاراشتا ياپونىيە ئىقتىسادىدىكى ئاجىزلىق ئامىللىرى ۋە سىياسىي كەمتۈكلۈكنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلاشمىغان ئىدى. ھازىر جۇڭگو مۇقەررەر دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالىدۇ دەپ دارۋاڭ قىلىۋاتقانلارمۇ ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزمەكتە.

ئالدى بىلەن، جۇڭگونىڭ پارتلاش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي ئېشىش سۈرئىتى كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقى ئىنتايىن قىيىن مەسىلە، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەزگىل ئىچىدە ساقلاپ قالماقچى بولسا، كۆپ خىل ئامىللارنىڭ بىرىكىشى، يەنى ئۈنۈملۈك مەملىكەتلىك رەھبەرلىك، سىياسىينىڭ مۇقىملىقى، ياخشى دۆلەت ئىچى جەمئىيەت تەرتىپى، يۇقىرى ئامانەت نىسبىتى، زور مىقداردىكى چەتئەل مەبلىغىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىشى ھەمدە رايونلۇق مۇقىملىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىرىكىپ تۇرۇش تۇرالماسلىقى گۇمانلىق.

يەنە كېلىپ،جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشى سىياسىيدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ھەركەت ئەركىنلىكىنى چەكلەپ قويىدۇ. جۇڭگونىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ ئېشىش پەرقى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ. ئەگەر جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى يۇقىرى سۈرئەتنى داۋاملىق ساقلاپ قالسا تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ئاشلىق ئەھۋالىمۇ ھەم شۇنداق. جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تۆۋەنلىگەن تەغدىردىمۇ، نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ ئومۇمىي سانى يەنىلا ناھايىتى زور بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، ئاشلىق ئىمپورتى خەلق تۇرمۇشى ۋە سىياسىي مۇقىملىق ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. ئاشلىقتا ئىمپورتقا تايانسا تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنى جىددىيلەشتۇرۇپلا قالماي، سىرتقى

بىسىمنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدىغان قىلىپ قويىدۇ.
ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگو دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇشتا قىسمەن سالاھىيەتكە ئىگە بولىشى مۇمكىن، چۈنكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ كۆلىمى ۋە يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتى سەۋەبلىك، جۇڭگو ھۆكۈمدارلىرى دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىستراتىگىيىلىك يادرو قورالى ئامبىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگونىڭ قورال كۈچىنى كېڭەيتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ. ئەمما بۇ تىرىشچانلىق چەكتىن ئېشىپ كەتسە (غەربتىكى بىر قىسىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، جۇڭگونىڭ ھەربىي خىراجىتى دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 20% نى ئىگىلىگەن)، خۇددى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئامېرىكا بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە مەغلۇپ بولىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگونىڭ ھەربىي جەھەتتە كېڭىيىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئېھتىمال ياپونىيەنىڭمۇ ماس ھالدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈرىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، جۇڭگونىڭ پەيدىنپەي ئاشقان ھەربىي كۈچى ئېلىپ كەلگەن قىسمەن سىياسىي ئەۋزەللىكنى يوققا چىقىرىدۇ.
كىشىلەر چوقۇم مۇنداق بىر رېئاللىققا سەل قارىماسلىقى كېرەك:يادرو كۈچىدىن باشقا، جۇڭگو كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە شەرقىي ئاسىيانىڭ سىرتىغا ھەربىي كۈچلىرىنى ئەۋەتىش ئىقتىدارى ھازىرلىيالماسلىقى مۇمكىن.
جۇڭگونىڭ يۇقىرى ئىقتىسادىي ئېشىش ۋەزىيىتى چوقۇم تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ شەرق ۋە جەنۇبىي دېڭىز بويلىرى ھەمدە ئاساسلىق شەھەرلىرى تاشقى مەبلەغنى ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان ۋە تاشقى سودىنى ئېچىۋەتكەن بولغاچقا، جۇڭگونىڭ جۇڭگونىڭ كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان ئىقتىسادىي ئېشىشىدىكى ئاساسلىق مەنپەئەتلەنگۈچىلەر بولۇپ قالدى. ئەكسىچە، ئىچكى قىسمىدىكى كەڭ يېزىلار ۋە بەزى يىراق رايونلار كەينىدە قالدى. يېزىلاردا 100 مىليوندىن ئارتۇق ئىشسىزلار بار.
كىشىلەرنىڭ رايونلۇق پەرققە بولغان نارازىلىقى، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىققا بولغان غەزەپلىك كەيپىياتى ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. جۇڭگونىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىدىكى ئىجتىمائىي پەرقنى چوڭايتماقتا. مەلۇم ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت ئامال قىلىپ بۇ پەرقنى چەكلىشى مۇمكىن ياكى ئاساسىي قاتلامدا نارازىلىق كۆرىلىشى بىلەن، رايون تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ۋە بايلىق پەرقى دۆلەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.
جۇڭگو كېيىنكى 25 يىلدا دۇنيا ئىشلىرىدىكى يېتەكچى چوڭ دۆلەت بولىدۇ دېگەن بۇ

**مۆلچەرگە گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولۇشنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى جۇڭگونىڭ سىياسىي كەلگۈسىدۇر.(بۇ ئابزاسنىڭ ئاخىرى تەرجىمە قىلىنمىدى(**
**شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو تۇيۇقسىز 1474-يىلىدىكىگە ئوخشاش قارار چىقىرىپ، جۇڭگونى هازىرقى شىمالىي كورىيەگە ئوخشاش دۇنيادىن ئايرىۋېتىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېموكراتىيىلىشىش مەسىلىسىدىن چەكسىز ھالدا ساقلانغىلى بولمايدۇ. بولمىسا، جۇڭگو نۆۋەتتە ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان 70 مىڭ ئوقۇغۇچىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، چەتئەللىك سودىگەرلەرنى قوغلىۋېتىپ، بارلىق كومپيۇتېرلارنى ئېتىۋېتىپ، جۇڭگودىكى ئائىلىلەرگە ئورنىتىلغان نەچچە مىليون سۈنئىي ھەمراھ ئانتېنىسىنى چېقىۋەتمىسە بولمايدۇ. بۇ بىر ئەسەبىي قىلمىش، كىشىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئەسكە سالىدۇ. ئېھتىمال قىسقا مۇددەت ئىچىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھوقۇق كۈرىشى سەۋەبلىك، ھوقۇق تۇتۇۋاتقان ئەمما كۈچى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىمالىي كورىيەگە تەقلىد قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ پەقەت قىسقا مەزگىللىكلا بولىدۇ، تېخىمۇ چوڭ مۇمكىنچىلىك بولسا ئىقتىسادنىڭ توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاندىن سىياسىي بۆھران يۈز بېرىشى مۇمكىن.**
**نېمىلا بولمىسۇن، تەركى دۇنيا بولىۋېلىش جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، رايونلۇق مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۇنيا بىلەن ئۈچرىشىشنىڭ جۇڭگو بولغان پايدىسى ئىنتايىن زور. 1474-يىلدىكى دۇنيا بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، ھازىرقى دۇنيانىڭ سىڭىپ كىرىشچانلىقى بەك كۈچلۈك، ھەر قانداق بىر دۆلەت دۇنيانىڭ تەسىرىنى ئۈنۈملۈك چىقىرىپ تاشلاشقا ئامالسىز. شۇڭا، جۇڭگو ئۆزىنى دۇنياغا داۋاملىق ئېچىۋېتىشتىن باشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، سىياسىي جەھەتتە ئۇتۇقلۇق بولغان باشقا تاللىشى يوق .**
**دېموكراتىيىلىشىش جۇڭگونى بارغانسېرى چىرمىماقتا. بۇ مەسىلىدىن ھەمدە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدىن ئۇزۇن مۇددەت قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى ئىلگىرلىشى ھەمدە ئاساسلىق چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن قەد كۆتۈرۈشى، جۇڭگودا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان سەر خىللارنىڭ نۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى ئەپچىللىك بىلەن ھەل قىلىشىغا باغلىق، يەنى نۆۋەتتىكى بىر ئەۋلاد ھۆكۈمرانلارنىڭ يېڭى ئەۋلادلارغا ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ھەمدە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىشىغا زور دەرىجىدە باشلىق.**
**)ئېنگىلىزچە 162-163 بەت، بىر ئابزاس چىقىرىۋېتىلگەن(**
**ئەڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو ئېھتىمال كېيىنكى 20 يىل ئەتراپىدا ھەقىقىي ئاساسلىق يەر**

شارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگو خەتەرلىك دۆلەت بولۇپ قېلىشىغا ئائىت كۆز قاراشقا بولغان ئۈچىنچى خىل گۇمانىي پوزىتسىيە بار. جۇڭگو ئېغىر سىياسىي داۋالغۇشتىن ساقلىنىپ قالسا، ئامال قىلىپ كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە غەيرىي يۇقىرى سۈرئەتلىك ئىقتىسادىي ئېشىشنى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، نىسپىي قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو يەنىلا ناھايىتى نامرات دۆلەت ھەمدە جۇڭگونىڭ بۇ ئىككى نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاشۇرالماسلىقى گۇمانلىق. جۇڭگو دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىككى ھەسسە ئاشۇرغان تەقدىردىمۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم جەھەتتە جۇڭگو يەنىلا دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئىچىدە نىسبەتەن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، جۇڭگودىكى خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى نامرات ئىكەنلىكىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق①.

ئومۇملاشتۇرغاندا، 2020-يىلغا بارغان تەقدىردىمۇ، ئەڭ ياخشى ئەھۋالدا جۇڭگودا يەر شارى چوڭ دۆلەت بولۇشتىكى ھەقىقىي رىقابەت كۈچى بولىشى ناتايىن. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، جۇڭگو شەرقىي ئاسىيادىكى ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن رايونلۇق چوڭ دۆلەتكە ئايلانماقتا. ئاسىيا قۇرۇقلىقىدا جۇڭگو جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگەللىدى. جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي كۈچىنى ھىندىستاندىن باشقا قوشنىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە. شۇڭا جۇڭگو بۇ رايون ئىچىدە بارغانسېرى ئىشەنچكە تولۇپ، تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىقتىسادىي تەلپى بىلەن بىردەكلەشتى. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

ئۆز دۆلىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان جۇڭگو ئالىملىرى مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ جاھانگىرلىك دائىرىسىنىڭ 1840-يىلغىچە پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، تاكى مالاككا بوغۇزىغىچە، يەنە بېرما، بۈگۈنكى بېنگالنىڭ قىسمەن رايونلىرى ۋە نېپال، بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ بىر قىسمى، پۈتكۈل موڭغۇلىيە، تىنچ ئوكيانغا ئېقىپ كىرىدىغان بۇرۇنقى ئامۇر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى روسىيەنىڭ يىراق شەرق ئۆلكىسى دەپ ئاتايدىغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ (بىرىنچى باب 3-رەسىمگە قاراڭ). بۇ رايونلارنى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى مەلۇم شەكىلدە كونترول قىلاتتى ياكى مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىگە ئىتائەت قىلاتتى. 1885-يىلدىن 1895-يىلغىچە، فرانسىيە، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىك كېڭەيىشى مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ تەسىرىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى، روسىيە 1858-يىلى ۋە 1864-يىلى ئىككى شەرتنامىنى مەنچىڭ ئىمپىرىيىسىگە تېڭىپ، شەرقىي شىمال بىلەن غەربىي شىمالدىكى زېمىننى يۇتۇۋالدى. 1895-يىلى جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىدا تەيۋەننى كەتكۈزۈپ قويدى.

جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، تارىخ ۋە جۇغراپىيە جۇڭگولۇقلارنى تەيۋەن ئاخىرىدا چوقۇم

**چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن قايتىدىن بىرلىككە كېلىدۇ دېگەن كۈچلۈك ھېسسىياتقا كەلتۈردى. (ئېنگىلىزچە 164-بەت بۇ ئابزاسنىڭ بىر قىسمى چىقىرىۋېتىلگەن). ئەمما پەقەت جۇڭگو مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئىقتىسادىي ئىلگىرلەشنى ساقلاپ قالغان ھەمدە زور دېموكراتىيىلىشىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى ئىش. بولمىسا، بىر رايوندا يېتەكچىلىك رولىنى ئوياناۋاتقان جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋاستە ئارقىلىق تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل، بولۇپمۇ ئامېرىكا قارشى تۇرغاندا شۇنداق بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، تەيۋەن مەسىلىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ مىللەتچىلىكىنى داۋاملىق قوزغايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرىدۇ.**


**جۇغراپىيىلىك ئاملمۇ جۇڭگونىڭ پاكىستان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ۋە بېرمىدا ھەربىي بازا قۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. بۇ ئىككى ھەرىكەت ھىندىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك نىشان قىلدى. جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ قويۇق ھەربىي ھەمكارلىقى ھىندىستاننىڭ بىخەتەرلىك مۇشكۇلاتىنى ئاشۇرىدۇ ھەمدە ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي ئاسىيادا رايونلۇق زومىگەرلىك تىكلەپ، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي رەقىبى بولۇشىنى چەكلەيدۇ. بېرما بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقى جۇڭگونىڭ ھىندى ئوكياندا بېرمىنىڭ يېقىن دېڭىز ئاراللىرىدىكى دېڭىز ئارمىيە ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت يارىتىدۇ، موشۇ سەۋەبلىك جۇڭگو پۈتكۈل شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، بولۇپمۇ مالاككا بوغۇزى ۋە سىنگاپورغا جايلاشقان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك بوغۇزنى كونترول قىلسا، جۇڭگو ئۇنداقتا ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرا شەرق نېفتىگە ئېرىشىش ۋە ياۋروپا بازىرىغا كىرىش يولىنى ئۆزى كونتروللىقىغا ئالالايدۇ.**

**تارىخىي ئامىللار ۋە تېخىمۇ ئەۋزەل بولغان جۇغراپىيىلىك ئامىللار جۇڭگونىڭ كورىيەگە بولغان قىزىقىشىنى بەلگىلىدى. قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن كورىيە ئامېرىكا (ۋاستىلىق ھالدا ياپونىيە) تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ قالىدۇ، بۇنى جۇڭگو ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ. جۇڭگو ھېچ بولمىغاندا قايتىدىن بىرلىككە كەلگەن كورىيەنىڭ جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق تۈزمىگەن توقۇنۇش بەلبېغى بولۇشىدا چىڭ تۇرىدۇ. كورىيەنىڭ ياپونىيەگە بولغان تارىخىي ئاداۋىتى سەۋەبلىك، جۇڭگو كورىيە يېرىم ئارىلىنى تەبىئىي ھالدا جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما، نۆۋەتتىكى بۆلۈنمە ھالەتتىكى كورىيە يېرىم ئارىلى جۇڭگوغا ئەڭ پايدىلىق.**

**ئىقتىسادىي ئاملمۇ جۇڭگونىڭ رايونلۇق نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېنېرگىيە مەنبەسىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنى رايونلۇق ئېچىش ھەرىكىتىدە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئوخشاشلا جۇڭگو ئېنېرگىيە**

بايلىقى مول بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىكىگە بولغان قىزىقىشىنى بارا-بارا ئېپادىلەشكە باشلىدى. 1996-يىلى 4-ئايدا، جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان چېگرا ۋە بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى بىرلەشمە كېلىشىمگە ئىمزا قوايدى؛ شۇ يىلى 7-ئايدا جياڭ زېمىن قازاقىستاننى زىيارەت قىلغاندا، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا جۇڭگو «قازاقىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك هوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى » قوللاشقا كاپالەتلىك بەرگەن. بۇ ئامىللار جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيۋى سىياسىيسىغا بارغانسېرى كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرستىپ بېرىدۇ.
تارىخ ۋە ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ بىرىكىشى يەنە رايون ئىچىدە جۇڭگونىڭ روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونىغا بولغان قىزىقىشىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇڭگو بىلەن روسىيەنىڭ رەسمىي ئورتاق چېگرىسى بولغاندىن بېرى، جۇڭگو بىرىنچى قېتىم ئىقتىسادتا هاياتىي كۈچكە ئايلانغان، سىياسىيدا كۈچلەنگەن تەرپكە ئايلاندى. جۇڭگونىڭ كۆچمەنلىرى ۋە سودىگەرلىرى روسىيە رايونلىرىغا كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىردى، جۇڭگو ياپونىيە ۋە جەنۇبىي كورىيەنىڭ شەرقىي شىمالىي ئاسىيا ئىقتىسادىي هەمكارلىقىغا قاتنىشىشىنى تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرى سۈردى. بۇ هەمكارلىققا روسىيەنىڭ قولىدىكى كوزىرى ناهايىتى ئاجىز بولۇپ، روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تايىنىدۇ. جۇڭگو-موڭغۇلىيە مۇناسىۋىتىدە يېقىنقىغا ئوخشاش ئىقتىسادىي كۈچ رول ئوينايدۇ.
بۈنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگونىڭ رايونلۇق تەسىر كۈچ دائىرىسى شەكىللەنمەكتە. ئەمما تەسىر كۈچ دائىرىسى بىلەن باشقىلارنى چەتكە قېقىش خاراكتېرىدىكى سىياسىي هۆكۈمرانلىقنى (خۇددى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپاغا قوللانغىنىدەك) ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئىجتىمائىي ئىقتىساد مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل تەسىر كۈچ دائىرىسىنىڭ تېخى سىڭىپ كىرىش كۈچى بار، سىياسىي جەهەتتىن ئېيتقاندا، مونوپوللىقى ئازراق. بۇ تەسىر كۈچ دائىرىسى بىر جۇغراپىيىلىك بوشلۇقنى قاپلىغاندا، بۇ بوشلۇقتىكى هەر قايسى دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ سىياستىنى تۈزگەندە، رايونلۇق يېتەكچى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى، كۆز قارىشى هەمدە ئىنكاسىغا ئالاهىدە هۆرمەت قىلىشى كېرەك. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى، تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا هۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان دائىرىسىنى: بۇدائىرىدىكى هەر قايسى دۆلەتلەر پايتەختلىرى هەر قانداق ئالاهىدە مەسلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن ئويلىشىدىغىنى: «بېيجىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغاندۇ؟» دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.
تۆۋەندىكى خەرىتىدە كۆرستىلگەندەك، گەرچە ئىچكى تاشقى توسالغۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەگەر جۇڭگو هەقىقەتەن رايونلۇق يېتەكچى دۆلەت ۋە يار شارىۋى

**چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا جۇڭگو كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە رايون دائىرىسىدە يېتەكچى رول ئوينايدۇ ھەمدە يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن يوشۇرۇن تەسىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يىراق شەرق رايونىدا يېتەكچىلىك رول ئويناۋاتقان جۇڭگو سىنگاپور، رانگون، كۇئالامپۇر، مانىلا ۋە جاكارتالاردىكى سىياسىي كۈچى بار جۇڭگولۇق بايلارنىڭ قوللىشىنى ئىشقا سالىدۇ (بابنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا قاراڭ)②، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونىغا سىڭىپ كىرىپ، تەسىر كۈچىنى 150 يىل ئىلگىرىكى مەنچىڭ ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. پاكىستان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگونىڭ قۇدرىتى ۋە تەھدىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، چەتئەللەردىكى جۇڭگولۇق بايلار جۇڭگونىڭ ھەيۋىسىنى بارا-بارا ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى سىياسىي سەزگۈر مەسىلىلەر ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتتە جۇڭگونى ھۆرمەت قىلىش ئاقىلانىلىق دەپ قارىشى ھەم شۇنداق قىلىشى مۇمكىن.③ ئوخشاشلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى دۆلەتلەرمۇ جۇڭگونى بىر چوڭ دۆلەت ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە جۇڭگو-روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى يۈزلەشتۈرۈش يولى جۇڭگونىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قاراشقا باشلىدى.**




جۇڭگو يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولسا دائىرىسى جەنۇبقا چوڭقۇرلاپ كىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ھىندونېزىيە بىلەن فىلىپپىن جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى يېتەكچى كۈچ بولۇپ قالغانلىقىدەك رېئاللىققا ماسلاشمىسا بولمايدۇ. بۇ ھالدىكى جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ رايىغا قارىماي، قورال كۈچى ئارقىلىق تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن. غەربتە ئۆزبېكىستان روسىيەنىڭ سابىق سوۋېتلەر زېمىنىدىكى دۆلەتلەرنى بېسىۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.ئۆزبېكىستان جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ روسىيەنىڭ تەسىرىنى چەكلەشنى قوللىشى مۇمكىن. تۈركمەنىستانمۇ شۇنداق قىلىشى مۇمكىن. جۇڭگو ئېھتىمال ئىچكى مىللىي بۆلىنىش سەۋەبلىك ئىنتايىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن قازاقىستان بىلەن تېخىمۇ ئاكتىپ مۇناسىۋەتتە بولىشى مۇمكىن. سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەقىقىي زورايغان جۇڭگو روسىيەنىڭ يىراق شەرق رايونىغا تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا سىياسىي تەسىر كۆرستىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو ئۆزىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى جەنۇب شىمال كورىيەلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى

قوللايدۇ.

ئەمما مۇنچىۋالا كۆرەڭلەپ كەتكەن جۇڭگو سىرتقى كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. غەربتە روسىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇڭگونىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشىغا تولۇق ئاساسى بار. ھىندىستان-روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىشى چوڭ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پاكىستانغا مەركەزلىشىشى مۇمكىن. جەنۇبتا ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق ۋېيتنام ۋە ھىندونېزىيە (ئېھتىمال ئاۋستىرالىيەنىڭ قوللىشىدا) دىن كېلىدۇ. شەرقتە جۇڭگونىڭ كورىيە يېرىم ئارىلىدا باشلامچى ئورۇندا تۇرۇش ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق تەيۋەننى قوشۇۋېلىش ئۇرۇنۇشىغا ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ قوللىشى بىلەن تىغمۇ-تىغ تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى جۇڭگونىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى سىياسىي مەۋجۇتلىقىنى پەقەت پەقەتلا ياپونىيە بۇ مۇقىمسىز رايوندا تەنھا ماكان تۇتقان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ پۈتۈنلەي رېئاللىققا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ ئاخىردا جۇڭگونىڭ ئۆزىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا باغلىق بولۇپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ ھەرىكىتى ۋە مەۋجۇتلىقىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە باغلىق. ئەگەر ئامېرىكا بۇ رايوندىن ئايرىلسا، ئۇنداقتا ئىككىنچى خىل ئەھۋالنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئېشىشى ئامېرىكىنىڭ يول قويىشى ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا موھتاج. جۇڭگولۇقلار بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ سىياستى ئالدى بىلەن ئامېرىكىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرىكەتتە، بولۇپمۇ ئامېرىكا-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇناسىۋەتتە تەسىر كۆرسىتىشكە مەركەزلىشىشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىختىلاپى ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى قىلغان ئەتكەنلىرى بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، جۇڭگونىڭ قارشى تۇرىدىغىنى ئامېرىكا نۆۋەتتە زادى نېمە ھەمدە قەيەردە دېگەندىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ نەزىرىدە ئامېرىكا دۇنيانىڭ زومىگەرى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ئاساس قىلىپ بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى جۇڭگونىڭ تەسىرىنى چەكلەش ئۈچۈندۇر. جۇڭگو دىپلوماتىيە تەتقىقات ئورگىنىنىڭ بىر تەھلىلچىسى:«ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىۋى نىشانى پۈتكۈل دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇش، ئامېرىكا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق چوڭ دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايدۇ» دېدى.④ شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئورنى ھەمدە ئامېرىكا قايسى جايدا مەۋجۇت بولسا جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئىتتىپاقدىشىغا ئەمەس بەلكى رەقىبىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىپىسى ئامېرىكا كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ،

ئامېرىكا زومىگەرلىكىنى تىنچلىق بىلەن مەغلۇپ قىلىشتۇر. بىرلا ۋاقىتتا يەنە ياپونىيەنىڭ بۇ رايونغا بولغان تەماسىنى قوزغاپ قويماسلىقى كېرەك. مۇنداق سىياسەت جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى سۇنزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا دېيىش شىياۋپىڭ 1994-يىلى 8-ئايدا مەنىلىك قىلىپ ئېيتقىنىدەك، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى بىرلا ۋاقىتتا:«ئالدى بىلەن زومىگەرلىككە ۋە قاتتىق قول سىياسەتكە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئاندىن يېڭى خەلقئارا سىياسىي ئىقتىساد تەرتىپىنى ئورنىتىش» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نىشانىنى كۆزلىشى كېرەك. بىرىنچى نىشان ئېنىقلا ئامېرىكىغا قارىتىلغان، مەقسىتى ئامېرىكىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئاجىزلىتىش، ئامما بىرلا ۋاقىتتا ئامېرىكا بىلەن ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىدۇ، بولمىسا جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەت بولۇش تىرىشچانلىقىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ ئىككىنچى نىشان يەر شارىۋى كۈچلەرنىڭ تەقسىملىنىشىنى ئۆزگەرتىپ، بەزى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى دۇنيادىكى ھوقۇق ۋە كۈچ دەرىجە تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ (ئامېرىكا بۇ دەرىجە تۈزۈمىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ) ھەمدە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ياۋروپا (ياكى گېرمانىيە) ۋە ئەڭ شەرقىدىكى ياپونىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشتۇر.

جۇڭگونىڭ ئىككىنچى نىشانى بېيجىڭنىڭ ئۆزى بىلەن چېگرىلىنىدىغان قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئېغىر توقۇنۇش يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشتەك رايونلۇق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە ئۈستىدە ئىزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. جۇڭگو-روسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تاكتىكىلىق ياخشىلىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى روسىيە نۆۋەتتە جۇڭگودىن ئاجىز. 1991-يىلى 4-ئايدا، جۇڭگو بىلەن روسىيە «زومىگەرلىك» نى بىرلىكتە ئەيىبلىدى ھەمدە ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشىگە «قاراپ تۇرۇش» قا بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىراق جۇڭگو ئەستايىدىل ھالدا روسىيە بىلەن ئۇزۇن مەزگىللىك، ئومۇميۈزلۈك ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە كېڭىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جۇڭگو ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. روسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش جۇڭگونىڭ ئىنتايىن مۇھىم تېخنىكىلار ۋە مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ.

دەل جۇڭگو روسىيە مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش، پاكىستان ۋە بېرما بىلەن يېقىن ھەربىي ھەمكارلىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، جۇڭگو يەنە ھىندىستان بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشىدىن ساقلىنىشى كېرەك، مۇنداق قىلىش جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. ئەگەر ئاشكارا دۈشمەنلىشىش سىياسىتى يۈرگۈزسە يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، جۇڭگونىڭ تاكتىكا جەھەتتە روسىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىشتەك ۋاقىتلىق تەدبىرى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ قالماي، ھىندىستانىنىڭ ئامېرىكا بىلەن يېقىن ھەمكارلىق ئورنىتىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھىندىستاننىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارىۋى «زومىگەرلىك» كە ھەم ئاسترىتتىن غەربكە قارشى تۇرۇش خاھىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، جۇڭگو-ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيچىلىكنى پەسەيتىش جۇڭگونىڭ تېخىمۇ كەڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئويلىنىش جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ. گەرچە جۇڭگو جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىنىڭ جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى (تارىختا دۈشمەنلىشىۋاتقان ۋېيتنامدىن سىرت)، يېقىنقى يىللاردىكى مالايسىيا ۋە سىنگاپورنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ غەرب قىممەت قارىشى ۋە ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىدە غەربكە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىدىن پايدىلاندى.
جۇڭگولۇقلار مالايسىيا باش مىنىستىرى ماخادىرنىڭ پات-پات ئامېرىكىغا قارشى قىلغان سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلىدى. 1996-يىلى 5-ئايدا توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن بىر مۇنبەردە، ماخادىر ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك شەرتنامىسىگە بولغان گۇمانىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ زادى كىمنىڭ ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقى مۇداپىئە تەييارلىقىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مالايسىيانىڭ ھەر قانداق ئىتتىپاقداشنى كېرەك قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ ئورنىنىڭ ئاجىزلىششى تەبىئىي ھالدا جۇڭگونىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، دەپ قارايدۇ.
يەنە بىر ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋال شۇكى، تەۋرەنمەس بېسىم ئىشلىتىش قارىماققا نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ تەيۋەنگە بولغان سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىدەك قىلىدۇ.
گەرچە جۇڭگو تەيۋەننىڭ خەلقئارالىق ئورنى مەسىلىسىگە قىلچىمۇ مۇرەسسە قىلمايدىغان مەيداندا بولۇپ، ھەتتا جۇڭگونىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان كەسكىنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خەلقئارالىق جىددىي ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن يانمىغان بولسىمۇ (مەسىلەن، 1996-يىلى 3-ئايدىكىدەك)، ئەمما جۇڭگو رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ زورلۇق بىلەن قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىشتىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ ۋاقىتىنچە كەمچىل ئىكەنلىكىنى تەخمىنەن بولسىمۇ ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇلار شارائىت پىشىپ يېتىلمەي تۇرۇپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلىش ئامېرىكا بىلەن توقۇنۇشتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى كۈچەيتىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگولۇقلارمۇ جۇڭگونىڭ ئالدى بىلەن شىياڭگاڭ تەرەپ بىلەن مۇۋاپىقىيەتلىك بىرلىشەلەيدىغان بىرلىشەلمەيدىغانلىقى جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە زور دەرىجىدە

باغلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.
جۇڭگونىڭ جەنۇبىي كورىيە بىلەن مۇناسىۋىتىدە شەكىللەنگەن ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش ياكى قاتنىشىشنى مۇستەھكەملەش ئارقىلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش، ئۇنۇملۇك ھالدا ئاساسلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ سىياسىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ تارىخى ۋە پۇقرالارنىڭ كەيپىياتىنى ئويلاشقاندا، جۇڭگو كورىيە مۇناسىۋىتى ياپونىيەنىڭ بۇ رايوندىكى يوشۇرۇن تەسىرىنى ئاجىزلىتىشقا پايدىلىق، بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو-كورىيە يېرىم ئارىلى (بىرلىككە كەلگەن ياكى يەنىلا بۆلۈنمە ھالەتتىكى) ئارىسىدا ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتنى قايتا ئورنىتىشقا يول سالىدۇ.
ئەڭ مۇھىم بولغىنى، جۇڭگونىڭ بۇ رايوندىكى ئورنىنى تىنچلىق شەكلىدە كۈچەيتىش جۇڭگونىڭ قەدىمقى دەۋرىدىكى ئىستراتېگىيىسى سۈنزى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغان ئاساسلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق:«ئامېرىكىنىڭ مەركىزى رايوندىكى ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ھەتتا قۇدرىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ئامېرىكىنىڭ رايون ئىچىدە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىۋاتقان جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا ھەمدە ئاخىرىدا يەر شارىۋى ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولغان جۇڭگو بىلەن شېرىك بولۇشقا مەجبۇر قىلىشتۇر». جۇڭگو بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ، بىراق بۇ نىشان ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك ئىتتىپاقىنىڭ مۇھاپىزەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ياكى ئامېرىكىنىڭ مەركىزى رايوندىكى ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئورنىنى ياپونىيەنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك.
بۇ ئاساسلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ بىخەتەرلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشى ۋە كېڭەيتىشىنى توسۇشى كېرەك. جۇڭگو **1996**-يىلىنىڭ دەسلىپىدىكى ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك ھەمكارلىق دائىرىسىنى يوشۇرۇن ھالدا تار مەنىدىكى «يىراق شەرق» تىن تېخىمۇ كەڭ بولغان «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان» غا كېڭەيتمەكچى بولغانلىقىدىن ھوشيار بولدى. جۇڭگو بۇنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەھدىت دەپ قاراپلا قالماي، بۇ ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگونى چەكلەيدىغان ئاسىيا بىخەتەرلىك سىستېمىسى قىلىدۇ، دەپ قارىدى (بۇ بىخەتەرلىك سىستېمىسىدا ياپونىيە ئىنتايىن مۇھىم ھالقا بولۇپ،⑤ سوغاق ئۇرۇش دەۋرىدە گېرمانىيە ش ئا ئە ت دا ئوينىغان رولنى ئوينايدۇ).
بېيجىڭ تەرەپ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئامېرىكا-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم ياپونىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئاساسلىق ھەربىي چوڭ دۆلەت بولىشىغا پايدىلىق، ياپونىيەنى ئۆز ئالدىغا قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەل بولمايۋاتقان ئىقتىساد ياكى دېڭىز-ئوكيان ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا جۇڭگو ئېھتىمال ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان، ياپونىيەنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان

رايوندا مۇھىم ھەربىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا بولغان كۈچلۈك ئەندىشىلىك كەيپىياتنى قوزغاپ، ئامېرىكىنى تىزگىنلىشى ۋە ياپونىيەنى قورقىتىشى مۇمكىن.
ئەمما جۇڭگونىڭ ئىستراتېگىيىچىلىرى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى ئۈزلۈكسىز داۋاملىششى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. گەرچە بىر قىسىم جۇڭگولۇقلار، بولۇپمۇ ھەربىي زاتلار ھەمىشە ئامېرىكىنى جۇڭگونىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بېيجىڭنىڭ ئاساسلىق قارىشى بولسا ئامېرىكا ياپونىيەگە زىيادە تايانغانلىقتىن، ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا تېخىمۇ يېگانە قالىدۇ، نەتىجىدە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە بولغان تايىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا ئامېرىكا ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە مىلىتارىزىمىغا بولغان ئەندىشىسى كۈچىيىدۇ، خۇددى جۇڭگو ئىلگىرى ئامېرىكا-سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا قوللانغان ئۇسۇلغا ئوخشاش، ئامېرىكا-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىمۇ سۈنى لىپىتىپ بىلىق تۇتىدۇ. بېيجىڭغا نىسبەتەن مۇنداق پۇرسەت ھامان كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئامېرىكا ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا داۋاملىق تەسىر كۈچى بار دۆلەت بولماقچى بولىدىكەن، ئاسىياس قۇرۇقلىقىدىكى تەبىئىي شېرىكى جۇڭگوغا سىياسىي مەيدانىنى ئۆزگەرتىشتىن باشقا تاللىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

## ياپونىيە: رايونلۇق دۆلەت ئەمەس بەلكى خەلقئارالىق دۆلەت

شۇڭا ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىشى جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. 1949-يىلى جۇڭگودا ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق سىياسىتى ئىزچىل ياپونىيەنى ئاساس قىلىپ كەلدى. دەسلەپتە، ياپونىيە ئامېرىكا ئىشغالىيەتچى قىسىملىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جاي بولدى، كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا سىياسىي ۋە ھەربىي مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بازىسىغا ئايلاندى ھەم ئامېرىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولدى. يىراق ياپونىيە بىخەتەرلىكتە ئامېرىكىنىڭ قوغدىشىنى قوبۇل قىلغان دۆلەت. جۇڭگونىڭ كۆللىنىشى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: رايونلۇق مۇھىتتا ئۆزگىرىش بولغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشامدۇ يوق ۋە قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاقتا ياپونىيەنىڭ رولى گەۋدىلىكتۇر. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈشى ھەتتا ئامېرىكىنىڭ رايونلۇق يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەھۋالدا، يەنىلا مەلۇم شەكىلدىكى سىغدۇرۇشقا ئېرىشەلىسە، ئۇنداقتا ياپونىيەنىڭ رولى قانداق بولىدۇ؟
ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئۆزگىچىلىكىگە ۋە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە مىللىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. ياپونىيە ئاراللىرىنىڭ

تارىخى، ھەتتا ساماۋى ئەپسانىلىرى، ئەمگەكچان ۋە ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان ياپونىيە خەلقىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ ۋە تەڭداشسىز ئەۋزەل دېگەن قاراشقا كەلتۈردى. ياپونىيە دەسلەپتە بۇنداق تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزىنى يەككە-يېگانە تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن قوغدىدى. 19-ئەسىردە دۇنيانىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ياپونىيە ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن ئۆزەنىپ، ئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ئۆزىنىڭ ئىمپىرىيىسىنى قۇرۇش غەرىزىدە بولدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى قوغدىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاپتى ياپونىيە خەلقىنىڭ زېھنى كۈچىنى ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك بىرلا نىشانغا قاراتتى، ئەمما بۇنداق قىلىش ياپونلۇقلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بۇرچىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز  قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويدى.
نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگەللىشىدىن ئامېرىكىنىڭ ئەندىشە قىلىشى ئىلگىرى ياپونىيەدىن ئالاقزادە بولغىنىنى ئەسلىتىدۇ. ھازىر جۇڭگودىن ئەندىشە قىلىش ياپونىيەدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ئورنىنى ئالدى. 10 يىل ئىلگىرىلا بەزىلە ياپونىيەنىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت» قىياپىتىدە دۇنيادا بارلىققا كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ياپونىيە ئامېرىكىنى تەختتىن چۈشۈرۈپلا قالماي (ھەتتا ئامېرىكىنىڭ سېتىۋالىدۇ)، «ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى تىنچلىق» نى پۈتكۈل دۇنياغا تاڭىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتتى. مۇنداق مۆلچەرلەر ئامېرىكا تەھلىلچىلىرى ۋە سىياسىئونلىرىنىڭ دائىملىق سۆز تېمىسى بولۇپ قالدى. ياپونلۇقلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئۇزۇن مۇددەت قىزغىنلىق بىلەن تەقلىد قىلىشى ياپونىيەدە بىر يۈرۈش بازارلىق كىتابلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار ياپونىيە يۇقىرى تېخنىكا رىقابىتىدە ئامېرىكىنى يېڭىپ چىقىدۇ، ياپونىيە ئۇزۇن ئۆتمەي يەر شارى «ئۇچۇر ئىمپېرىيىسى» نىڭ مەركىزىگە ئايلىنىدۇ، ئامېرىكا بولسا تارىخي ھالسىزلىنىش ۋە ئۆزلىكىدىن پارچىلىنىش ئارقىلىق زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ، دېگەن تۈرلۈك نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.
مۇنداق ئاغزىغا كەلگەنچە دەۋرگەن تەھلىللەر ياپونىيەنىڭ ئۆتمۈشتە، ھازىرمۇ يەنىلا ناھايىتى ئاجىز دۆلەت ئىكەنلىكىدەك رېئاللىقنى خىرەلەشتۈرۈپ تاشلىدى. پەقەت يەر شارىنىڭ بايلىق ۋە سودىسىدىكى تەرتىپلىك ئايلىنىشىدا كىچىككىنە داۋالغۇش كۆرۈلسە ياپونىيە زىيانغا ئۇچرايدۇ، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ مۇقىملىقى زەربىگە ئۇچرىغاندا ياپونىيەنىڭ قانچىلىك ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ياپونىيە كۆنسېرى گەۋدىلىنىۋاتقان نوپۇس، جەمئىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى دۆلەت ئىچى ئاجىزلىقلىرىنىڭ مۈشكۈلاتلىرىغا ئۇچرىماقتا. ياپونىيە باي، جۇشقۇن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك بولسىمۇ، بىراق بۇ رايوندا يەككە-يېگانە. ياپونىيە بىخەتەرلىك جەھەتتە كۈچلۈك ئىتتىپاقدىشىغا تايانغانلىقتىن، سىياسىي جەھەتتە توسالغۇغا ئۇچرىدى.

كۈچلۈك ئىتتىپاقدىشى دەل (ياپونىيە قاتتىق تايىنىدۇ) يەر شارى بىخەتەرلىكىنىڭ ئاساسلىق قوغدىغۇچىسى ھە ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادتىكى ئاساسلىق رەقىبى.

ياپونىيە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى بولسا، بىر تەرەپتىن ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى كېڭەيتىلىشىدۇر. ياپونىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ئورنىنى يېڭى بىر ئەۋلاد ياپونلارنىڭ داۋاملىق قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئۇلاردا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى جاراھەت ۋە نومۇس تۇيغۇسى يوق. تارىخ ۋە ئىززەت-ھۆرمەت سەۋەبلىك، گەرچە ياپونلارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى جۇڭگوغا قارىغاندا سەۋرچان بولسىمۇ، نۆۋەتتىكى يەر شارىنىڭ ھالىتىدىن تامامەن رازى ئەمەس. ياپونىيە ئۆزىنىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنىش سالاھىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئەمما ياپونىيەمۇ رايون ئىچىدە بىخەتەرلىك جەھەتتە ئامېرىكىغا تايىنىشى ياپونىيەنىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا توسالغۇ بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت، جۇڭگونىڭ ئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى كۈچلىرىنىڭ ئېشىشى ھەمدە جۇڭگو تەسىرىنىڭ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ياپونىيە ئىقتىسادىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دېڭىز ساھەسىگە يېتىپ بارىدىغانلىقى ياپونىيەنىڭ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان گاڭگىراش تۇيغۇسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ياپونىيەدە جۇڭگو بىلەن مەدەنىيەت ۋە ھېسسىيات جەھەتتە كۈچلۈك ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى مەۋجۇت ھەمدە ئاسىيالىقلارنىڭ ئورتاق يوشۇرۇن ئېڭى. بەزى ياپونلار ئېھتىمال قۇدرەتلىك جۇڭگونىڭ بارلىققا كېلىشى ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىغا بولغان مۇھىملىقىنى ئۆستۈرۈشتە ۋاقىتلىق ئۈنۈمگە ئىگە، چۈنكى ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرق رايونىدىكى تەڭداشسىز ئورنى ئاجىزلىدى، دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، كۆپلىگەن ياپونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئەنئەنىۋى رەقىبى، ئۆتمۈشتىكى دۈشمىنى ۋە رايون مۇقىملىقىغا يوشۇرۇن تەھدىت. بۇ نۇقتا ياپونىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن بىخەتەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتقا قارىغاندا مۇھىم قىلىۋەتتى. دەرۋەقە، ياپونىيەنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مۇستەقىللىقىغا بولغان كىشىنى بىزار قىلىدىغان چەكلىمىلەر بىر قىسىم مىللەتچىلىكى كۈچلۈك ياپونلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ يىراق شەرقىگە جايلاشقان ياپونىيەنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان گېرمانىيەنىڭ ۋەزىيىتى يۈزەكى قارىغاندا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئىككىلىسىلا ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق رايونلۇق ئىتتىپاقدىشى. ئەمەلىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى كۈچلىرى بۇ ئىككى دۆلەت بىلەن يېقىن ئىتتىپاقداشلىقنى بىۋاستە مەنبە قىلغان. ئىككىل دۆلەتنىڭ

خېلى زور ھەربىي كۈچى بار، ئەمما ئىككىلا دۆلەت تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولالمايدۇ. گېرمانىيە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى سەۋەبلىك چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، ياپونىيە ئۆزىنىڭ (گەرچە ئامېرىكا تۈزگەن بولسىمۇ) ئاساسىي قانۇنىنىڭ ۋە ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك شەرتنامىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ياپونىيە بىلەن گېرمانىيە سودا ۋە مالىيە جەھەتتىكى ھەرىكەتلىنىدۇرگۈچ كۈچ مەنبەسىدە ئۆز رايونىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ، يەر شارى دائىرىسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىلا دۆلەت يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدۇ ھەمدە ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە دائىمىي ئىش بېجىرگۈچى دۆلەتلىك ئورنىغا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن تىت-تىت بولماقتا.

ئەمما ياپونىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت شەرتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئېھتىمال ئېغىر ئاقىۋەت بولىشى مۇمكىن. گېرمانىيەنىڭ ش ئا ئە ت بىلەن بولغان ئەمەلىي مۇناسىۋىتى ئاساسلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا بىنائەن، گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكا رەسمىي باراۋەر ھالدىكى مۇھاپىزەت ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقتا. ئامېرىكا-ياپونىيە خەۋپسىزلىك كېلىشىمىدە، ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن، ئەمما (ئېھتىمال شەكىل بولىشى مۇمكىن) ياپونىيەنىڭ ھەربىي كۈچى ئارقىلىق ئامېرىكىنى قوغداش بەلگىلەنمىگەن. بۇ كېلىشىم ئەمەلىيەتتە قوغداش خاراكتېرىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلىدى.

تېخىمۇ مۇھىمى، گېرمانىيە ئاللىقاچان ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ش ئا ئە ت نىڭ ئەزاسى بولۇپ بولغان، بۇرۇن گېرمانىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان قوشنىلىرى ئەمدى گېرمانىيەنى تەھدىت دەپ قارىمايدۇ، ئەكسىچە ئىقتىساد ۋە سىياسىي جەھەتتە قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدىغان شېرىك دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزى قوشنىلىرى گېرمانىيەنى شاپائەتچى رايونلۇق چوڭ دۆلەت دەپ قاراپ، بارلىققا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان گېرمانىيە رەھبەرلىكىدىكى ئوتتۇرا ياۋروپا گۇرۇھىنى قوللىماقچى بولىۋاتىدۇ. ياپونىيەنىڭ قوشنىلىرى ياپونىيەگە بولغان قارىشى بۇنىڭدىن يىراق. ياپونىيەنىڭ قوشنىلىرىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سەۋەبلىك ياپونىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكى يەنىلا مەۋجۇت. ياپونىيە يېنىنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆرلىشى خوشنىلىرىنىڭ ياپونىگە نارازى بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ياپونىيە يېنىنىڭ قىممىتى قاتتىق ئاغرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، يەنە ياپونىيەنىڭ مالايسىيا، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، ھەتتا جۇڭگو بىلەن يارىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى، ئۇلارنىڭ ياپونىيەگە قايتۇرىدىغان زور سوممىلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرزىنىڭ 30% تى ياپونىيە يېنى بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

گېرمانىيەنىڭ ياۋروپادا فرانسىيەدەك باراۋەر شېرىكى بولغان بىلەن، ياپونىيەنىڭ ئاسىيادا

ھەقىقىي ياكى باراۋەر دېگۈدەك شېرىك دۆلىتى يوق. گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق بولۇپ، ياپونىيە مەدەنىيەت جەھەتتە جۇڭگونىڭ كۈچلۈك جەلپ قىلىشىغا ئۇچرىغان، ئېھتىمال يەنە مەلۇم مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ئارىلاشقان بولىشى مۇمكىن. لېكىن، مۇنداق جەلپ قىلىش كۈچى سىياسىي جەھەتتە مۇجمەل، چۈنكى ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئىشەنمەيدۇ ھەم ئىككىلىسىلا قارشى تەرەپنىڭ رايونلۇق رەھبەرلىك ئورنىنى قوبۇل قىلىشمايدۇ.
گېرمانىيەنىڭ قوشنىسى بولغان پولشاغا ئوخشىمايدىغىنى، ياپونىيەنىڭ گەرچە ئاجىز بولسىمۇ جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ناھايىتى مۇھىم خوشنىسى بار ھەمدە بۇ خوشنىسى بىلەن يارىشىش، ھەتتا ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇردى. جەنۇبىي كورىيە ئەڭ ئاخىرى شىمالىي كورىيە بىلەن بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئېھتىمال ياپونىيەنىڭ پولشاسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، كورىيەلىكلەر ئىلگىرى ئۇچرىغان ھۆكۈمرانلىق ۋە ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە تەمەننا قويىشىنى ھېلىمۇ ئېسىدە ساقلاۋاتىدۇ، بۇ ھەر قانداق ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ھەقىقىي يارىشىشقا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، ياپونىيە جەنۇبىي كورىيە مۇناسىۋىتى شەكىلدە ناھايىتى ياخشى.⑥ ئاخىرىدا، ياپونىيە بىلەن روسىيەنىڭ مۇناسىۋىتى گېرمانىيە-روسىيە مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا ئىزچىل يىرىك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. روسىيە قورال كۈچى ئارقىلىق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندا ئىگەللىۋالغان كۇرىل تاقىم ئاراللىرىنىڭ جەنۇبىنى ھازىرغىچە بېسىۋېلىپ، روسىيە-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى يامانلاشتۇرىۋەتتى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياپونىيە يىراق شەرق رايونىدا سىياسىي جەھەتتە يېگانە ھالەتتە، گېرمانىيە بولسا ياۋروپادا يېگانە ئەمەس.
بۇنىڭدىن سىرت، گېرمانىيەنىڭ خوشنىلىرى بىلەن ئورتاق دېموكراتىك پرىنسىپى بار، ياۋروپادا خرىستىئان دىنى ئەنئەنىسى كەڭ مەۋجۇت. گېرمانىيە يەنە ئۆزىدىن تېخىمۇ زور بولغان ئەمەلىي گەۋدە «ياۋروپا» دا ئېتىراپ قىلىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. ئەكسىچە، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان «ئاسىيا» تېخى مەۋجۇت ئەمەس. راستىنى ئېيتقاندا، گەرچە يېقىنقى يىللاردا دېموكراتىك تۈزۈم بىر قىسىم ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ياپونىيەنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئارال دۆلەتلىرى ھالىتى، ھەتتا نۆۋەتتىكى دېموكراتىك تۈزۈمى ھەمىشە ياپونىيە بىلەن بۇ رايوندىكى باشقا كۆپلىگەن ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئايرىپ قويىدى. كۆپلىگەن ئاسىيا دۆلەتلىرى ياپونلار مىللەتچى بولۇپلا قالماي، غەربنى زىيادە دوراپ، ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بىرگە غەربنىڭ ئىنسانىي ھوقۇق، شەخسىيەتچىلىككە بولغان گۇماننى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالىمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، گەرچە غەرب بەزىدە ياپونىيەنىڭ ھەقىقىي غەربلەشكەنلىكىدىن گۇمانلانسىمۇ، كۆپلىگەن ئاسىيالىقلار ياپونىيە ھەقىقىي ئاسىيا دۆلىتى ئەمەس دەپ قارايدۇ.
ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياپونىيە گەرچە ئاسىياغا جايلاشقان بولسىمۇ، بىمالال ھالدا

ئاسىيا دۆلىتى بولالمايدۇ. مۇنداق ئەھۋال ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىدىكى تاللىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويىدى. بىر قاتار تارىخىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ياپونىيە بۇ رايوندا جۇڭگودىن غالىپ كېلىپ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇش، ياپونىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئەمەس بەلكى رەھبەرلىكى ئاستىدىكى رايونلۇق ھەمكارلىقتىن ئىبارەت ھەقىقىي تاللاش بىلىپ بېرىش قارىماققا مۇۋاپىقىيەتلىك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ياپونىيە يەنىلا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ھامىيلىقى ۋە خەلقئارانىڭ قوللىشىغا تايىنىدۇ. ئامېرىكا-ياپونىيە خەۋپسىزلىك كېلىشىمىنى بىكار قىلىش ياكى تەدرىجىي ئاجىزلىتىش ياپونىيەنى بۇ رايوندا ياكى يەر شارىۋى داۋالغۇشتا كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقتا دەرھال ئاسانلىقچە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ چاغدا، ياپونىيەنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى جۇڭگونىڭ مەزكۇر رايوندىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى قوبۇل قىلىش ياكى كەڭ كۆلەملىك قايتىدىن قوراللىنىش پىلانىغا مۇراجىئەت قىلىشتىن ئىبارەت. كېيىنكى تاللاش نۇرغۇن خىراجەت سەرپ قىلىپلا قالماي ھەم ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

چۈشىنىش تەس بولغىنى، نۇرغۇن ياپونىيەلىكلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئورنى نورمال ئەمەس ھەم يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت ھەم بىخەتەرلىكنى باشقىلار قوغداۋاتقان دۆلەت دەپ قارايدۇ. ئەمما، ھازىرقى تەرتىپنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان ئەتراپلىق لايىھە يوق. گەرچە جۇڭگو ئىستراتېگىيىچىلىرى كونكرېت مەسىلىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان ئوخشىمىغان پىكىردە بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ نىشانى خېلى ئېنىق، جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇددىئاسىنى ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي نەزىرىنى بىر قەدەر مۇجمەل، ياپونىيەدىكى ئامىۋى كەيپىياتنىڭ تېگىگە يېتىش تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

كۆپ قىسىم ياپونلۇقلار زور ھەم تۇيۇقسىز بولغان ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ياپونىيە يەنىلا  يەنىلا ئۆچمەنلىك ئوبيېكتى بولۇپ تۇرىۋاتقاندا، جۇڭگو ھەل قىلغۇچ رايونلۇق چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن رايون ئىچىدە قەد كۆتۈرۈۋاتقاندا، ياپونىيە تەرەققىي قىلىپ رايونلۇق چوڭ دۆلەت بولالامدۇ؟ ياپونىيە كەسكىنلىك بىلەن جۇڭگونىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەكمۇ؟ ياپونىيە (ھەر قايسى جەھەتلەردە) ھەقىقىي يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى قوللىشىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكتىن ھەمدە رايون ئىچىدە ياپونىيەگە قارىتىلغان تېخىمۇ كۈچلۈك دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنالامدۇ؟ ئامېرىكا ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەت تۇرامدۇ؟ ئەگەر تۇرۇپ قالسا، ئامېرىكىنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىۋاتقان جۇڭگونىڭ تەسىرىگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتقان ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە قانداق تەسىر

كۆرستىدۇ؟ سوغاق ئۇرۇش يىللىرىدا، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەر قانداق بىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى: بۈگۈن بۇ مەسىلىلەر گەۋدىلىك ئىستراتېگىيە مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالدى ھەمدە ياپونىيەدە كەسكىن بەس-مۇنازىرە قوزغىدى.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن بۇيان، ياپونىيەنىڭ تاشقى سىياسىي ئىزچىل ھالدا ئۇرۇشتىن كېيىنكى باش ۋەزىر شىگېرۇ يوشىدا جاكارلىغان 4 ئاساسىي پىرىنسىپىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولۇپ كەلدى. يوشىدا پىرىنسىپى: (1) ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش (2) ياپونىيەنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تۆۋەن سەۋىيەدە بولىشى، خەلقئارالىق توقۇنۇشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك (3) ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكى ۋە ھەربىي مۇھاپىزىتىنى قوبۇل قىلىدۇ (4) ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيىسى ئىدېئولوگىينى چىقىرىپ تاشلاپ، خەلقئارالىق ھەمكارلىققا يۈزلىنىشنى كېرەك. بىراق، نۇرغۇن ياپونلار دۆلىتىنىڭ سوغاق ئۇرۇشقا قاتنىشىش دەرىجىسىدىن خەۋپسىرىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىتەرەپ مەيدان ئۇقۇمىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. 1981-يىلى، باش ۋەزىر ماسايوشى ئىتو ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلىگەندە «ئىتتىپاقداش» سۆزىنى ئىشلەتكەنلىكتىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ياپونىيە ئەسلىگە كېلىۋاتقاندا، جۇڭگو تەركى دۇنيا بولىۋالدى، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يۈز بەردى. بۇ چاغدا، ياپونىيەنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنياغا قوشۇلۇپ كەتكەن باياشات ياپونىيەنىڭ ئۆزىنىڭ باياشاتلىقىنى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىلىپ بېكىتىش ھەم خەلقئارادا بىزار بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىشى تەس. ئىقتىسادتىكى كۈچلۈك ياپونىيە، بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن رىقابەتكە چۈشكەن ياپونىيە پەقەت ئامېرىكا دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ كېڭەيتىلىشى بولۇشى بىلەن بىرگە، ھەر قانداق سىياسىي مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىشى مۇمكىن ئەمەس. سىياسىي جەھەتتە تەسىر كۈچى تېخىمۇ زور بولغان ياپونىيە، بولۇپمۇ خەلقئارانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن (ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى دائىملىق ئىش بېجىرگۈچى دۆلەت ئورنى) مۇددىئاسىدا بولۇۋاتقان ياپونىيە دۇنيا تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەل قىلغۇچ بىخەتەرلىك مەسىلىلىرى ياكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەسىلىلەردە، مەيداننى ئېپادىلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرىشى مۇمكىن ئەمەس.

نەتىجىدە، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ياپونىيەنىڭ بىر قىسىم ھۆكۈمەت ۋە شەخسىي ئورگانلىرى يازغان ھەر خىل مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە دوكلاتلىرى روياپقا چىقتى. ئاتاقلىق سىياسىئون ۋە پرافېسسورلارنىڭ ياپونىيەنىڭ سوغاق ئۇرۇشتىن كېيىنكى بۇرچى توغرىسىدىكى داڭلىق ئەسەرلىرى تالاش-تارتىش قوزغىدى، ئەمما كۆپلەپ نەشىر

قىلىنىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بۇ كىتابلار ۋە ماقالىلەردە ئامېرىكا-ياپونىيە بىخەتەرلىك ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ۋە ئۇتۇقلۇق بولىشىغا ئائىت نۇرغۇن پەرەزلەر بولۇپ، ياپونىيەنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ دىپلوماتىيەنى يولغا قويۇشى كېرەكلىكىنى، بولۇپمۇ جۇڭگوغا قارىتىلغان دىپلوماتىيە ياكى رايون ئىچىدە تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ھەربىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەگەر ھۆكۈمەت ئارىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە ھۆكۈم قىلغاندا، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ خەتەرلىك باسقۇچقا كىردى دەپ خۇلاسىلاشقا بولىدۇ.

بىراق ھۆكۈمەت سىياسىي جەھەتتە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا نىسبەتەن ئېنىق، مۆتىدىل بولدى. ئاشقۇن تاللاش لاھىيىسى-قەتئىي بولغان تىنچلىقپەرۋەرلىك (ئامېرىكىغا قارشى تۇس ئالغان) ياكى بىر تەرەپلىمە ھالدا كەڭ كۆلەملىك قوراللىنىش (چوقۇم ئاساسىي قانۇنغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش ھەمدە ئامېرىكا ۋە رايون ئىچىدىكى پايدىسىز ئىنكاسلارغا پەرۋا قىلماسلىق) لاھىيىسى ئانچە قوللاشقا ئېرىشەلمىدى؛ يېقىنقى يىللاردا ئاشكارا تىنچلىق چاقىرىقى بار دېيىلگەندىمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى، بىر تەرەپلىمىچىلىك ۋە مىلتارىزملىقىنىڭ گەرچە بىر قىسىم جارچىلىرى بولسىمۇ، ئوخشاشلا خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. تەسىر بار سەرخىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ قىسىم ئاما بۇ ئىككى ئامالنىڭ ھەقىقىي سىياسىي تاللاش بولالمايدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ياپونىيەنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە تەرەققىياتىغا خەتەر كەلتۈرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدى.

سىياسىينى يېتەكچى قىلغان جامائەت پىكرى ئالدى بىلەن ياپونىيەنىڭ ئاساسىي خەلقئارالىق ئەھۋالى مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن جۇغراپىيۋى سىياسەتنىڭ ئالدىنقى تەرتىپى جەھەتتە بىر قىسىم ئىككىلەمچى پەرقلەر كۆرۈلدى. يۈزەكى قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسلىق ئۈچ خىل خاھىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئېھتىمال يەنە نىسبەتەن مۇھىم بولمىغان تۆتىنچى خاھىش بولۇشى مۇمكىن. ئوخشىمىغان بۇ خاھىشلارغا تۆۋەندىكىدەك تەبىر بېرىشكە بولىدۇ: نومۇسنى بىلمەيدىغان «ئامېرىكا بىرىنچى» تەرەپدارلىرى؛ يەر شارىۋى سودا قورۇقچىلىرى تەرەپدارلىرى؛ ئاكتىپ رېئالىزمچىلار ھەمدە خەلقئارالىق غايىزىمچىلار تەرەپدارلىرى. بىراق تېگى تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ تۆت تەرەپلىك خاھىشنىڭ ئوخشاش بىر ئومۇمىي نىشان ۋە ئاساسىي ئەندىشىسى بار: ئامېرىكا بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ يەر شارىنىڭ ياپونىيەنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاسىيانىڭ ياپونىيەگە ئۆچمەنلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش ھەمدە شارائىت پىشىپ

يېتىلگەندە ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك قوغداش كۈنلىكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش.

بىرىنچى تەرەپنىڭ خاھىشىنىڭ چېقىش نۇقتىسى يەنىلا نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان (باراۋەر ئەمەس دەپ قارالدى) ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى ئاسراشنى ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىدىكى ئاساسلىق يادرو قىلىش. بۇ تەرەپنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوللايدىغانلار ۋە كۆپ قىسىم ياپونلۇقلار دۆلىتىنىڭ خەلقئارادا تېخىمۇ زور ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشىشىنى ھەمدە ئىقتىساتتا باراۋەر ئورۇندىن بەھرىمان بولىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن باش ۋەزىر كىچى مىيازاۋا 1993-يىلى 1-ئايدا ئېيتقىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم مىزانى:«21-ئەسىردىكى دۇنياغا كىرىشنىڭ كەلگۈسى ياپونىيە-ئامېرىكا... ئورتاق قاراش ئۈستىدە ماسلاشتۇرۇلغان رەھبەرلىكنى ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقىغا زور دەرىجىدە باغلىق». بۇ قاراش خەلقئارالىقلار تەرەپدارلىرىدىكى سىياسىي سەرخىللاردا ۋە يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان دىپلوماتىك قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئورگانلاردا ئىزچىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ رايونلۇق تەسىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ كورىيە يېرىم ئارىلىدىكى مەۋجۇتلىقىدەك ھەل قىلغۇچ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەردە، رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىزچىل ئامېرىكىنى قوللىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ رولىنى ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا قانداق قارشىلىش پوزىتسىيىسى قوللىنىشنى چەكلەيدىغان بىر مەنبە دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، بىر گۇرۇھ زاتلار تېخىمۇ قويۇق ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئۇلار جۇڭگو-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ .

سودا قورۇقچىلىرى تەرەپدارلىرىنىڭ خاھىشى ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتىنىڭ ئامېرىكىنىڭكى بىلەن بىردەك بولىشىغا قارشى تۇرمايدۇ. بىراق ئۇلار ياپونىيەنىڭ ئاساسلىقى ئىقتىسادىي چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىدەك بۇ ھەقىقەتنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ياپونىيەگە ئەڭ پايدىلىق دەپ قارايدۇ. بۇ تەرەپنىڭ قاراشلىرى ئەنئەنىدىكى تەسىر كۈچى زور بولغان سودا ئالاقە سانائىتى ۋازارىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ياپونىيەدىكى ئەڭ چوڭ سودا بىلەن ئېكسپورت سودىگىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ياپونىيەنىڭ نىسپىي ھەرىيىسىزلىنىشى ساقلاپ قېلىشقا ئەرزىيدىغان بايلىق. ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەت بەرگەن ئەھۋالدا، ياپونىيە ئەركىن ھالدا يەر شارىۋى ئىقتىسادىي ئارىلىشىش سىياستى يۈرگۈزەلەيدۇ، بۇ سىياسەت ياپونىيەنىڭ يەر شارىۋى ئورنىنى ئاستا-ئاستا يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

غايىۋىلاشقان بىر دۇنيادا، سودا قورۇقچىلىرى تەرەپدارلىرىنىڭ خاھىشى ھېچ بولمىغاندا

رېئاللىقتىكى بىتەرەپ سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندا جۇڭگونىڭ تەسىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ۋە بۇ ئارقىلىق تەيۋەن، جەنۇبىي كورىيەنى قوغدىشنى قوللايدۇ. مۇنداق بولغاندا، ياپونىيە چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. بىراق، ھازىرقى سىياسىي رېئاللىقتا يەر شارى سودا قورۇقچىلىرى تەرەپدارلىرى ئامېرىكا-ياپونىيە ئىتتىپاقداشلىقىنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، قوراللىق قىسىملارنى تەمىنلەيدىغان ئانچە كۆپ بولمىغان خام چوت چىقىمى (ياپونىيە دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يەنىلا 1% دىن ئېشىپ كەتمەيدۇ) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىتتىپاقداشلىقنىڭ مۇھىم رايونلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىشىنى خالاپ كەتمەيدۇ.

ئۈچىنچى تەرەپ يەنى ئاكتىپ رېئالىزىمچىلار يېڭى بىر ئەۋلاد سىياسىئون ۋە جۇغراپىيىۋى سىياسىيشۇناسلاردۇر. ئۇلار ياپونىيە باي ۋە مۇۋاپىقىيەت قازانغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، سوغاق ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيادا ئىلگىرىكى بىلەن ئوخشىمايدىغان پۇرستى ۋە مەجبۇرىيىتى بار دەپ قارايدۇ. ياپونىيە بۈنىڭلىق بىلەن دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىششى مۇمكىن. ياپونىيەنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشقا سالاھىيىتى بار، چۈنكى ياپونىيە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالدا دۇنيادىكى ئاز ساندىكى ھەقىقىي چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، باش ۋەزىر ياسۇھىرو ناكاسونې ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قۇدرەتلىك ياپونىيەنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ جەھەتتە كۆپچىلىككە تېخىمۇ تونۇشلۇق بولغىنى، ئوزاۋا كومىتېتى 1994-يىلى ئېلان قىلغان زور تالاش-تارتىش قوزغىغان دوكلاتتىتۇر. بۇ كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنىڭ تېمىسى «يېڭى ياپونىيە خەرىتىسى: بىر مىللەتنىڭ قايتا ئويلىنىشى» ئىدى.

بۇ كومىتېت ئۆزىگە تېزلىكتە قەد كۆتۈرگەن مۆتىدىل سىياسىي داھىي ئىچىرو ئوزاۋانىڭ ئىسمىنى نام قىلغان. بۇ دوكلاتنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى ياپونىيەنىڭ تەبىقە تۈزۈمى قاتتىق بولغان سىياسىي مەدەنىيىتىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش بولۇپ، ياپونىيەنىڭ خەلقئارالىق ئورنىغا قارىتا قايتا ئويلىنىش قىلغان. دوكلاتتا ياپونىيەنىڭ «نورمال دۆلەت» بولىشىنى تەلەپ قىلىپ، ياپونىيە-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، خەلقئارادىكى پاسسىپ ھالىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر شارى سىياسىيسىغا ئاكتىپ قاتنىششىنى، بولۇپمۇ خەلقئارالىق تىنچلىق ساقلاش تىرىشچانلىقلىرىدا باشلامچىلىق رولىنى ئويناش تەكلىپىنى بەردى. بۇ دوكلاتتا يەنە ئاساسىي قانۇندىكى چەتئەللەرگە ياپونىيە قوراللىق قىسىملىرىنى ئەۋەتىشكە قويغان چەكلىمىنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى بەردى.

ياپونىيەنىڭ «نورمال دۆلەت» بولۇش تەكىتلىمىسىدە، گەرچە ئېنىق كۆرسەتمىگەن بولىسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىر قاراشنى يەنى ياپونىيەگە ناھايىتى مۇھىم بولغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش دېگەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ قاراشنى تەرغىپ قىلغۇچىلار يەر شارىۋى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەردە ھەمىشە ياپونىيە قىلچە ئىككىلەنمەي ئاسىياغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلىشى، ئۆزلىكىدىن ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئەگەشمەسلىكى كېرەك دېيىشتى. ىىراق، ئۇلار جۇڭگونىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان رايونلۇق تەسىرى ۋە كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ كەلگۈسى قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەردە يەنىلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولغان مۇجمەللىكىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى سەپداشلىرى بىلەن چوڭ پەرقى يوق ئىدى. شۇڭا، رايون بىخەتەرلىكىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئۇلار ھازىرغا قەدەر يەنىلا كۈچلۈك ياپونىيەگە مايىللىق بار، بۇ ئىككى مەسىلىدە ئامېرىكا يەنىلا ھەممىدىن مۇھىم مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ياپونىيەنىڭ پەقەت ئامېرىكىنىڭ قىلمىشى چەكتىن ئېشىپ كەتكەندە ئازراق پەسكويغا چۈشۈرۈش رولى بار.

-20ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر، ئاكتىپ رېئالىزىمچىلار تەرەپدارلىرىغا بولغان مايىللىق جامائەت پىكرىدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇردى ھەمدە ياپونىيەنىڭ دېپلوماتىيە سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. 1996-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيەنىڭ «مۇستەقىل ئۆزىگە خوجا بولغان دېپلوماتىيىسى» ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشقا باشلىدى، ئەزەلدىن ئېھتىياتچان بولغان ياپونىيە تاشقى ئىشلار ۋازارىتى ب سۆزنى مەنىسى مۇجمەل بولغان (قارىماققا ئامېرىكىغا قارىتىلغان) «ئاكتىپ دېپلوماتىيە» دەپ تەرجىمە قىلدى.

تۆتىنچى خىل خاھىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى خەلقئارالىق غايىزىمچىلارنىڭ تەسىرى ئالدىنقى ئۈچ گۇرۇھقا يەتمىسىمۇ، بەزىدە ياپونىيەنىڭ قاراشلىرىغا تېخىمۇ غايىۋىلاشقان گەپ سۆزلەرنى قىلىپ قويىدۇ. بۇ گۇرۇھ سوني شىركىتىدىكى ئاكىئو مورىتا دېگەندەك كۆزگە كۆرۈنگەن زاتلار بىلەن ئاشكارا بىرلەشكەن. بۇ زاتلارمۇ ھەققانىيەت جەھەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان يەر شارىۋى نىشانغا قارىتا ئېنىق ۋەدە بېرىشنىڭ ياپونىيەگە نىسبەتەن مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈردى. ياپونىيەنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەت مەسئولىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا، غايىزىمچىلار ھەمىشە «يېڭى دۇنيا تەرتىپى» ئۇقۇمى ئارقىلىق ياپونىيەنىڭ دۇنيا چوڭ ئائىلىسى ئۈچۈن ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك كۈنتەرتىپىنى بەلگىلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە رەھبەر بولالايدىغانلىقى ھەققىدە چاقىرىق قىلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 4 خىل خاھىشنىڭ ھەممىسى ھەل قىلغۇچ بىر رايونلۇق مەسىلىدە بىردەكلىككە ئىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ كۆپ قۇتۇپلاشقان ئاسىيا-تىنچ ئوكيان

ھەمكارلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ياپونىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ھەمكارلىق ئۈچ خىل ئىجابىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ: جۇڭگونى قىسماقىقا ئېلىشقا پايدىلىق، ئامېرىكىنى ئاسىيادا تۇتۇپ تۇرۇشقا پايدىلىق، تەسىر كۈچى بارا-بار ئاجىزلايدۇ؛ ياپونىيەگە بولغان نارازىلىق يېنىكلەپ، ياپونىيەنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. گەرچە رايون ئىچىدە ياپونىيەنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنىڭ شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، بىراق رايون ئىچىدە، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان كۈچلىرىدىن خەۋپسىرىگەن دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەردە ياپونىيە مەلۇم دەرىجىدە ھۆرمەتكە نائىل بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايانا قىلىنغان 4 خىل قاراش بىردەك ھالدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن جۇڭگوغا دوستانىلىق قىلىش ئامېرىكا رەھبەرلىكىدە جۇڭگوغا بىۋاستە چەكلىمە يۈرگۈزۈشتىن كۆپ ياخشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدە جۇڭگونى چەكلەش ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرى ياكى ياپونىيە، ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا فىلىپپىن، برۇنى ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن جۇڭگوغا ارشى بى رەسمىي بىرلەشمە گەۋدە قۇرۇش تەدبىرى ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىيە ئورگانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بەك چوڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق. ياپونلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئوخشاش تىرىشچانلىق ئامېرىكىنىڭ ياپونىيە ۋە جەنۇبىي كورىيەدە مۇددەتسىز ھالدا كەڭ كۆلەملىك قوشۇن تۇرغۇزىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، جۇڭگونىڭ رايونلۇق مەنپەئەتى بىلەن ئامېرىكا-ياپونىيە رايونلۇق مەنپەئەتى ئارىسىدا ئاسان سۈركىلىش پەيدا قىلىدىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت تەكرارلىقى پەيدا قىلىپ، جۇڭگو بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ بىشارىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن[8] . بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياپونىيەنىڭ پەندىنپەي ئازاد بولىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە يىراق شەرقنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە تەھدىت سالىدۇ .

ئوخشاش سەۋەب بولغانلىقتىن، ناھايىتى ئاز كىشىلەر ئەكسىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشنى قوللايدۇ. مۇنداق ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلىشىنىڭ رايونلۇق ئاقىۋىتى ۋەزىيەتنى تېخىمۇ مۇقىمسىزلاشتۇرىدۇ. ئامېرىكا بۇ رايوندىن چېكىنىپ كېتىدۇ؛ كورىيە يېرىم ئارىلى جۇڭگونىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ؛ ياپونىيە جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىشىغا بوي سۇنمىسا بولمايدۇ. ئاز بىر قىسىم ئاشقۇنلار مۇنداق بولۇشنى قوللايدۇ، بۇ ھەرگىز كىشىنى خوش قىلىدىغان كەلگۈسى ئەمەس. روسىيە جۇغراپىيىۋى سىياستىنىڭ چەتلەشتۈرۈشى ۋە تارىختا كەمسىتىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، مۇنداق بىر ئورتاق تونۇشنىڭ ئورنىغا دەسسەتكۈدەك باشقا نەرسە يوق: ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يەنىلا ياپونىيەنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھاياتلىق لىنىيىسى، ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولمىسا، ياپونىيە مۇقىم نېفىت تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، جۇڭگونىڭ يادرو بومبىسىدىن (ئېھتىمال ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالىي كورىيەنىڭمۇ يادرو

قورالى بولىدۇ) ئۆزىنى قوغدىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىردىنبىر ھەقىقىي سىياسىي مەسىلە بولسا ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ياپونىيەنىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر .

ياپونلار ئامېرىكىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، قارىماققا ھەمكارلىق دائىرىسى نىسبەتەن كونكرېت بولغان «يىراق شەرق» تىن تېخىمۇ كەڭرى بولغان «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان لاھىيىسى» گە كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامېرىكا-ياپونىيە ھەربىي ھەمكارلىقىنى ئىزچىل كۈچەيتتى. 1996-يىلىنىڭ بېشىدا، ئامېرىكا-ياپونىيە قوغدىنىش يېتەكچى پىرىنسىپىغا قايتا قاراپ چىقىلغاندا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ يېتەكچى پىرىنسىپنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ياپونىيە مۇھاپىزەت كۈچلىرىنىڭ ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكىنى «يىراق شەرقتىكى جىددىي ئەھۋال» دىن «ياپونىيەنىڭ ئەتراپىدىكى جىددىي ئەھۋال» غا كېڭەيتتى. ياپونىيەنىڭ بۇ مەسىلىدە ئامېرىكىغا يول قويۇشىنى خالىشى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈرتكە بولغان:

ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش ئىقتىدارىدىن بارغانسېرى گۇمانلانماقتا؛ جۇڭگو قەد كۆتۈرۈپ مەلۇم ۋاقىتقا كەلگەندە، ياپونىيە قوبۇل قىلالمايدىغان تاللاشنى يەنى ئامېرىكا تەرەپتە تۇرۇپ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ياكى ئامېرىكىدىن يىراقلىشىپ جۇڭگو بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ياپونىيەگە مەجبۇرىي تېڭىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا.

ياپونىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تۈپكى مۇشكۇلات بىر تارىخىي زۆرۈرلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتا: رايونلۇق يېتەكچى چوڭ دۆلەت بولۇش نىشانىنى قولغا كەلتۈرۈش ئوڭۇشلۇق بولمىسا، رايونلۇق ئاساس بولمىغان ئەھۋالدا ھەقىقىي ئومۇمىيۈزلۈك يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش ئەمەلگە ئاشمايدۇ؛ شۇڭا، ياپونىيەنىڭ يەر شارىۋى رەھبەرلىك ئورنىغا ئېرىشىشتىكى ئەڭ ياخشى ئامال دۇنياۋى تىنچلىق ساقلاش ھەرىكەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئاكتىپ قاتنىشىشتۇر. ئامېرىكا-ياپونىيە ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىدىن پايدىلىنىش ھەمدە جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاققا قاتناشماسلىق ئامالى ياپونىيەنىڭ پۇختا ھالدا ئۆزى ئۈچۈن ئۆزگىچە ھەم پۈتكۈل يەر شارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇرچىنى تىكلەش، ھەقىقىي خەلقئارالىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مېخانىكىلىق ھەمكارلاشقان چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇنداق بولغاندا، ياپونىيە كاناداغا ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشەلەيدۇ، ئەمما كانادادىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ يەر شارىۋى تەسىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن: ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە كۈچلىرىنى ئاكتىپ ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشى، ھەرگىزمۇ كىشىلەر قورقىدىغان ۋە بىزار بولىدىغان دۆلەت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنى تەڭشىشى

ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ ۋەزىپىسى: ياپونىيەنىڭ يۇقىرىقىدەك تاللاش چىقىرىشىغا،

جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرۈپ مەزكۇر رايوندا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولىشى شەرقىي ئاسىيادىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلىقىنىڭ ئۆچ بۇرجەك مۇقىم مۇناسىۋىتىگە توسالغۇ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. ياپونىيە ۋە جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش، ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقىم ئۈچ تەرەپ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئامېرىكىنىڭ دىپلوماتىيە ماھارىتى ۋە سىياسىي تەسەۋۋۇرىغا بولغان قاتتىق سىناقتۇر. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ئاتالمىش خەتەرلىك ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ ۋە جۇڭگوغا قارىتىلغان سىياسىي ئىقتىدارنى يوقىتا چىقىرىدۇ دەپ قارايدىغان بۇرۇنقى قورقۇش پسىخىسكىنى تۈگىتىش، قانداق قىلىپ ياپونىيەنىڭ ئىقتىدارنى خەلقئارالىق يۆلىنىشكە بۇراش ۋە قانداق قىلىپ جۇڭگونىڭ كۈچلىرىنى رايونلۇق مۇرەسسەچىلىككە باشلاپ كىرىشتىن ئىبارەت ئىنچىكە مۆلچەرلەنگەن سىياسەتنى سوغۇققان رېئالىزىم بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق.

پەقەت موشۇنداق بولغاندا، ئاندىن ئامېرىكا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىدە، ياۋروئاسىيانىڭ غەربىي چېتىدە باراۋەر ماسلاشقان جۇغراپىيىلىك سىياسىي قۇرۇلما شەكىللەندۈرۈپ، ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىدا رايونلۇق كۈچلەر قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقالايدۇ. بىراق، ياۋروپادىكى ئەھۋال بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، شەرقىي قىسمىدىكى قۇرۇقلۇقتا دېموكراتىك قاراۋۇلخانا تېزلىكتە بارلىققا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتە ياپونىيە بىلەن يۆلىنىشنى قايتىدىن بېكىتكەن ئىتتىپاقداشلىقى چوقۇم ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندا ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە جۇڭگو بىلەن مۇرەسسەچىلىك ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ بابنىڭ ئالدىنقى ئىككى بۆلىكىدىكى تەھلىللەردىن ئامېرىكىغا نىسبەتەن مۇھىم بولغان بىر قانچە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك يەكۈنلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كېيىنكى قېتىملىق يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت دېگەنگە ئالاقىدار قاراشلار جۇڭگوغا قارشى ئەسەبىيلىكنى پەيدا قىلماقتا ھەمدە جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا مەنمەنچى ئىدىيەلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقماقتا. جۇڭگو كېلەر قېتىملىق يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىدىغان ۋەھىمىگە نىسبەتەن ياخشى تەرەپتىن ئېيتقاندا تېخى بالدۇر، يامان تەرەپتىن ئېيتقاندا ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ بىشارىتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىشىنى چەكلەيدىغان ئىتتىپاق قۇرۇش ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلالمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا پەقەت رايون ئىچىدە تەسىرى بار جۇڭگونىڭ دۈشمەنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قارشى ئىتتىپاق قۇرۇشقا ئالاقىدار ھەر قانداق تىرىشچانلىق ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدۇ، چۈنكى كۆپ قىسىم ياپونلار بۇ ئىتتىپاققا قارشى تۇرىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئامېرىكا ياپونىيەنى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدا تېخىمۇ چوڭ مۇھاپىزەت

مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بېسىم قىلماسلىقى كېرەك. مۇنداق تىرىشچانلىق مۇقىم ياپونىيە-جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياپونىيەنى بۇ رايوندا تېخىمۇ يىگانە قالدۇرىدۇ.

ئەمما، جۇڭگو ئەمەلىيەتتە تېزلىكتە يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇشى مۇمكىن بولمىغانلىقتىن ھەم شۇنداق بولغانلىقتىن، جۇڭگوغا رايونلۇق چەكلەش سىياستى يۈرگۈزۈش ئاقىلانىلىك ئەمەس، جۇڭگوغا يەر شارىۋى مۇھىم شاھماتچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش توغرا بولىدۇ. جۇڭگونى تېخىمۇ كەڭرى خەلقئارالىق ھەمكارلىققا سۆرەپ كىرىش ھەمدە ئارزۇ قىلغىنىدەك ئورۇن بېرىش جۇڭگونىڭ مىللىي جاسارىتىنى قاشاڭلاشتۇرىدىغان تەسىر بېرىدۇ. بۇ يۆلىنىشكە قاراپ باسىدىغان مۇھىم بىر قەدەم جۇڭگونى دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەت بولغان يەتتە دۆلەت گۇرۇھىنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك، روسىيەمۇ بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلىندى.

يۈزەكى ھادىسىلەرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيەتتە زور ئىستراتېگىيىلىك تاللاش ئىمكانىيىتى يوق. جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي مۇۋاپىقىيىتى غەربنىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسى ھەمدە چەتئەل بازىرىنىڭ يول قويىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تايىنىدۇ. دەل بۇ نۇقتا جۇڭگونىڭ تاللىشىنى قاتتىق چەكلەپ قويىدى. جۇڭگو مۇقىمسىز ۋە نامرات روسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزسە، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ياكى جۇغراپىيىلىك سىياسىي كەلگۈسىنى كېڭەيتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئامالنىڭ جۇڭگو ۋە روسىيەگە قارىتا تاكتىكا جەھەتتە ئازراق جەلپ قىلىش كۈچى بولىسمۇ، لېكىن بۇ نېمىلا بولمىسۇن ئۆتۈۈقلۇق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك تاللاش ئەمەس. ئىران ۋە پاكىستانغا ياردەم بېرىش جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ بىۋاستە رايونلۇق ۋە جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەمما بۇ يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ (ياپونىيەنىڭ قوللىشىدا) مىللىي ياكى رايونلۇق مەقستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسە، ئۇنداقتا «زومىگەرلىككە قارشى» ئىتتىپاق تەشكىللەش ئېھتىمال ئەڭ ئاخىرقى تاللاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن نامرات دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇپ تاشلايدۇ.

جۇڭگو رايونلۇق يېتەكچى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن قەد كۆتۈرمەكتە. شۇنداق بولغاچقا، جۇڭگو ئېھتىمال ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى قوشنىلىرىغا مەجبۇرىي تېڭىشى، ئاخىرىدا رايوننىڭ مۇقىمسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ياكى جۇڭگو ئۆتمۈشتىكى ئىمپېرىيە ئەنئەنىسى بىلەنلا قانائەتلىنىپ، تەسىرىنى ۋاستىلىق ھالدا ئىشقا سېلىشى مۇمكىن. كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان تەسىر كۈچ دائىرىسى يەنىلا نىسبەتەن

مۇجمەل بولغان دائىرە قىسمەن ھالدا جۇڭگو ھاكىمىيتىنىڭ ھاكىمۇتلەقلىق دەرىجىسىگە باغلىق ھەم قىسمەن ھالدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان سىرتقى شاھماتچىغا باغلىق. ئەڭ ئاساسلىقى ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ بۈيۈك جۇڭگو بارلىققا كېلىشىگە ئىنكاس قايتۇرۇش شەكلىدۇر. مۇرەسسەچىلىك سىياستى جۇڭگونى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان پوزىتسىيەدە بولۇشنى كۈشكەرتىدۇ، ئەمما پەقەت بۈيۈك جۇڭگونىڭ بارلىققا كېلىشنى توسايدىغان سىياسەت ئوخشاش نەتىجە كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بەزى مەسىلىلەردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول قويۇش سىياستى قوللىنىش، باشقا مەسىلىلەردە (جۇڭگونىڭ ھەرىكىتىگە نىسبەتەن) چېگرىسى ئېنىق بېكىتىلگەن سىياسەت قوللىنىش ئېھتىمال يۇقىرىكى ئىككى خىل چەكتىن ئاشقان ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بەزى رايونلىرىدا، جۇڭگو ئېھتىمال ئامېرىكا بىلەن مۇقىم ھەم سىياسي جەھەتتە كۆپ خىللاشقان، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى جەھەتتىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى ئۆزئارا جۆر بولغان جۇغراپىيىلىك سىياسي تەسىرىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان قىزىقىشىنىڭ بارغانسېرى ئېشىشى روسىيەنىڭ موسكۋانىڭ كونتروللىقىدا، ھەر قانداق شەكىلدىكى قايتىدىن سىياسي بىر گەۋدىلىشىشتىكى ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى چوقۇم چەكلەپ قويىدۇ. بۇنىڭغا ئالاقىدار ھەم مۇناسىۋەتلىك بولغان پارس قولتۇقى مەسىلىسىدە، جۇڭگونىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېنېرگىيە مەنبەسىگە بولغان ئېھتىياجى جۇڭگونىڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئەركىن كىرىش ھەمدە نېفىت ئىشلەپ چىقارغۇچى رايوننىڭ سىياسي مۇقىملىقى جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشنى بەلگىلىدى. ئوخشاشلا، جۇڭگونىڭ پاكىستاننى قوللىشى ھىندىستاننىڭ پاكىستاننى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مۇددىئاسىنى چەكلىدى ھەمدە ھىندىستاننىڭ ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىدە روسىيە بىلەن ھەمكارلىشىش غەرىزىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ۋە ياپونىيەنىڭ شەرقىي سىبىرىيىنى ئېچىشى ئوخشاشلا رايون مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. سىجىل ئىستراتېگىيىلىك سۆزلىشىش ئارقىلىق موشۇنداق ئورتاق مەنپەئەت ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك⑨.

ئەگەر جۇڭگو تارىختا ئادەتلىنىپ قالغان قاتتىق تاكتىكا قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولسا، بىر قىسىم رايونلاردا ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ( يەنە ياپونىيەمۇ بار) توقۇنۇشۇپ قالىدۇ. بۇ نۇقتا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، تەيۋەن ۋە شىمالىي كورىيەگە ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

يوشۇرۇن كۈچ جەھەتتىن قارىغاندا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ناھايىتى باي، جۇغراپىيىسىمۇ بەك كەڭرى، شۇڭا قۇدرەتلىك جۇڭگو بولغان تەغدىردىمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانى

ئاسانلىقچە ئۆزگە بوي سۇندۇرالمايدۇ. ئەمما، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بەك ئاجىز، سىياسىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ، شۇڭا بۇ رايوندا جۇڭگو ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالمايدۇ. جۇڭگو كۈچلىرىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ رايونلۇق تەسىرى مۇقەررەر ئاشىدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئىشلار جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ كۈچلىرىنى قانداق ئىشقا سېلىشقا باغلىق بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگوغا بىۋاستە قارشى تۇرۇش ياكى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزىدىكى ماجىرالارغا ئائىت مەسىلىلەر ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىش كەلمەسلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس. جۇڭگولۇقلار سىممېترىك بولمىغان مۇناسىۋەتتە ئىنچىكىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا خېلى مول تارىخىي تەجرىبە توپلاپ بولدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئارقىلىق بۇ رايوندا ۋەھىمە قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىش جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مۇنداق قورقۇش پىسخىكىسى بۇ رايوننىڭ جۇڭگوغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى (ھىندونېزىيە بىلەن ئاۋستىرالىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەمدىلا باشلانغان ھەربىي ھەمكارلىقتا بۇ خىل يۈزلىنىش پەيدا بولدى)، بۇ ئىتتىپاق ئېھتىمال ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ قوللىشىنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو شىياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوقۇم تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، تەيۋەن بىلەن جۇڭگونىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىشى مۇمكىن. مۇنداق بىر ھەقىقەتنى تولۇق تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر، يەنى: جۇڭگو تەيۋەننىڭ مۇددەتسىز ھالدا ئايرىلىپ تۇرىشىغا ئەزەلدىن قوشۇلغان ئەمەس. شۇڭا، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر چاغدا، بۇ مەسىلە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن يۈزمۇيۈز توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر قايسى تەرەپلەرگە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ؛ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات كەلگۈسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ؛ ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتى قاتتىق جىددىيلىشىدۇ؛ ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇلىقىنىڭ شەرقىدە مۇقىم كۈچلەر باراۋەرلىكى قۇرۇش تىرىشچانلىقى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە باراۋەر ھالدا ئەڭ زور چەكتىكى ئاشكارىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. كەلگۈسىدە تەيۋەنگە ئۇنۇملۇك تەھدىت سالىدىغان ۋاستە ئېھتىمال يەنىلا كەمچىل بولىدۇ، ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگونىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق تەيۋەننى زورلۇق بىلەن قوشۇۋېلىشىغا سۈكۈت قىلسا، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئورنىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا بىيجىڭ چوقۇم چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئەگەر تەيۋەن ئۇ چاغدا ئۆزىنى قوغدىيالمىسا، ئامېرىكا ھەربىي جەھەتتە ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرمايدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئامېرىكا قول تىقمىسا بولمايدۇ. ئەمما بۇلۇنمە ھالەتتىكى تەيۋەن ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى جۇغراپىيىلىك

سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈندۇر. بۇ مۇھىم پەرق. بۆلۈنمە ھالەتتىكى تەيۋەننىڭ ئۆزى ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئىپتىقاندا ھېچقانداق ئالاھىدە پايدىسى يوق. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانى پەقەت بىرلا جۇڭگو بار دېگەندە ئىزچىل تۇرىشى كېرەك. ئەمما، جۇڭگونىڭ تەيۋەن بىلەن بىرلىككە كېلىش شەكلى ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ تۈپكى مەنپەئەتىگە دەخلى قىلىشى مۇمكىن، جۇڭگو بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەك.

تەيۋەن مەسىلىسىمۇ ئامېرىكىغا جۇڭگو بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قانۇنلۇق باھانە تېپىپ بەردى، جۇڭگونىڭ ئامېرىكىنى ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشتى دەپ ئەيىبلىشىنىڭ ئاساسى يوق. بىپىجىڭغا جۇڭگو پەقەت تېخىمۇ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلسا، تېخىمۇ دېموكراتىيەلەشسە ئاندىن بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشكە تامامەن بولىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەيۋەن ئۈچۈن ئىنسانىي ھوقۇققا تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىش جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئامېرىكا موشۇنداق ئەھۋالدا ئىنسانىي ھوقۇق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇۋاپىقتۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا چوقۇم جۇڭگوغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، تەيۋەننىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا قوللاشتىن ساقلىنىشى لازىم. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، ئامېرىكا-تەيۋەن ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ھۆكۈمەت تەرەپلىك ئۇچرىشىشلىرى كىشىلەرگە ئامېرىكا تەيۋەنگە مۇستەقىل دۆلەت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى دېگەن تەسىراتقا كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ بۇ ئىشقا غەزەپلىنىشىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. جۇڭگو تەيۋەن ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقئارادا تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشىدىن نارازى بولىشىنى ئوخشاشلا چۈشىنىشكە بولىدۇ.

شۇڭا، ئەگەر تەيۋەنلىكلەر بۇرۇن قارار قىلىپ بولغان ۋە قەستەن مۇجمەل مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان جۇڭگو-تەيۋەن مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئامېرىكىنىڭ تەيۋەنگە بولغان پوزىتسىيىسىگە زىيانلىق تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. ئەگەر جۇڭگو ھەقىقەتەن تەرەققىي قىلسا ھەمدە دېموكراتىيىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، شىياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىدە چېكىنىش كۆرۈلمىسە، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ ئىككى قىرغاقنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىككە كېلىش شەرتىدە ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىشكە ئىلھاملاندۇرىشى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدە دېموكراتىيىلىشىش بېسىمىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ كەڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇرەسسەلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شەرقىي شىمالىي ئاسىياغا جايلاشقان جۇغراپىيىۋى ئوق مەركەز دۆلەت جەنۇبىي كورىيە ئېھتىمال جۇڭگو-ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىختىلاپىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى ھەمدە جەنۇبىي كورىيەنىڭ كەلگۈسى ئامېرىكا-ياپونىيە مۇناسىۋىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. پەقەت كورىيە يېرىم ئارىلى داۋاملىق بۆلۈنمە ھالەتتە تۇرسا، مۇقىمسىز شىمالىي كورىيە بىلەن كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىۋاتقان جەنۇبىي كورىيە ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئۇرۇش پارتلاش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسا، ئامېرىكا قوشۇنى كورىيە يېرىم ئارىلىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بىر تەرەپلىمە قوشۇن چېكىندۈرۈشى يېڭى ئۇرۇش پارتىلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەدىكى ھەربىي مەۋجۇتلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. ئامېرىكا جەنۇبىي كورىيەدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، ياپونىيەنىڭ ئۆز زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئامېرىكا ئارمىيىسىغا داۋاملىق تايىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس. ئەڭ زور ئېھتىماللىق ياپونىيەنىڭ تېزلىكتە قايتىدىن قوراللىنىپ، پۈتكۈل رايوننى داۋالغۇتۇشتەك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
بىراق كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىشى جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە ئېغىر مۈشكۈلات پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئامېرىكا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى كورىيە يېرىم ئارىلىدا داۋاملىق تۇرۇپ قالسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي مەۋجۇتلىقى جۇڭگوغا قارىتىلغان دەپ قارىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، جۇڭگولۇقلارنىڭ موشۇنداق ئەھۋالدىكى كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە قوشۇلۇش قوشۇلماسلىقى يەنىلا گۇمانلىق. ئەگەر بىرلىككە كېلىش سالماقلىق بىلەن ئىزغا چۈشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلسا، جۇڭگو سىياسىي جەھەتتە توسقۇنلۇق قىلىدۇ ھەمدە شىمالىي كورىيەدىكى بىرلىككە كېلىشكە قارشى تۇرغۇچىلارنى قوللايدۇ. ئەگەر كورىيە يېرىم ئارىلى زورلۇق بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، ئۇنداقتا جۇڭگونىڭ ھەربىي ئارىلىشىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن پەقەت بىرلىككە كەلگەن، ئەمما ئامېرىكىنىڭ كۈچلىرى (ياپونىيە ئارقىسىدا يۆلەنچۈك بولغانلىقتىن) بىۋاستە كېڭەيمىگەن ئەھۋالدا كورىيەنىڭ بىرلىكىنى ئاندىن قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ.
بىراق، بىرلىككە كەلگەن، ئامېرىكا قوشۇن تۇرغۇزمىغان كورىيە ئالدى بىلەن جۇڭگو، ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا مەلۇم شەكىلدە بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، ئاندىن قىسمەن ھالدا كۈچلۈك ياپونىيەگە قارشى قاراشنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچراپ، پەيدىنپەي جۇڭگوغا ئېغىشى مۇمكىن ياكى جۇڭگونىڭ سىياسىي تەسىر دائىرىسىدە تۇرۇشى مۇمكىن، ياكى مەلۇم شەكىلدىكى جۇڭگوغا بوي سۇنىدىغان نازۇك دائىرىگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ياپونىيە ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ ئاسىيادىكى بىردىنبىر بازىسى بولۇشنى خالامدۇ يوق

دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. ھېچ بولمىغاندا بۇ مەسىلە ياپونىيەنىڭ ئىچكى سىياسىيسىدا ئېغىر بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى ھەربىي ھەرىكەت دائىرىسىدىكى ھەر قانداق تارىيىش مۇقىم ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇق كۈچلىرى تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرىۋېتىدۇ. يۇقىرىقى تۈرلۈك ئامىللار ئامېرىكا-ياپونىيەنىڭ كورىيەدىكى ھازىرقى ھالەتتىكى مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىشنى كۈچەيتتى. ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتكىلى بولغان تەغدىردىمۇ، ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىگىرى سۈرۈش كېرەك، ئەڭ ياخشىسى ئامېرىكا-جۇڭگو رايونلۇق مۇرەسسەچىلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان مۇھىتتا ئېلىپ بېرىش كېرەك .
شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياپونىيە-كورىيە ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي يارىشىش كورىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىككە كېلىشىگە تېخىمۇ مۇقىم رايونىۋى مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ. ياپونىيە كورىيەنىڭ ھەقىقىي يارىشىشى كورىيەنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۈرلۈك مۇرەككەپ خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى پەسەيتىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىق ماھىيىتى ۋە چەكلەش كۈچى بولغان سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئامېرىكا بۇ يارىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئالدى بىلەن گېرمانىيە-فرانسىيەنىڭ يارىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كېيىن يەنە گېرمانىيە-پولشانىڭ يارىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كونكرېت باسقۇچلارنى (مەسىلەن، بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش لاھىيىسىدىن بىرلەشمە ئارمىيە قۇرۇش لاھىيىسىگىچە) بۇ جايدىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەتراپلىق ھەمدە رايون مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولغان ياپونىيە-كورىيە مۇناسىۋىتى ئامېرىكىنى ھەتتا كورىيە بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنمۇ يىراق شەرقتە داۋاملىق قالدۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن.
ياپونىيە بىلەن قويۇق سىياسىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما، ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ بېقىندىسى، رەقىبى ياكى شېرىكى بولۇپ قېلىش قالماسلىقى ئامېرىكىلىقلار ۋە ياپونلارنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ خەلقئارالىق ئورتاق نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تېخىمۇ ئېنىق شەرھىيلەش، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك بۇرچى ۋە ياپونلارنىڭ يەر شارىۋى رول ئويناش ئارزۇسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىش ئىقتىدارىغا باغلىق. ياپونىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەت ئىچىدە ياپونىيەنىڭ دىپلوماتىك سىياسىتىغا قارىتا تالاش-تارتىش بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىلا ياپونىيەنىڭ خەلقئارالىق يۆلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ماياك. ياپونىيەنىڭ يۆلىنىشتىن ئادىشىپ قېلىشى ياكى قايتىدىن قوراللىنىش يولىغا

**مېڭىشى ياكى ئۆز ئالدىغا جۇڭگو بىلەن مۇرەسسەلىشى ئامېرىكىنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى رولىنىڭ گۇمران بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە ئامېرىكا-ياپونىيە-جۇڭگو نىڭ رايون ئىچىدە مۇقىم ئۈچ بۇرجەكلىك ئورۇنلاشتۇرىشىنىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقىرىدۇ. بۇ ھەم پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئامېرىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدىكى سىياسي تەڭپۇڭلۇق قۇرۇش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوققا چىقىرىدۇ.**

**قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۆلىنىشىدىن ئادىشىپ قالغان ياپونىيە دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالغان كىتتەك، ئىلاجىسىز ھالدا ھە تەرەپكە تىپچەكلەيدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. بۇ ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىنى بۇزۇپ، ئامېرىكا-ياپونىيە-جۇڭگو مۇقىم ۋەزىيىتىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان باشقىچە ئۇتۇقلۇق تاللاش تەمىن ئېتەلمەيدۇ. ئامېرىكا پەقەت ياپونىيە بىلەن بولغان ئىتتىپاقى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ رايونلۇق مۇددىئاسىغا ماسلىشالايدۇ ھەم چەكلىيەلەيدۇ. پەقەت موشۇ ئاساستا ئاندىن مۇرەككەپ ئۆز ئارا ماسلاشقان ئۈچ تەرەپلىك مۇناسىۋەت قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى كۈچلىرى، جۇڭگونىڭ رايون ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنى ۋە ياپونىيەنىڭ خەلقئارالىق رەھبەرلىك ئورنىغا چېتىلىدۇ.**

**يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ: يېقىن كەلگۈسىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ياپونىيەدىكى ھازىرقى سەۋىيەدىكى ھەربىي مەۋجۇتلىقىنى ئازايتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئوخشاش سەۋەبنى چىقىش قىلغاندا، ياپونىيەنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھالدا كېڭەيتىشتىكى ھەر قانداق تىرىشچانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسي دائىرىسى ۋە ئەمەلىي كۆلىمى ھەم مۇۋاپىق ئەمەستۇر. ئىستراتېگىيىلىك يۆلىنىشىدىن كىشىنى خەۋپسىزلەندۇرىدىغان ھالدا ئادىشىپ قالغاندا، ئامېرىكىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوشۇن چېكىندۇرۇشى ياپونىيەنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوراللىنىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە بېسىم قىلىپ تېخىمۇ چوڭ ھەربىي رولنى ئۈستىگە ئېلىشى پەقەتلا رايون مۇقىملىقىنىڭ كەلگۈسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە جۇڭگو بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ياپونىيەنىڭ تېخىمۇ ئىجابىي خەلقئارالىق بۇرچىنى ئۈستىگە ئالالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە بۇ سەۋەبلىك پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا تۇراقلىق جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرىۋېتىدۇ.**

**يەنە بىر لوگىكىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يەكۈن شۇكى، ياپونىيە ئەمدى ئاسىياغا ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنسە، ياپونىيەگە چوقۇم ئەھمىيەتلىك رىغبەتلەندۈرۈش ۋە مەلۇم ئالاھىدە ئورۇن بېرىدۇ، ياپونىيەنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. جۇڭگو**

ئالدى بىلەن رايونلۇق چوڭ دۆلەت، ئاندىن يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇش مۇددىئاسىدا بولسا بولىدۇ. ياپونىيە جۇڭگوغا ئوخشىمايدۇ، ياپونىيە رايونلۇق چوڭ دۆلەت بولۇش ئۈستىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئامالى ئارقىلىق يەر شارىۋى تەسىرگە ئىگە بولسا بولىدۇ. ئەمما ياپونىيە چوقۇم ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى بۇرچىدىكى ئالاھىدە شېرىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك،بۇ يەر شارىۋى بۇرچتا ياپونىيە سىياسي جەھەتتە قانائەتلىنىدۇ؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە پايدىغا ئېرىشىدۇ؛ بۇ مەقسەت ئۈچۈن ئامېرىكا ياپونىيە بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمى تۈزۈپ، ئامېرىكا-ياپونىيەنىڭ ئورتاق ئىقتىسادىي بوشلۇقىنى يارىتىشنى ئويلىشىشى كېرەك. بۇ قەدەم ئامېرىكا-ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى رەسمىي مۇقىملاشتۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى داۋاملىق مەۋجۇتلىقى ۋە ياپونىيەنىڭ يەر شارى ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشىغا جۇغراپىيىۋى سىياسي ئاساس تەمىن ئېتىدۇ.

خۇلاسە: ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەمكارلىق ۋە سىڭىپ كىرىشچانلىقتا ئىگە يەر شارىۋى ھەمكارلىق تۈزۈلمىسىنى قۇرۇشتا، ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى مۇھىم شېرىكى بولىشى كېرەك؛ جۇڭگونىڭ ھەل قىلغۇچ رايونلۇق ئورنىغا خىرىس قىلىشنى نىشان قىلغان ھەر قانداق رايون ئورۇنلاشتۇرۇشىدا، ياپونىيەنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئىتتىپاقدىشى بولۇپ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تايانماسلىق كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش كۈن تەرتىپىدىكى يەر شارىۋى شېرىكى بولۇش كېرەك، رايون ئىچىدە ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى لەڭگىرى بولۇپ، ياۋروئاسيا قۇرۇقلىقىدا كۈچلەر تەڭپۇڭلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە ياۋروئاسيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىدىكى جۇڭگو بىلەن ياۋروئاسيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىدىكى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقان ياۋروپانىڭ رولى ئوخشاش مۇھىمدۇر.

6-بابنىڭ ئىزاھاتلىرى:

1. جۇڭگونىڭ مىقدارلىق ئىقتىساد ۋە تەتقىقات ئورگىنى 1996-يىلى ئېلان قىلغان «21-ئەسىرگە قاراپ ماڭغان جۇڭگو ئىقتىسادى» ماۋزۇلۇق نىسبەتەن ئۈمىدۋار دوكلاتتا مۆلچەرلىشىچە، 2010-يىلى جۇڭگونىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 735 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، دۇنيا بانكىسى بېكىتكەن تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەردىن 30 ئامېرىكا دوللىرى ئەتراپىدا يۇقىرى بولىدىكەن..

-1994 .2يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى «ئاسيا ھەپتىلىكى» گە ئاساسلانغاندا، شەرقي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ جۇڭگولۇقلار شىركىتىنىڭ مال-مۈلكى 540 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىكەن. باشقا مۆلچەر سانلار تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، 1996-يىلى 12/11-ئايلىق «خەلقئارالىق ئىقتىساد» ژورنىلىنىڭ سانىدا دېيىلىشىچە، چەتئەللەردىكى 50 مىليون جۇڭگولۇقنىڭ يىللىق كىرىمى يۇقىرىدىكى سان بىلەن ئوخشاش ئىكەن، تەخمىنەن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن ئاساسەن باراۋەر بولغان. ئىگىلىنىشىچە، چەتئەللەردىكى جۇڭگولۇقلار ھىندونېزىيەنىڭ 90% ئىقتىسادىنى، تايلاندنىڭ 75% ئىقتىسادىنى، مالايسىيانىڭ 50%-60% ئىقتىسادىنى ھەمدە سىنگاپورنىڭ بارلىق ئىقتىسادىنى كونترول قىلغان. بەزىلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ھىندونېزىيەنىڭ ياپونىيەدە تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچىسى ھەتتا ئاشكارا ئاگاھلاندۇرۇپ:«جۇڭگو مەركىزى رايوندا ئىقتىسادىي ئاربىلىشىش قىلماقتا» دېدى، بۇ ئېھتىمال جۇڭگونىڭ مەركىزى رايوندىكى مەۋجۇتلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەتتا جۇڭگونىڭ قوللىشىدىكى «قورچاق ھاكىمىيەت» نى بارلىققا كەلتۈرۈش

مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ((Saydiman Suryohadiprojo ، «How to Deal With China and Taiwan» Asahi Shimbun [Tokyo]، September23، 1996).

.3 1997-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى رانگوندىكى ئېنگىلىزچە گېزىت «مىللەت گېزىتى (The Nation) «ئېلان قىلغان ئالاقىدار باش مىنىستىر چاۋالىت (Chavalit Yongchaiyudh) نىڭ بېيجىڭنى زىيارەت قىلغانلىقىغا ئالاقىدار خەۋىرى بۇ جەھەتتىكى ئالامەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ نىشانى جۇڭگو بىلەن مۇستەھكەم ئىستراتېگىيىلىك ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىش دېيىلدى. ئىگىلىنىشچە، تايلاند رەھبىرى «جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى رولىغا ئىگە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان: ھەمدە تايلاندنىڭ «جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ئارىسىدا كۆۋرۈك بولۇش» نى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. سىنگاپور جۇڭگو بىلەن ئېتىراپ قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ يىراق ماڭىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

.5 ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارشى ئاسىيا سىستېمىسى قۇرۇش مۇددىئاسىغا ئالاقىدار تەپسىلىي تەھلىلنى Wang Chunyin "Looking Ahead to Asia_pacific Security in the Early Twenty_first Century", Guoji Zhanwang (World Outlook), Februray1996دىن كۆرۈڭ.

جۇڭگونىڭ يەنە بىر ئوبزورچىسى مۇنازىرە قىلىپ ئامېرىكا، ياپونىيە بىخەتەرلىك ئورۇنلاشتۇرىشى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۈچىنى چەكلەشتىكى «مۇداپىئە قالقىنى» دىن جۇڭگوغا قارىتىلغان «ھۇجۇم نەيزىسى» گە ئۆزگەردى دېدى (Yang . Baijing:"Implications of Japan_US Security Declaration Outlined", xiandai Guoji Guanxi [Contemporary International Relations], June20, 1996).

1997-يىلى 1-ئاينىڭ 31-كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگان گېزىتى «خەلق گېزىتى» تېمىسى« ھەربىي ئىتتىپاقداشلىقنى كۈچەيتىش دەۋر ئېقىمىغا ماس كەلمەيدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدا ئامېرىكا، ياپونىيە ھەربىي ھەمكارلىق دائىرىسىنىڭ قايتا بەلگىلىنىشىنى «خەتەرلىك ھەرىكەت» دەپ ئەيىبلىگەن.

.6 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 25-كۈنى ياپونىيەنىڭ «ياپونىيە تەرمىلىرى (The Japan Digest) «خەۋەر قىلىشىچە، بىر قېتىملىق ھۆكۈمەت باش بولغان خەلق رايىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، پەقەت %36 ياپونلۇق جەنۇبىي كورىيەگە دوستانە ھېسسىياتتا ئىكەن.

.7مەسىلەن، باش ۋەزىر خىگۇچى كومىتېتى 1994-يىلى يازدا دوكلات ئېلان قىلىپ، «ياپونىيە بىخەتەرلىك سىياسىتىنىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، ئامېرىكا ياپونىيە بىخەتەرلىك ساقلاش مۇناسىۋىتىنىڭ ھەممىدىن مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى ھەمدە ئاسىيادا كۆپ تەرەپلىك بىخەتەرلىك سۆزلىشىشى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى؛ 1994-يىلدىكى ئوزاۋا كومىتېتى «يېڭى ياپونىيە خەرىتىسى» دوكلاتىنى بەردى؛ 1995-يىلى 5-ئايدا «يومىئۇرى ئاخباراتلىرى (Yomiuri Shimbun) «نىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەرلىك سىياسىتى» نىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا، چەتئەللەردىكى تىنچلىق ساقلاشلاردا ياپونىيەنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ 1996-يىلى 4-ئايدا ياپونىيەنىڭ شىركەت لىدىرلىرى كېڭىشى فۇجى بانكىسى تەپەككۇر ئامبىرىنىڭ ياردىمىدە يازغان دوكلاتتا، ئامېرىكا، ياپونىيە مۇداپىئە تۈزۈلمىسى تېخىمۇ باراۋەر ۋە تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ 1996-يىلى 6-ئايدا، ياپونىيە خەلقئارا ئىشلار مۇنبىرى باش ۋەزىرگە «ئاسىيا-تىنچ ئوكيان رايونى بىخەتەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ۋە رولى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى؛ يەنە ئۆتكەن نەچچە يىلدا نەشر قىلىنغان نۇرغۇن كىتابلار ۋە ماقالىلەردە ھەمىشە نۇرغۇن تالاش-تارتىشلار بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرى تېخىمۇ ئاشقۇن ئىدى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆپ قىسىم دوكلاتلارنى غەرب ئاخباراتلىرى كەڭ تۈردە نەقىل قىلدى. مەسىلەن، 1996-يىلى ياپونىيەلىك بىر گېنېرال تۈزگەن كىتابتا مەلۇم ئەھۋاللاردا، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەنى قوغداشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ياپونىيەنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئىقتىدارىنى كېڭەيتىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (General Yasuhiro Moniro ed، Next Generation Ground Self_Defense Forceھەمدە ئالاقىدار ئوبزور Sankei Shimbun «Myths of the US Coming to Our Aid»، March4، 1996

.8بەزى مۇتەئەسسىپ ياپونلۇقلار ياپونىيە ۋە تەيۋەننىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتى تەسەۋۋۇرىغا ئۈچراپ، 1996-يىلى «ياپونىيە تەيۋەن پارلامېنت ئەزالىرى كېڭىشى» نى قۇرۇپ، بۇ ئىككى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولدى. جۇڭگو ئويلىغاندەك دۈشمەنلەرچە ئىنكاس قايتۇردى.

.9 مەن 1996-يىلى جۇڭگو دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە مۇداپىئە جەھەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشكەندە، تۆۋەندىكىدىكى بىر قىسىملارنى سۆزلىشىش ئاساسىدىكى ئورتاق ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەت قىلدىم (بەزىدە مەقسەتلىك ھالدا مۈجمەل قاراشلارنى ئىشلەتتى) : (1) تىنچ شەرقىي جەنۇبىي ؛(2) يېقىن دېڭىز مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغاندا قورال ئىشلەتمەسلىك؛ (3) تىنچ بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو؛ (4) شىمالىي كورىيەنىڭ مۇقىملىقى؛ (5) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشى؛ (6) ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق؛ (7) ئىقتىسادتا ھاياتىي كۈچكە تولغان ۋە خەلقئارادا ياخشى نىيەتلىك ياپونىيە (8) مۇقىم ھەم ئانچە كۈچلۈك بولمىغان روسىيە.

10.كۇرت توڭ (Kurt Tong "Revolutionizing America's Japan Policy", Foreign Policy, Winter, 1996-1997) بۇ پىلاننى قايىل قىلارلىق بايان قىلغان ھەمدە بۇ پىلاننىڭ ئىقتىسادتىكى ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشچانلىقىنى كۆرسەتكەن.

## يەتتىنچى باب: خۇلاسە

ھازىر ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا مۇكەممەل، ئومۇميۈزلۈك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك جۇغراپىيىسى ئىستراتېگىيىسىنى بېكىتىدىغان ۋە يولغا قويىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، بۇ ئېھتىياج ئامېرىكا نۆۋەتتىكى بىردىنبىر يەرشارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ۋە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى پۈتكۈل يەر شارىنىڭ مەركىزىي سەھنىسى دېگەن ئىككى تۈپكى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىردىن پەيدا بولغان. شۇڭا، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى كۈچلىرى تەقسىملىنىشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئۆزگىرىشى يەر شارىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىغا ۋە ئامېرىكىنىڭ تارىخىي مىراسلىرىغا ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنى دائىرىسى ۋە ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا تەڭداشسىزدۇر. ئامېرىكا بىر خىل يېڭىچە زومىگەر، ئامېرىكا دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن: سىڭىپ كىرىشچان، كۆپ خىللاشقان ۋە جانلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئامېرىكا بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ زومىگەرلىك ئورنىغا ئېرىشتى، ئاساسلىق جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئېپادىسى بولغا ئامېرىكا ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان رولىنى جارى قىلدۇردى. ھازىرغا قەدەر، ئۆتمۈشتىكى بارلىق يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى تالاشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىن ئىدى، ئامېرىكا ھازىر ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كېسىم چىقارغۇچىسى. ياۋروئاسىيادىكى بارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئامېرىكىنىڭ قاتنىشىشى بولمىسا ياكى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت بولسا ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

ئامېرىكا ياۋروئاسىيا شاھمات تاختىسىدىكى مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك شاھماتچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بەزى ھەل قىلغۇچ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئوق مەركەز دۆلەتلىرى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنى ئۇزۇن مۇددەت ۋە مۇقىم ساقلاپ قالالىشىدا ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ياۋروپادا، ئەڭ مۇھىم شاھماتچى يەنىلا فرانسىيە ۋە گېرمانىيە. ئامېرىكىنىڭ مەركىزىي نىشانى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىدىكى ھازىر بار بولغان دېموكراتىيە قاراۋۇلخانىسىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش بولۇشى كېرەك. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ

يىراق شەرق رايونىدا، جۇڭگو بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا جۇڭگو بىلەن ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالمىسا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا سىياسىي مەۋقەسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كۆندىن كۈنگە كېڭىيىۋاتقان ياۋروپا بىلەن رايون ئىچىدە قەد كۆتۈرۈۋاتقان جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا يەنىلا بىر جۇغراپىيىۋى سىياسەت قاراڭغۇ ئۆڭكۈرى. روسىيەدىكى ئىمپېرىيىدىن كېيىنكى ئۆز ئۆزىنى بەلگىلىشنى چۆرىدىگەن كۈرەش ئايدىڭلىششتىن ئىلگىرى بۇ ئەھۋال ئۆزگەرمەيدۇ. روسىيەنىڭ جەنۇبىي رايونى، يەنى ياۋروئاسىيادىكى بالقان مىللىي توقۇنۇش ۋە چوڭ دۆلەتلەر رىقابىتى مەركەزلەشكەن سورۇن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مۇنداق ئەھۋالدا، بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ھەر قانداق بىر يەككە دۆلەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىغا خىرىس قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ھەربىي، ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت تۆت ئاساسلىق تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تۆت تەرەپ بىرىكسە ھەل قىلغۇچ يەر شارىۋى تەسىر كۈچ پەيدا قىلىدۇ، بۇ تۆت جەھەتتە ھەر قانداق بىر مىللىي دۆلەت ئامېرىكا بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. ئامېرىكا قەستەن ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ۋاز كەچسە، كەلگۈسىدە، پەقەت خەلقئارالىق ھۆكۈمەتسىز ھالەت ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى رەھبەرلىك ئورنىغا ئەمەلىي ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتە، پرېزىدېنت كلىنتون ئېيتقاندەك ئامېرىكا «ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغان» دۆلەت بولۇپ قالدى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مۇھىمى، ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ھېچكىم باسالمايدىغانلىقىدەك بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ ھۆكۈمەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدەك رېئاللىقنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تەكىتلەش كېرەك. مۇبادا ھازىرقى مىللىي دۆلەتلەرنى ئاساس قىلغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت رامكىسى ئۆزلىكىدىن گۇمران بولسا، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى، نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆچمەنلەر، كەسكىنلەشكەن شەھەرلىشىش، مىللەت ۋە دىنلارنىڭ دۈشمەنلىشىشى ھەمدە كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ كېڭىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەيران قىلغۇچ ئاقىۋەتنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئامېرىكىنىڭ ئىزچىل ۋە قاراتمىلىق ئارىلىششى بولمىسا، ئۆزۈن ئۆتمەيلا يەر شارىنى مالىمان قىلىدىغان كۈچلەر دۇنياغا ھۆكۈمران بولىدۇ. نۆۋەتتىكى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا بولسۇن ياكى دۇنيادا كۆرۈلگەن جۇغراپىيىلىك سىياسىي جىددىي ۋەزىيەت بولسۇن، ھەممىسىدە ھازىرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان رامكىدەك گۇمران بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار.

ئىنسانلار مەۋجۇتلىقى شەرتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يامانلىششى ئېھتىمال يۇقىرىدىكى يەر

شارى مۇقىملىقىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىدىغان ئامىللارنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ تاشلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ دۇنيادىكى نىسبەتەن نامرات دۆلەتلەردە، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشى ھەمدە ھەمدە ماس قەدەمدە يۈز بېرىدىغان نوپۇسنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتى پەيدا قىلىدىغىنى كۆپلىگەن نامرات بولۇپ بولۇپلا قالماي، مۇقىملىققا خەۋپ يەتكۈزىدىغان سان-ساناقسىز ئىشسىز ياشلار بولىدۇ. ئۇلار قاتتىق چۈشكۈنلەشمەكتە. زامانىۋىلاشقان ئالاقە ۋاستىلىرى ئۇلار بىلەن ئەنئەنىۋى نوپۇز ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈشنى كۈچەيتتى، بىرلا ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ باراۋەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى ۋە نارازى بولدى. شۇڭا ئۇلار ئۇچىغا چىققان ئىدىيەلەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئاسانلا ئۇچرايدۇ. بىر تەرەپتىن، بارغانسېرى زورىيىۋاتقان، سانى نەچچە ئون مىليوندىن ئاشقان يەر شارىۋى كۆچمەنلەر ھادىسىسى ۋاقىتلىق بىخەتەرلىك قاپقىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، كۆچمەنلەر ھادىسىسى ئىرق ۋە ئىجتىمائىي توقۇنۇشنىڭ يامرىشىنى قورالى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا، داۋالغۇپ تۇرۇش، جىددىي ۋەزىيەت ھەمدە پات-پات يۈز بېرىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئامېرىكىنىڭ يەر شارىنى ئىدارە قىلىش رولىنى داۋاملاشتۇرۇشقا زەربە بېرىشى مۇمكىن. ئامېرىكا زورمىگەرلىكى بەرپا قىلغان ئۇرۇش تەھدىتى بولمىغان مۇرەككەپ خەلقئارالىق يېڭى تەرتىپ ئېھتىمال دۇنيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرى بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن. بۇ رايونلاردا ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېموكراتىك ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈلمە ھەمدە ئامېرىكا يېتەكچىلىكىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى نازۇك كۆپ تەرەپلىك رامكا ئارقىلىق كۈچىيىدۇ.

شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىغا بولغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى ھەر خىل پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچى كۈچلەر بىلەن كۈچ سىنىشىشى كېرەك. ياۋروپادا، بەزى ئالامەتلەر بىر گەۋدىلىشىش ۋە كېڭىيىش يۈزلىنىشىنىڭ ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، ياۋروپا ئەنئەنىۋى مىللەتچىلىكى ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىدىن باش كۆتىرىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇۋاپىقىيەتلىك ياۋروپا دۆلىتىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئىشسىزلىق ھادىسىسى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆچمەنلەرنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئېھتىمال فرانسىيە ياكى گېرمانىيە سىياسىتىنى تۈيۈقسىز ئېغىر ئاشقۇنلۇق ۋە شوۋىنىزىمغا يۈزلەندۈرۈپ، ھەتتا ھەقىقىي ئىنقىلاب خارپىسىدىكى ۋەزىيەت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. پەقەت ياۋروپانىڭ بىرلىككە كېلىش ئارزۇسى ئامېرىكىنىڭ ئىلھاملاندۇرىشى، ھەتتا قوراللىنىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئۇچىنچى بابتا قەيت قىلىنغان ياۋروپانىڭ تارىخىي ۋاقىت جەدۋىلى ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

روسىيەنىڭ كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق بار. روسىيەدىكى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ غۇۋۋالاشتۇرىۋەتتى. شۇڭا ئامېرىكا بىر خىل جۇغراپىيىۋى سىياسەت

ۋەزىيىتى يارىتىپ، روسىيەنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ياۋروپا ھەمكارلىق مۇھىتىغا ئېلىپ كىرىشى زۆرۈر ھەمدە يېڭىدىن مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن روسىيەگە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. لېكىن، ئۇكرائىنا ياكى ئۆزبېكىستانغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ (ئىككى چوڭ مىللەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان قازاقىستاننى تىلغا ئالمايلى) مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىقتىدارى يەنىلا ئېنىق ئەمەس. ئەگەر ياۋروپادا يېڭى ئىچكى كرىزىس يۈز بەرسە، تۈركىيە ۋە ياۋروپانىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى يىراقلاشسا، ئامېرىكىنىڭ ئىران بىلەن دۈشمەنلىشىشى كۈندىن كۈنگە ئۆتكۈرلىشىش قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ دىققىتى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ ئېنىقسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر، كېيىن تەيۋەن مەسىلىسىدە كرىزىس يۈز بەرسە ياكى جۇڭگو ئىچكى سىياسىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆكتەم ھۆكۈمەتنى بارلىققا كەلتۈرسە ياكى نوقۇل ھالدا جۇڭگو ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو بىلەن يارىشىشتىكى يوشۇرۇن ئېھتىماللىقنى بۆشىكىدىلا تۇنجۇقتۇرىدۇ. ئۇ چاغدا، جۇڭگو ئەڭ مۇقىمسىز كۈچكە ئايلىنىپ، ئامېرىكا، ياپونىيەگە ناھايىتى چوڭ چەكلىمە پەيدا قىلىدۇ ياكى ياپونىيەنى جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى يۆلىنىشىدىن ئاغدۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ مۇقىملىقى چوقۇم تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەر يەنە ۋەزىيەتتىكى بۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ جەنۇبىي ئاسىيانىڭ مۇقىملىقىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ھىندىستاننىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئىچكى ئۈزۈشۈش كۈچىگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ.

بۇ تەھلىللەر كىشىلەرگە ئەگەر ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يەر شارىۋى كۈچنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي قۇرۇلمىسى يىمىرىلىشكە باشلىسا، ئۇنداقتا مەيلى مىللىي دۆلەت دائىرىسىدىن ھالقىغان يېڭى تىپتىكى يەر شارىۋى مەسىلە بولسۇن، ياكى كىشىلەر دىققەت قىلىدىغان تېخىمۇ ئەنئەنىۋى بولغان جۇغراپىيىۋى سىياسىي مەسىلە بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ياكى چەكلىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ياۋروپا ۋە ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا ھەر خىل ئاگاھلاندۇرۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ئەھۋالدا، ئامېرىكىنىڭ سىياستى ئۇتۇق قازانماقچى بولىدىكەن، چوقۇم دىققىتىنى پۈتكۈل ياۋروئاسىياغا مەركەزلەشتۈرۈشى ھەمدە جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە پىرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىشى كېرەك .

## ياۋروئاسىيا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى

ئېھتىياجلىق سىياسەتنىڭ چىقىش نۇقتىسىنى بېكىتكەندە، نۆۋەتتە بەلگىلەنگەن دۇنياۋى

**ئىشلاردىكى جۇغراپىيىۋى سىياسىي ئەھۋاللاردىكى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۈچ شەرتكە نىسبەتەن ئېنىق توقۇنۇش بولۇشى كېرەك: تارىختىن بۇيان بىرىنچى قېتىم (1) پەقەت بىرلا دۆلەت ھەقىقىي يەرشارىۋى دۆلەت؛ (2) ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا بولمىغان دۆلەت دۇنيادىكى ئورنى بىردىنبىر گەۋدىلىك بولغان دۆلەت؛ (3) ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت دۇنيانىڭ بۇ مەركىزىي سەھنىسىگە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىغا تەۋە بولمىغان دۆلەت يېتەكچىلىك قىلىدۇ .**

**ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك، مۇكەممەل ياۋروئاسىيا جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئاساسى چوقۇم ئامېرىكىنىڭ ئۇنۇملۇك ئەمەلىي كۈچىنىڭ چەكلىكلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كەڭرىلىكى ۋە كۆپ خىللىقى ھەمدە بۇ قۇرۇقلۇقتىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەمەلىي كۈچى، ئامېرىكا تەسىر كۈچىنىڭ چوڭقۇرلىقى ھەمدە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى كونترول قىلىش دەرىجىسىنى چەكلەپ قويىدى. بۇ شەرت جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا ھەمدە نىشانلىق ھالدا ياۋروئاسىيا چوڭ شاھمات تاختىسىدا ئامېرىكا بايلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكىنىڭ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەمەلىي كۈچى چوقۇم ئاجىزلايدۇ، شۇڭا نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ئامېرىكىنىڭ يەر شارىدىكى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىغا تەھدىت يەتمىگەن شەكىلدە باشقا رايونلاردىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈش مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك .**

**شاھمات ئويۇنىغا ئوخشاش، ئامېرىكىنىڭ يەر شارى تاكتىكچىلىرى كېيىنكى نەچچە قەدەمنى ئالدىن مۆلچەرلىشى ھەمدە رەقىبى قوللىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان قايتۇرما ھۇجۇمنى ئالدىن پەرەز قىلىپ بولىشى كېرەك. شۇڭا، ئىزچىل يولغا قويىلىدىغان جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيە قىسقا مەزگىللىك (كېيىنكى 5ـ6 يىل)، ئوتتۇرا مەزگىللىك (كېيىنكى 20 يىل ئەتراپىدا) ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك (20 يىلدىن كۆپ) كەلگۈسىنى پەرەز قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ باسقۇچلارنى ئۆز ئارا پۈتۈنلەي ئايرىلغان دەپ قارىماسلىق، بەلكى ئۇلارنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى دەپ قاراش كېرەك. بىرىنچى باسقۇچتىن پەيدىنپەي، باشتىن-ئاخىر ئېغىشمىغان ۋە نىشان ئېنىق ھالدا ئىككىنچى باسقۇچقا كىرىش، ئاندىن ئىككىنچى باسقۇچ ئارقىلىق ئۈچىنچى باسقۇچقا كىرىش كېرەك .**

**قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ خەرىتىسىدە جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆپ خىللىقىنى مەڭگۈلۈك ساقلاش ۋە كۈچەيتىش ئامېرىكا مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورنىغا**

خىرىس قىلالايدىغان دۈشمەنلەشكۈچى ئىتتىپاقنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەر قانداق بىر ئالاھىدە بەلگىلەنگەن دۆلەتنىڭ ئامېرىكىغا خىرىس قىلىشىدىكى ئاجىز ئېھتىماللىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئوتتۇرا باسقۇچتا، يۇقىرىقى ئويلىنىش بارا-بارا بىر قانچە ئورنى كۆنسېرى مۇھىملىشىۋاتقان، ئىستراتىگىيەدە ئۆز ئارا ماسلاشقان دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئورۇن بېرىدۇ. بۇ دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىكى تۈرتكىسىدە ئېھتىمال تېخىمۇ ھەمكارلاشقان ياۋرۇئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى قۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشى مۇمكىن. تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللار ئەڭ ئاخىرىدا سىياسي مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۈستىگە ئالغان ھەقىقي بىر يەر شارى يادروسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن .

نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ھەر قانداق دۆلەت ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئامېرىكىنى ياۋرۇئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈدەك، ياكى ئامېرىكىنىڭ ھەل قىلغۇچ كېسىم چىقارغۇچىلىق رولىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر. بىراق، قىتئە ھالقىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلىۋالماسلىق كېرەك. بۇ پەقەت ياۋرۇئاسىيادىكى مۇھىم رايونلاردا ھەقىقي ئىستراتىگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋىتى قۇرۇشتىكى ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى خالاس. دېموكراتىك ئامېرىكا ھەربىي كۈچنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، ياۋرۇئاسىيا ئىشلىرىدىكى مۇشكۈلاتلارنى، ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان ۋە يۇقىرى بەدەل تۆلەيدىغان ۋەزىپىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق، ھەر قانداق بىر چوڭ دۆلەتنىڭ ياۋرۇئاسىياغا يېتەكچىلىك قىلىشنى توسۇپ قېلىشقا مەڭگۈلۈك ئارىلىششنى خالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەيلى لوگىكا جەھەتتىن ياكى مۇددىئا جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىرىنچى باسقۇچ چوقۇم ئىككىنچى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، ئامېرىكا زومىگەرلىكىنىڭ مەۋجۇتلىقى يەنىلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ خىرىس قىلىشنى توساپ قالالايدۇ. توساش ئۇسۇلى ئامېرىكىغا خىرىس قىلىش بەدىلىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا زومىگەرلىكى ياۋرۇئاسىيادىكى يوشۇرۇن يۇكسەك ئىرادىلىك چوڭ دۆلەتلەرنىڭ تۈپكى مەنپەئەتىگە تەھدىت سالمايدۇ .

ئوتتۇرا مەزگىللىك نىشاننىڭ كونكرېت تەلىپى ھەقىقي شېرىكلىك مۇناسىۋەت پەرۋىش قىلىشتۇر. ئاساسلىقى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان ۋە سىياسي رولى بېكىتىلگەن ياۋروپا ۋە رايونلۇق كۈچلۈك دۆلەت جۇڭگو، ئىمپېرىيىدىن كېيىن ياۋروپاغا تېخىمۇ يۈزلەنگەن روسىيە ھەمدە ياۋرۇئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى رايون مۇقىملىقىنى ساقلاش رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان دېموكراتىك ھىندىستان بىلەن شېرىكلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش كېرەك. بىراق، ياۋروپا ۋە جۇڭگو بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا تېخىمۇ كەڭ ئىستراتىگىيىلىك

مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت بۇ تىرىشچانلىقنىڭ غەلبە قىلىش قىلالماسلىقى روسىيەنىڭ كېيىنكى رولىنى بەلگىلەيدۇ. روسىيەنىڭ رولى ئېھتىمال ئاكتىپ بولىشى مۇمكىن، پاسسىپ بولىشىمۇ مۇمكىن .

كېڭەيگەن ياۋروپا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئامېرىكا سىياستىنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ناھايىتى پايدىلىق. كېڭەيگەن ياۋروپا ئوتتۇرا ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنى قوبۇل قىلىش، ياۋروپا كومىتېتىدا ئامېرىكىغا مايىل ئەزا دۆلەتلەرنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بىرلا ۋاقىتتا سىياسىي جەھەتتە زىيادە بىر گەۋدىلەشكەن ياۋروپا قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇنداق ياۋروپانىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا رايونلاردىكى مۇھىم جۇغراپىيىۋى سىياسىي مەسىلىلەردە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىدە ئامېرىكىغا خىرىس قىلىشى مۇمكىن. سىياسىي جەھەتتە چېگرىسى بېكىتىلگەن ياۋروپا پەيدىنپەي روسىيەنى يەر شارىۋى ھەمكارلىق سىستېمىسىغا ئېلىپ كىرىش پەۋقۇلئاده مۇھىم .

ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئامېرىكا پەقەت ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان ياۋروپا قۇرۇشقا ئامالسىز. ياۋروپالىقلارغا، بولۇپمۇ فرانسىيەلىكلەر ۋە گېرمانلارغا تايانسا ئاندىن تاماملىيالايدۇ. ئەمما ئامېرىكا تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان ياۋروپانىڭ بارلىققا كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلسا بولىدۇ، لېكىن بۇ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىنىڭ مۇقىملىقى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاپەت خاراكتېرلىك ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. دەرۋەقە، ياۋروپا ئەگەر تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشمىسا، ئېھتىمال تېخىمۇ پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئامېرىكا چوقۇم فرانسىيە، گېرمانىيە بىلەن قويۇق ھەمكارلىشىپ، سىياسىي ھاياتىي كۈچكە تولغان، داۋاملىق ئامېرىكا بىلەن باغلىنىپ تۇرغان، ھەمكارلىقنى كېڭەيتكەن خەلقئارالىق دېموكراتىيە سىستېمىسى دائىرىسىدىكى ياۋروپا قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. مەسىلە فرانسىيە ياكى گېرمانىيە ئارىسىدا تاللاش ئېلىپ بېرىش ئەمەس. مەيلى فرانسىيە ياكى گېرمانىيە ئىككىسىدىن بىرى بولمىسا ياۋروپا بولمايدۇ. ياۋروپا بولمىسا، ياۋروئاسىيانى ھالقىغان سىستېما بولمايدۇ .

كونكرېت مەسىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقىرىقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ش ئا ئە ت نىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇش ئويىغا كۆڭۈل بۆلىشى كېرەك. فرانسىيەنىڭ ياۋروپا، ئافرىقا يەنە ئوتتۇرا شەرقتە قارى قىلدۇرۇۋاتقان رولىنى كۆپ ئويلىشى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى يەر شارىۋى رولى بار دەپ قاراش قارىماسلىقتىن قەتئىينەزەر، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى داۋاملىق قوللىشى كېرەك. ① ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بەزى ھەيۋىسى بار رەھبەلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئاتلانتىك ئوكيانى ھالقىغان ئەركىن سودا كېلىشىمى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشقان ياۋروپا

بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان سودا رىقابىتىنىڭ خەتىرىنى پەسەيتىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەگەر نەچچە ئەسىرلىك مىللەتچىلىك دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى يەر شارىۋى بۆزغۇنچىلىق خاراكتېردىكى ھۆكۈمرانلىقتا قوشۇپ دەپنە قىلىۋېتەلىسە، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدا كېسىم چىقارغۇچىلىق رولىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە پەندىنېپەي ئاجىزلىشىشى ئەرزىيدۇ .

ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كېڭىيىشى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بارغانسېرى چېكىنىۋاتقان ئۇلۇغ بۇرچ تۇيغۇسىنى قايتىدىن تىكلەشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوغاق ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىك ئاخىرلىشىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن دېموكراتىيە غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتا ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا پايدىلىقتۇر. بۇ تىرىشچانلىقنىڭ تەسىرىگە ئوڭ چوڭ ئۇچرايدىغىنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. يېڭى بىر ياۋروپا شەكىللىنىش باسقۇچىدا. ئەگەر يېڭى ياۋروپا جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە يەنىلا «ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان» دائىرىسىنىڭ بىر قىسمى بولسا، ئۇنداقتا ش ئا ئە ت نىڭ كېڭىيىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. كىشىلەر ۋەدە بەرگەن تەغدىردىمۇ، ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ياۋروپانى كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرىنى دەسلەپتىلا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئوتتۇرا ياۋروپالىقلارنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، ھەتتا روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ياۋروپادىكى نۆۋەتتە ۋاقتىنچە يىغىشتۇرۇۋالغان ياكى ئارانلا قالغان جۇغراپىيىۋى سىياستى ئەسلىگە كېلىۋالىدۇ .

دەرۋەقە، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى ش ئا ئە ت نى كېڭەيتىش تىرىشچانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولىشى روسىيەنى تېخىمۇ چوڭ قارا نىيەتكە كەلتۈرىدۇ. روسىيەنىڭ سەرخىللىرىدا ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ كۈچلۈك ۋە سجىل بولغان سىياسي، ھەربي مەۋجۇتلىقىنى قوللاشقا ئائىت ئالامەتلەر تېخىچە يوق. تارىخي مەلۇماتلار بۇنىڭ دەل ئەكسىچە. شۇڭا، گەرچە روسىيە بىلەن قويۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئۇتتۇقلۇق بولمىسىمۇ، ئامېرىكىنىڭ روسىيەنى ئالدى بىلەن ئويلىشىشنى ئېنىق شەرھىيلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر تېخىمۇ كەڭرى ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان سىستېمىسى روسىيەگە قارىتا ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئوتتۇرىسىدا تاللاش بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ياۋروپا-ئاتلانتىك ئوكيان سىستېمىسى ئامېرىكا ئۈچۈن شەكسىزكى تېخىمۇ مۇھىم .

موشۇ سەۋەبنى نەزەردە تۇتقاندا، ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىش مەسىلىسىدە روسىيە بىلەن ھەر قانداق مۇرەسسەلىشىش روسىيەنىڭ ش ئا ئە ت ئىشلىرىدا كېسىم چىقارغۇچى ئەزا بولۇپ قېلىشتەك ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولغاندا، ش ئا ئە ت نىڭ ياۋروپا-ئاتلانتىك ئالاھىدىلىكىنى سۇسلاشتۇرىۋېتىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا يېڭى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقراغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ روسىيەگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپ، روسىيە ئوتتۇرا ياۋروپادىكى تەسىر كۈچ دائىرىسىگە قايتىدىن ئېرىششكە

تىرىشپلا قالماي، يەنە ش ئا ئە ت دىكى مەۋجۇتلۇقىدىن، ئامېرىكا-ياۋروپا ئىختىلاپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا ئىشلىرىدىكى رولىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ .
ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى، ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ش ئا ئە ت گە كىرىشكە ئەگىشىپ، روسىيەگە قارىتا بېرىلگەن مەزكۇر رايوندىكى ھەر قانداق يېڭى بىخەتەرلىك كاپالىتى ھەقىقىي باباراۋەر بولىشى كېرەك. يېڭى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىدا ش ئا ئە ت نىڭ قوشۇنلىرى ۋە يادرو قورالىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چەكلىمىسى روسىيەنىڭ ھەققانىي كۆڭۈل بۆلىشىنى ئازايتىدىغان مۇھىم ئامىل، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ماس ھالدا، روسىيە كالىنىنگرادتىن ئىبارەت يوشۇرۇن ئىستراتىگىيىلىك تەھدىتى گەۋدىلىك بولغان رايوننى ھەربىيسىزلەشتۇرۇشكە كاپالەت بېرىشى، بىرلا ۋاقىتتا روسىيە يەنە ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا يېڭى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىغا كۆپلەپ قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇشنى چەكلىشى كېرەك. گەرچە روسىيەنىڭ يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان غەربتىكى بارلىق قوشنىلىرى روسىيە بىلەن مۇقىم ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالدىرىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، چۈشىنىشكە بولىدىغان تارىخىي سەۋەبنى چىقىش قىلغاندا، ئۇلار روسىيەدىن يەنىلا تەشۋىشلىنىدۇ. شۇڭا، ش ئا ئە ت ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىشنى بارلىق ياۋروپا دۆلەتلىرى قارشى ئالىدۇ ھەمدە بۇنى روسىيە ئەڭ ئاخىرىدا ئىمپېرىيەدىن كېيىن ياۋروپاغا يۈزلىنىش تاللىشى دەپ قارايدۇ .

مۇنداق تاللاش روسىيەنىڭ ئورنى ۋە ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە پايدىلىق. روسىيەنى يەتتە دۆلەت گۇرۇھىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش، ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ قارار چىقىرىش ئورگىنىنىڭ (روسىيە، ئامېرىكا ۋە بىر قانچە مۇھىم دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئالاھىدە بىخەتەرلىك كومىتېتى قۇرۇشقا بولىدۇ) دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش روسىيەنىڭ ئاكتىپ ھالدا ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك قۇرۇلىشىغا قاتنىششقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل غەربنىڭ روسىيەگە مالىيە ياردىمى بېرىشى، روسىيە ۋە ياۋروپانى تېخىمۇ يېقىن قىلىدىغان يېڭى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ۋە تۆمۈر يول تورى لاھىيىسىنىڭ تۈزىلىشى روسىيە قوللايدىغان ياۋروپانى تاللىشىدىكى ماھىيەتلىك مەزمۇن ئاتا قىلىش مۇساپىسىنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىدۇ .
روسىيەنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك رولى ئاساسىي جەھەتتىن روسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە تارىخىي تاللىشىغا باغلىق. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، روسىيە يەنىلا ئېھتىمال تاللاش باسقۇچىدا بولىشى مۇمكىن. ياۋروپا ۋە جۇڭگو ئۆزلىرىنىڭ رايونلۇق تەسىرىنى كېڭەيتكەن تەغدىردىمۇ، روسىيە يەنىلا دۇنيادىكى

**كەڭ زېمىننىڭ خوجايىنى، زېمىنى ئون ۋاقىت رايونىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، يەر مەيدانى ئامېرىكا ۋە جۇڭگودىن بىر ھەسسە چوڭ، كېڭەيگەن ياۋروپانىمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، روسىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاچقۇچلۇق مەسىلە زېمىندىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس. زور تېررىتورىيىسى بار روسىيە: ياۋروپا ۋە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا قەدىمىنىڭ تېخىمۇ تېز ئىكەنلىكىدەك رېئاللىقتا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا ھەمدە توغرا چۈشەنمىسە بولمايدۇ .**

**مۇنداق ئەھۋالدا، روسىيەنىڭ سىياسىي سەرخىللىرى روسىيەنىڭ بىرىنچى نىشانى ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى يەر شارىۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىغا قايتىدىن ئېرىشىش ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارە بولماسلىقنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك. روسىيەنىڭ كەڭرى زېمىنى ۋە كۆپ خىللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەركىن بازار ئاساسىدا قۇرۇلغان، ھوقۇق تارقاقلاشقان سىياسىي تۈزۈلمە ئېھتىمال روسىيە خەلقى ۋە روسىيەنىڭ مول تەبىئىي بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرىشىغا پايدىلىق بولىشى مۇمكىن. ھوقۇق تارقاقلاشقان روسىيەنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىقى ئۇنچە ئاسان ئەمەس .**

**ياۋروپا روسىيىسى، سىبىرىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتىدىن تەشكىل تاپقان تارقاق فېدراتسىيە تۈزۈمىدىكى روسىيە ياۋروپا، يېڭى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە شەرق بەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئاسان ئورنىتالايدۇ ھەمدە روسىيەنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. فېدراتسىيەنى تەشكىل قىلغان ئۈچ ئەمەلىي گەۋدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. مۇنداق يوشۇرۇن كۈچ قانچە ئەسىردىن بۇيان موسكۋانىڭ قاتتىق بيۇكرات ھۆكۈمرانلىقى تەرىپىدىن ئوجۇقتۇرۇلۇپ كەلدى .**

**ئەگەر ئامېرىكا ئۇتۇقلۇق ھالدا روسىيەگە قارىتىلغان ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئىككىنچى زۇرۇر ھالقىسىنى يۈرگۈزسە، روسىيە جاھانگىر بولۇش يولىنى تاللىماي، ياۋروپانى قوللايدىغان يولنى تاللىشى مۇمكىن. ئىككىنچى ھالقا دېگىنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن كېيىنكى بوشلۇقتا، جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىشىش يۈزلىنىشىنى كۈچەيتىشتۇر. مۇنداق يۈزلىنىشنى كۈچەيتىش جاھانگىرلىق قارا نىيىتىنى تىزگىنلەشكە ياردىمى بولىدۇ. ئىمپېرىيەدىن كېيىنكى ياۋروپاغا مايىل روسىيە ئامېرىكىنىڭ يۈقىرىقى نىشان ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى رايوننىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەشكە ۋە روسىيەنىڭ مۇقىمسىز جەنۇبىي چېگرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى ئازايتىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. ئەمما، جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۈچەيتىش سىياسىتى روسىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت**

ئورنىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلماسلىقى كېرەك. روسىيە بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇالمىغان ئەھۋالدا، بۇ سىياسەت مۇھىم كاپالەتنامىدۇر، چۈنكى بۇ سىياسەت ھەر قانداق تەھدىت خاراكتېرىگە ئىگە روسىيە ئىمپېرىيىسى سىياستىنىڭ قايتىدىن پەيدا بولىشىنى توسۇش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن .

شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىيسى ۋە ئىقتىسادىنى قوللاش ياۋروئاسىيا ئىستراتىگىيىسىنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى. بۇ سىياسەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى: ئۇكرائىنانىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئورنىنىڭ كۈچلىنىشى، بىرلا ۋاقىتتا ئۇكرائىنا ئۆكخزىنى قايتىدىن ئوتتۇرا ياۋروپا دۆلتى قىلىپ بېكىتىشى ھەمدە ئوتتۇرا ياۋروپا بىلەن يېقىنلىشىشنى كۈزلىشى كېرەك. ئوخشاشلا مۇھىم بولغىنى، ئەزەربەيجان ۋە ئۆزبېكىستاندەك ئىستراتىگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان دۆلەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەمدە تېخىمۇ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرستىش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى روسىيەنىڭ توسقۇنلىقىغا قارىماي دۇنياغا ئېچىۋېتىش كېرەك .

كۈنسېرى ئېچىلىۋاتقان كاسپى دېڭىزى ـ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ كۆلەمدە خەلقئارالىق مەبلەغ سېلىش بۇ رايوندىكى يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يىراقنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىمپېرىيىدىن كېيىنكى دېموكراتىك روسىيەگىمۇ پايدىلىق. مەزكۇر رايوننىڭ ئېنېرگىيە ۋە بايلىقىنى ئېچىش بۇ رايوننى گۈللەندۈرۈپلا قالماي، مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ، بىرلا ۋاقىتتا ئېھتىمال بالقانچە توقۇنۇش يۈز بېرىشنىڭ خەتىرىنى ئازايتىشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئىسيا چەتئەل مەبلىغىنىڭ ياردىمىدە تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، روسىيەنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان ئوبلاستلىرى بۇنىڭدىن پايدىغا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، مۇبادا بۇ رايوننىڭ يېڭى رەھبەرلىك سەرخىللىرى روسىيەنىڭ بۇ رايونغا يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ كىرىشىگە سۈكۈت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتسە، ئۇلار روسىيە بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاقىۋىتىگە بولغان ئەندىشىسى ئازلايدۇ. جاھانگىرلىكتىن قول ئۈزگەن روسىيە ۋاقتى كەلگەندە مەزكۇر رايوندىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي شېرىك سۈپىتى بىلەن، گەرچە روسىيە ئەمدى بۇ رايوندىكى ئىمپراتور بولمىسىمۇ، ھەر قايسى دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن .

جەنۇبىي كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ مۇقىملىقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئامېرىكا چوقۇم تۈركىيەدىن يىراقلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى ھەمدە ئىران بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىزدىنىپ كۆرىشى كېرەك. ئەگەر ياۋروپا كىرىشنى ئىزچىل كۆزلەۋاتقان تۈركىيە ئۆزىنىڭ ياۋروپادا چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، تۈركىيە تېخىمۇ ئىسلاملىشىدۇ، غەزەپلەنگەنلىكىدىن ھەتتا ش ئا ئە ت نىڭ

كېڭىيىشىگە رەت قىلىش بىلىنى تاشلىشى مۇمكىن، دىندىن خالىي ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تېخىمۇ مۇقىملىششى ھەمدە دۇنياغا قوشۇلىشى جەھەتتە غەرب بىلەن ھەمكارلىششى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس .
شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەت تۈركىيەنىڭ ئىچكى سىياسىي زور دەرىجىدە ئىسلاملاشمىسىلا، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ياۋروپادىكى تەسرى ئارقىلىق تۈركىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە تۈركىيەگە ياۋروپا دۆلىتى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. تۈركىيەنىڭ ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك شېرىكى ئىكەنلىكىدەك ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئەنقەرە بىلەن كاسپى دېڭىزى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە قەرەللىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا يەنە تۈركىيەنىڭ ئەزەربەيجاننىڭ باكۇدىن تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز شەھىرى سايخانغىچە بولغان نېفىت تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك، بۇ تۇرۇبا يولى كاسپى دېڭىزى ئويمانلىقىنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئاساسلىق ئېكسپورت قىلىش بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .
ئامېرىكىنىڭ يەنە ئىران بىلەن دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇنغا سوزۇشى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەڭ ئاخىرىدا ھەر قانداق يارىشىش، نۆۋەتتە ئىران دۇچ كەلگەن پارتلاش مۇمكىنچىلىكى بولغان رايونلۇق مۇھىتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتى دېگەن تونۇش ئاساسىدا قۇرۇلىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق يارىشىش چوقۇم ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولىشى، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە بەرگەن ئىلتىپاتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. قۇدرەتلىك، ھەتتا ئىش-ھەرىكەتلىرى دىنىنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچرىسىمۇ، قارىغۇلارچە غەربكە قارشى چىقمايدىغان ئىران ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ سىياسىي سەرخىللىرىمۇ بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئامېرىكا تۈركىيەنىڭ ئىران بىلەن يېقىنلىششىغا، بولۇپمۇ نېفىت تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇش جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا داۋاملىق قارشى تۇرماسلىقى، ئىران، ئەزەربەيجان ۋە تۈركمەنىستانلارنىڭ باشقا مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا قارشى تۇرماسلىقى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ بۇ تۈرلەرگە ئۇزۇن مۇددەت مەبلەغ تەمىنلىشى ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ② .
گەرچە ھىندىستان نۆۋەتتە ياۋروئاسىيا سەھنىسىدىكى نىسپىي پاسسىپ رولچى بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستانىنىڭ يوشۇرۇن رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھىندىستان جۇغراپىيىۋى سىياسەتتە جۇڭگو-پاكىستان ئىتتىپاقىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئاجىز روسىيە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بەرگەن ياردەمنى بېرەلمەيدۇ. ئەمما، ھىندىستان دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ

مەۋجۇتلىقى مۇھىمدۇر. چۈنكى بۇ تۈزۈم كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ تالاش-تارتىشىغا قارىغاندا، كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە غەربنىڭ يەرلىك ھادىسىسى دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك رەددىيە بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ مەغلۇبىيىتى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا بولغان زەربە بولۇپ، ئاسىيا سەھنىسىدىن كۆچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى كۆچەيتىدىغان چوڭ دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ جۇغراپىيىلىك سىياسىي ئورنى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ چىققاندا، ھىندىستاننىڭ مەغلۇبىيىتى چوڭ بىر يوقىتىش دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ھىندىستاننى پەندىنپەي رايون مۇقىملىقىغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى مەسىلىسىگە ئالاقىدار سۆھبەتلەرگە ئىچكىرىلەپ قاتناشتۇرۇش مۇۋاپىقتۇر. ئەلۋەتتە، يەنە ئامېرىكا-ھىندىستان ھەربىي جەھەتتىكى ئىككى تەرەپلىك بىۋاستە مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك .

ئامېرىكا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيىلىك چۈشىنىش چوڭقۇرلاشمىسا، پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ جۇغراپىيىۋى سىياسەتتىكى كۆپ خىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ ھەم مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئامېرىكا بىلەن يارىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بولغان قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى زۆرۈر بولغان بىرىنچى قەدەم بولسا، جۇڭگو قاتناشقان ئەستايىدىل ئىستراتېگىيىلىك سۆزلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگونى ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ تەرەپ تىرىشچانلىقىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. مۇنداق يارىشىش ئامېرىكا ۋە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم ئورتاق جۇغراپىيىلىك سىياسىي مەنپەئەتنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ (بولۇپمۇ شەرقىي شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا). ئامېرىكا يەنە ئۆزىنىڭ بىر جۇڭگو سىياسىتىدىكى ھەر قانداق تەۋرىنىشنى يوقىتىشى كېرەك، تەيۋەن مەسىلىسىلا ئەمەس، بولۇپمۇ جۇڭگو شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يامانلىشىش كۆرۈلۈشى مۇمكىن. جۇڭگو ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن، شياڭگاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ كۆپ خىللاشقان ئىچكى سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى سىغدۇرالايدىغانلىقىنى ۋە كاپالەتلىك قىلالايدىغانلىقىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئىسپاتلىشىشى مۇمكىن .

تۆتىنچى باب ۋە ئالتىنچى بابتا دېيىلگەندە، جۇڭگو، روسىيە ۋە ئىران قۇرماقچى بولغان ئامېرىكىغا قارشى ئىتتىپاق مەلۇم ۋاقىتلىق، تاكتىكىلىق ھالەتتىن ھالقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئامېرىكا يەنىلا جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بېيجىڭنى بۇ يۆلىنىشكە ئىتتىرمەسلىكى كېرەك. «ئامېرىكىغا قارشى» ھەر قانداق ئىتتىپاقتا، جۇڭگو ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. جۇڭگو ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەزا بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ.

مۇنداق ئىتتىپاق نارازىلىق قاپلىغان، ئۇمىدسىزلەنگەن ۋە دۈشمەنلىشىدىغان جۇڭگونى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. روسىيە ۋە ئىراننىڭ بۇ ئىتتىپاققا جەلپ قىلىش كۈچى بار يادرو بولالىغۇدەك مالىيە كۈچى يوق .
شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا ۋە جۇڭگونىڭ بەزى ساھەلەردە ئىستراتېگىيىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى زۆرۈردۇر. ئىككىلا دۆلەت بۇ ساھەلەردە باشقا زومىگەرلىك نىيىتى بار چوڭ دۆلەتلەرنىڭ يېتەكچى بولۇشىنى خالىمايدۇ. ئىلگىرلەشكە ئېرىشىش ئۈچۈن، سۆھبەت چوقۇم ئۈزلۈكسىز ۋە ئەستايىدىل بولۇشى كېرەك. ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تەيۋەن مەسىلىسىگە ئالاقىدار، ھەتتا ئىنسانىي ھوقۇق قاتارلىق تېخىمۇ تالاش-تارتىش قوزغايدىغان مەسىلىلەردە مۇھاكىمە قىلىشنىڭ تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچى بار. جۇڭگونىڭ ئىچكى ئەركىنلىششى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەس. چۈنكى پەقەت دېموكراتىيىلىشىش يۆلىنىشىگە قاراپ ئىلگىرلىگەن ۋە گۈللەنگەن جۇڭگولا تەيۋەننى تىنچ بىرلىككە كېلىشنى قوبۇل قىلىشقا جەلپ قىلالىشى مۇمكىن. ھەر قانداق زورلۇق ۋاستىسى بىلەن بىرلىككە كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش غەربىي جۇڭگو-ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي، مۇقەررەر ھالدا جۇڭگونىڭ چەتئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىدۇ. جۇڭگونىڭ رايونلۇق ھەممىدىن مۇھىم ئورنى ۋە يەر شارىۋى ئورۇنغا ئېرىشىش مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ .
گەرچە جۇڭگو پەندىنپەي رايونلۇق يېتەكچى چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما (ئالتىنچى بابتا دېيىلگەن سەۋەبلىك) جۇڭگو ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە يەر شارىۋى دۆلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونىڭ يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇشىغا بولغان ۋەھىمىسى جۇڭگونى مەغرۇرلاندۇرۇپ، ئامېرىكا-جۇڭگو تېخىمۇ دۈشمەنلىشىدۇ دېگەن مۆلچەرلىرىنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونى ھەم چەكلىمەسلىك ھەم يۆلىمەسلىك كېرەك. جۇڭگو دۇنيادىكى ئەڭ، ھېچ بولمىغاندا ھازىرغا قەدەر خېلى ئۇتۇق قازانغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆرمەتكە نائىل بولۇشى كېرەك. جۇڭگو يىراق شەرقتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا تېخىمۇ چوڭ جۇغراپىيىۋى سىياسىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. شۇڭا ئاقىلانە ئۇسۇل جۇڭگونى دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان 7 دۆلەت باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتۇرۇش كېرەك. روسىيەنىڭ قاتنىششى دىققەت نۇقتىسىنى ئىقتىسادتىن سىياسىيغا كېڭەيتكەنلىكتىن، جۇڭگونى تېخىمۇ قاتناشتۇرۇش كېرەك .
جۇڭگو بارغانسېرى دۇنيا سىستېمىسىغا قوشۇلغانلىقتىن ھەمدە سىياسىي جەھەتتە ئاقىلانە بولمىغان شەكىلدە باشقا رايونلاردا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئېرىششكە

خالىمغاچقا ھەم ئامالسىز بولغاچقا، تارىختا جۇڭگو بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار رايونلار ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان دائىرىلەر پەيدا بولدى، مۇنداق ئەھۋال يېڭى ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىلىك سىياسىي تەڭپۇڭلۇقى قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى كورىيەنىڭ بۇ دائىرىگە ئېغىشىش ئېغىشماسلىقى ئاساسلىقى ياپونىيە-كورىيەنىڭ يارىششىنىڭ دەرىجىسىگە (ئامېرىكا تېخىمۇ ئاكتىپ ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك) باغلىق. قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگونىڭ ئېتىراپ قىلىشى بولمىسا، كورىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەس .

قانداقلا بولسىمۇن، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك سىياسىي سەۋەبلەرنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگو ئامېرىكىنى تەبىئىي ئىتتىپاقدىشى دەپ قارىشى كېرەك. ئامېرىكا ئەزەلدىن روسىيە ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش جۇڭگونىڭ زېمىنىنى ئىگەللىۋېلىش غەرىزىدە بولۇپ باقمىغان، ئەزەلدىن ئەنگلىيەگە ئوخشاش جۇڭگونى ھاقارەت قىلىپ باقمىغان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر ئامېرىكا بىلەن سىناقتىن ئۆتكەن ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق تونۇشى بولمىسا، جۇڭگونىڭ ئىزچىل چەتئەل مەبلىغىنى جەلىپ قىلالىشى، ئىقتىسادىنىڭ ئېششىغا كاپالەتلىك قىلالىشى ھەمدە رايونلۇق ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا ئىگە بولۇش مۇمكىنچىلىكى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئوخشاشلا، ئامېرىكا-جۇڭگو ئىستراتېگىيىلىك ماسلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا ئىشلىرىغا ئارىلىششىدىكى شەرقىي تۈۋرۈكى قىلمىسا، ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگودىن ئىبارەت رايونلۇق چوڭ دۆلەتنى تېخىمۇ كەڭ خەلقئارالىق ھەمكارلىق رامكىسىغا قاتناشتۇرغاندىن كېيىن، ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك مۈلكى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھىملىقى ياۋروپادىن قېلىشمايدۇ، تەسىر كۈچى ياپونىيەدىن ئېشىپ چۈشىدۇ .

ئەمما ياۋروپاغا ئوخشىمايدىغىنى، قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىدە پات يېقىندا دېموكراتىيە قاراۋۇلخانىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئامېرىكىنىڭ جۇڭگو بىلەن ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋىتىنى ئۇزلۇكسىز چوڭقۇرلاشتۇرىشى: دېموكراتىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكياندىكى ئاساسلىق شېرىكى، يەر شارى ئىشلىرىدىكى مۇھىم شېرىكى دېگەن ئېنىق تونۇش ئاساسىدا ئورنىتىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈردى. بۇ رايوندىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ياپونىيە يېتەكچى رول ئوينىيالايدىغان ئاسىيا چوڭ دۆلىتى بولالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ياپونىيە ئالدىنقى قاتاردىكى خەلقئارالىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولالايدۇ. توكيو ئەگەر يەر شارىۋى مەسىلىلەردىكى يېڭى كۈن

تەرتىپىدە ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتسە، بىرلا ۋاقىتتا رايونلۇق چوڭ دۆلەت بولۇش ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارە بولمىسا، ئۇنداقتا ياپونىيە يەر شارىۋى ئىشلاردا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان رول ئوينىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئىقتىدارىنىڭ ۋەزىپىسى ياپونىيەنى بۇ يۆلىنىشكە باشلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بولىشى كېرەك. ئامېرىكا-ياپونىيە ئورتاق ئىقتىسادىي بوشلۇقتا ئەركىن سودا كېلىشىمى ھاسىل قىلىش، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ ۋە يۇقىرىقى نىشاننى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ئىككى دۆلەت ئورتاق ھالدا بۇ كېلىشىمنىڭ رولى توغرىسىدا تەپسىلىي ئويلىنىپ كۆرۈشى كېرەك .

ئامېرىكا ياپونىيە بىلەن قويۇق سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ مەزكۇر رايوندىكى مۇددىئاسىغا ماسلاشسا، بىرلا ۋاقىتتا يەنە جۇڭگونىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆرۈشىگە قارشى تۇرىدۇ. پەقەت موشۇ ئاساستا ئامېرىكىنى مەركەز قىلغان يەر شارىۋى كۈچ، جۇڭگونىڭ رايونلۇق ھەل قىلغۇچ ئورنى ۋە ياپونىيەنىڭ خەلقئارالىق باشلامچى رولى بىرلەشكەن مۇرەككەپ ئۈچ تەرەپلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، ئاقىلانە بولمىغان ھالدا ئامېرىكا بىلەن ياپونىيەنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىش ئېھتىمال مۇنداق جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىقتا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مۇمكىن. ياپونىيەنىڭ ئاساسلىق رولى ئامېرىكىنىڭ يىراق شەرقتىكى مەڭگۈ چۆكمەيدىغان ئاۋىئاماتكىسى بولۇپ قالماسلىقى، ئامېرىكىنىڭ ئاسىيادىكى ئاساسلىق ھەربىي شېرىكى ياكى ئاسىيا رايونىدىكى يوشۇرۇن چوڭ دۆلەت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. خاتا ھالدا ياپونىيەنىڭ مۇنداق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش ئامېرىكىنى ئاسىيادىن ئايرىۋېتىدۇ، جۇڭگو بىلەن ئىستراتېگىيىلىك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىش كەلگۈسىگە تالاپەت يەتكۈزىدۇ ھەمدە موشۇ سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ پۇتكۈل ياۋروئاسىيا قۇرۇقلىقىدىكى مۇقىم جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىدۇ.

## ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى

ئېھتىمال 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى مەلۇم ۋاقىتتا ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسى بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. بۇ سىستېما ياۋروئاسىيا جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش، يەككە ھالەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن چوڭ دۆلەتنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.قىتئەلەر ھالقىغان مۇنداق بىخەتەرلىك كېلىشىمى كېڭىيىۋاتقان ش ئا ئە ت، روسىيە ھەمدە جۇڭگو ۋە ياپونىيە (ياپونىيە يەنىلا ئىككى تەرەپلىك بىخەتەرلىك شەرتنامىسى بويىچە ئامېرىكا تەرەپتە تۇرىدۇ) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ش ئا ئە ت ئالدى بىلەن چوقۇم كېڭىيىشى، بىرلا ۋاقىتتا روسىيەنى تېخىمۇ چوڭ رايون بىخەتەرلىكى ھەمكارلىق رامكىسىغا

كىرگۈزۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكىلىقلار بىلەن ياپونلار چوقۇم سۆھبەتلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىپ يىراق شەرق رايونىدا جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي ۋە بىخەتەرلىك ئۈچ بۇرجەك سۆزلىشىشنى باشلىشى كېرەك. ئامېرىكا، ياپونىيە، جۇڭگو ئۈچ تەرەپ بىخەتەرلىك سۆھبىتى ئەڭ ئاخىرىدا تېخىمۇ كۆپ ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ قاتنىشىشىنى جەلپ قىلىشى، ئاندىن تەرەققىي قىلىپ بۇ دۆلەتلەر بىلەن ياۋروپا بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتى سۆزلىشىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا، بارلىق ياۋروئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بىر قاتار يىغىنلارغا قاتنىشىشىغا يول ئېچىپ بېرىپ، قىتئە ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ مېخانىزملىشىش قەدىمى باشلىنىدۇ .

ۋاقتى كەلگەندە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى قاپلىغان، ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇبادا دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسەت زورۇر شەرت ھازىرلاپ بەرسە، مەزمۇنى بېكىتىلگەندىن كېيىن مېخانىزملىشىپ، بۇ سىستېمىنىڭ شەكىللىنىشى ئېھتىمال كېيىنكى ئون يىلدىكى ئەڭ مۇھىم يېڭى رامكا قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ يەرشارى مۇقىملىقىغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئۇنۇملۇك ھەمكارلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قىتئە ھالقىغان بۇ بىخەتەرلىك رامكىسى يەنە ياۋروئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر قايسى ئاساسلىق گەۋدىلەردىن تەشكىل تاپقان دائىملىق بىخەتەرلىك كومىتېتىنى قۇرۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا، ياۋروپا، جۇڭگو، ياپونىيە، روسىيە ۋە ھىندىستان ھەممىدە باشقا دۆلەتلەر ئورتاق ھالدا تېخىمۇ مېخانىزملاشقان، قىتئە ھالقىغان سىستېمىنىڭ يادروسى بولسا بولىدۇ. گەرچە ئامېرىكىنىڭ ياۋروئاسىيانى مۇقىملاشتۇرغۇچىسى ۋە كېسىم چىقارغۇچىسى بولۇشتەك ھەل قىلغۇچ رولى ئۆزۈن مۇددەت داۋاملاشسىمۇ، ياۋروئاسىيانى ھالقىغان بىخەتەرلىك سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بارلىققا كېلىشى ئامېرىكىنى بىر قىسىم يۈكلەردىن خالاس قىلىدۇ.

---

## ئەڭ ئاخىرقى يەرشارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتتىن كېيىن

يىراقتىن قارىغاندا، يەر شارى سىياسىيسىنىڭ تەغدىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر دۆلەت ھۆكۈمران كۈچلەرنى ئىگەللىۋېلىش ھالىتى بارغانسېرى ماسلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئامېرىكا تۇنجى ۋە بىردىنبىر ھەقىقىي يەر شارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالماي، ئېھتىمال ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇشى مۇمكىن .

بۇ مىللىي دۆلەتلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆز ئارا سىڭىشىشى سەۋەبىدىن بولۇپلا قالماي، يەنە بىلىم كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن بارغانسېرى كەڭ تارقالماقتا ۋە ھەمبەھىر بولۇنماقتا ھەممە دۆلەت چېگرىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. ئىقتىسادىي كۈچلەر تېخىمۇ تارقاقلىشىشى مۇمكىن. كەلگۈسىدە، قايسى بىر دۆلەتنىڭ ئامېرىكا

20-ئەسىرنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىدا دۆلەت ئىچى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ دۇنيادا ئىگىلىگەن نىسبىتى 30% كە يەتكەنلىكىگە ئوخشاش سەۋىيەگە يېتەلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى چوڭ ئەمەس، 1945-يىلى ئامېرىكا دۇنيا ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 50% نى ئىگەللىكەنلىكىنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. بەزى مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يەنىلا دۇنيانىڭ 20% نى ئىگەللەيدىكەن. 2020-يىلغا بارغاندا 10%~15% كە چۈشىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياۋروپا، جۇڭگو ۋە ياپونىيە قاتارلىق چوڭ دۆلەتلەرنىڭ نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئامېرىكا بىلەن باراۋەر سەۋىيەگە يېتىدىكەن. يەر شارى ئىقتىسادىغا مەلۇم بىر يەككە گەۋدە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئېنىقلا چوڭقۇر ھەربىي ۋە سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ .

بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىكى ۋە باشقىچە ئالاھىدىلىكى ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكىنى كېڭەيتىشنى ئاسانلاشتۇردى ھەمدە مۇنداق زومىگەرلىك قەتئىي مەنىدىكى بىرلا دۆلەتنىڭ زومىگەرلىكىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر جۇڭگو يەر شارىۋى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا، جۇڭگونىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ زورلۇق بىلەن بىر دۆلەت زومىگەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىۋاتىدۇ دەپ قارىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئادەم ئامېرىكىلىق بولالايدۇ، ئەمما پەقەت جۇڭگولۇقلارغا جۇڭگولۇق بولالايدۇ، بۇ تەرىپى بىر دۆلەتنىڭ يەر شارى زومىگەرلىكىگە باشقىچە ۋە مۇھىم توسالغۇ پەيدا قىلىپ قويىدى .

ماس ھالدا، مۇبادا ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك رولى ئاجىزلاشقا باشلىسا، ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارىۋى ھەممىدىن مۇھىم ئورنىنى ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق بولغاندا، كەلگۈسىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە:«ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى ھەممىدىن مۇھىم ئورنى دۇنياغا قانداقراق مىراس قالدۇرۇپ قويىدۇ؟» دىن ئىبارەت .

جاۋابى قىسمەن ھالدا بۇ خىل ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننىڭ قانچىلىك داۋاملىشىشىغا ھەمدە ئامېرىكىنىڭ قانچىلىك كۈچ ئارقىلىق كەلگۈسىدە تېخىمۇ رەسمىي ھالدا مۇقىملاشقان ئاساسلىق چوڭ دۆلەتلەر شېرىكلىك مۇناسىۋەت رامكىسىنى بەرپا قىلىشىغا باغلىق. ئەمەلىيەتتە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئامىللار سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ ئىجابىي ھالدا يەر شارىۋى كۈچلەردىن پايدىلىنىش پۇرستى نىسبەتەن قىسقا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. ھەقىقىي خەلقچىل دېموكراتىيە ئەزەلدىن خەلقئارادا يېتەكچى رولنى ئىگىلىگەن ئەمەس. ئەمەلىي كۈچكە ئىنتىلىش، بولۇپمۇ بۇ ئەمەلىي كۈچنى ئىشلىتىش تەلەپ قىلغان ئىقتىسادىي بەدەل ۋە ئادەمنى قۇربان قىلىش ئومۇملاشتۇرۇپ

ئېيتقاندا دېموكراتىيەنىڭ ماھىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ. دېموكراتىيىلىشىش دۆلەتنىڭ جاھانگىرلىكنى قوغلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ .
ئەلۋەتتە، كەلگۈسىگە ئالاقىدار ئەڭ چوڭ ئېنىقسىزلىق ئاملى ئېھتىمال ئامېرىكىنىڭ ئىقتىدارى يوق ياكى ئەمەلىي كۈچىنى ئىشقا سېلىشنى خالىمايدىغان بىرىنچى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇپ قېلىش قالماسلىقىغا باغلىق بولىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئىقتىدارسىز يەر شارىۋى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالامدۇ يوق؟ خەلق رايىنى تەكشۈرۈشتىن ئايان بولىشىچە، پەقەت ئاز بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار (13%) :«ئامېرىكا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە، داۋاملىق ھەل قىلغۇچ دۇنيا رەھبىرى بولىشى كېرەك» لىكىنى قوللىغان، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئامېرىكىلىقلار (76%):«ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرگە خەلقئارالىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقىدا ئۆزىنىڭ باراۋەر ئۈلۈشىنى ئورۇنلىشى كېرەك» لىكىنى قوللىغان .
ئامېرىكا كۈندىن-كۈنگە كۆپ خىللاشقان مەدەنىيەتلەر جەمئىيىتى بولىشىغا ئەگىشىپ، كەڭ كۆلەملىك ۋە بىۋاستە سىرتقى تەھدىتكە دۇچ كەلمىسىلا، دۆلەت ئىچىدە دېپلوماتىيە سىياسىيتى مەسىلىلىرىدە ئورتاق تونۇشقا كېلىشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. مۇنداق ئورتاق تونۇش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ھەتتا سوغاق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. بىراق، مۇنداق ئورتاق تونۇش ئاما ئومۇميۈزلۈك ھالدا چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ھەمدە تەھدىتكە ئۇچراۋاتىدۇ دەپ قارىغان دېموكراتىيە قىممەت قارىشىنى مەنبە قىلىپلا قالماي، ھاكىمۇتلەقلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى كۆپ قىسىم ياۋروپالىقلار بىلەن مەدەنىيەت ۋە مىللەت جەھەتتە يېقىنلىق ھېسسىياتىنى چىقىش قىلغان .
سىرتقى خىرىس كەمچىل بولغانلىقتىن، ئەگەر ئامېرىكىنىڭ دېپلوماتىيە سىياستى خەلقنىڭ تۈپكى ئېتىقادى ۋە ياكى ئېھ مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەدەنىيەت-ئىرق جەھەتتىكى ھېسداشلىقى بىلەن بىۋاستە چېتىشلىقى بولمىسا، ئەگەر بۇ خىل سىياسەت ئۆزۈن مۇددەت، بەزىدە بەدىلى يۇقىرى جاھانگىرلارچە ئارىلىششنى تەلەپ قىلمىسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا جەمئىيىتى دېپلوماتىيە سىياستىدە بىردەكلىككە كېلىشى تېخىمۇ تەس. ئامېرىكىنىڭ سوغاق ئۇرۇشتىكى تارىخىي غەلبىسىنىڭ تەسىرىگە ئالاقىدار ئېھتىمال ئىككى خىل چەكتىن ئاشقان نۇقتىئىنەزەرنىڭ سياسىي جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولىشى مۇمكىن. بىر نۇقتىئىنەزەر بولسا، سوغاق ئۇرۇش ئاخىرلاشتى، ئامېرىكا يەر شارىۋى ئارىلىششنى ئازايتىشى كېرەك، بۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ يەر شارىۋى ئورنىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئويلاشماسلىقى كېرەك دەپ قارايدۇ. يەنە بىر نۇقتىئىنەزەر بولسا، ھەقىقىي خەلقئارالىق كۆپ تەرەپلىمىلىكنى يۈرگۈزىدىغان چاغ يېتىپ كەلدى، ئامېرىكا ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. چەكتىن

**ئاشقان بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھىمايىچىلىرى ۋە سادىق قوللىغۇچىلىرى بار .**

**كەڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ئامېرىكىنىڭ چەتئەللەردە ھەقىقىي جاھانگىرلىك كۈچلىرىنى ئۇدا ئىشقا سېلىشى بىلەن ماسلاشماسلىقى مۇمكىن. بۇ خىل كۈچلەرنىڭ ئىشقا سېلىنىشى كۈچلۈك ئىدىئولوگىيىنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلىشى، پرىنسىپ جەھەتتىكى ۋەدىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ قانائەتلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، بۇ دۆلەتنىڭ يېتەكچى مەدەنىيتى بارغانسېرى ئاممۋى كۆڭۈل ئېچىشقا مەركەزلىشىپ قالدى، زور دەرىجىدە شەخسىي كەيپ-ساپا ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ كونتروللىقىغا ئۇچرىدى. ئاقىۋەت، ئامېرىكا چەتئەللەردىكى بەدىلى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان رەھبەرلىك ئورنىنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىشى ھەمدە زۆرۈر ئورتاق تونۇشنى ئۇرغۇتۇشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ، ئاممىباب ئۇچۇر تاراتقۇلىرى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىدى .**
**بۇنىڭدىن سىرت، ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپا ئىجتىمائىي راھەتپەرەسلىك مەدەنىيتىنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ھەمدە دىنىي ئاساس قىلغان قىممەت قارىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشى پەيدا قىلغان مەدەنىيەت تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلدى ( مەزكۇر كىتابنىڭ بىرىنچى بابىدا بايان قىلىنغان ئىمپېرىيە سىستېمىسىنىڭ زاۋاللىقىقا يۈزلىنىشى جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ). بۇنىڭدىن پەيدا بولغان مەدەنىيەت كىرزىسى ۋە زەھەرنىڭ يامرىشى، بولۇپمۇ ئامېرىكا يەنە ئىرق مەسىلىسى بىلەن ئارىلىشى كەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان ماددىي ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ئېھتىياج يەنە ئىستىمالغا ئىلھاملاندۇرىدىغان مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئەگەر بىر خىل تارىخىي ئەندىشە تۇيغۇسى، ھەتتا ئۈمىدسىزلىك غەرب جەمئىيىتىدىكى نىسبەتەن تەسىر بار قاتلامدا كۆرۈنەرلىك بولۇپ قالدى دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ .**
**تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى، داڭلىق تارىخشۇناس خەنس كوھىن (Hans Kohn) ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق تەجرىبىلىرىنى ھەمدە ھاكىمۇتلەقلىقنىڭ خىرىسى پەيدا قىلغان ۋەيران قىلغۇچ ئاقىۋەتلىرىنى خۇلاسىلىگەندىن كېيىن، غەربنىڭ «ماغدۇرىدىن كېتىپ قېلىشى» دىن ئەنسىرىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئەنسىرەپ :**
**-20ئەسىردىكى ئادەملەر ئۆزىگە ئىشىنىشتە 19-ئەسىردىكى ئەجدادلىرىغا يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن تارىختىكى قاراڭغۇ كۈچلەرنى كۆرۈپ يەتتى. ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم ئىشلار: ئەسەبىي ئېتىقاد، مۇتلەق توغرا داھىيلىق، قۇللۇق ۋە قىرغىن قىلىش، نوپۇسنىڭ يوقىلىشى، شەپقەتسىزلىك ۋە ياۋايىلىق يەنە قايتا**

پەيدا بولدى .

سوغاق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىششىنىڭ ئاقىۋىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىك كىشىلەرنىڭ ئەنسىرىسىنى تېخىمۇ يوقاتتى. ئورتاق تونۇش ۋە ئىناقلىق ئاساسىدىكى «يېڭى دۇنيا تەرتىپى» شەكىللەنمەيلا قالماستىن، «پەقەت ئۆتمۈشكىلا تەۋە نەرسىلەر» تۈيۈقسىز كەلگۈسىگە ئايلىنىپ قالدى. گەرچە ئىرق ۋە مىللىي توقۇنۇش ئۇرۇش خەتىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالمىسىمۇ، ئەمما دۇنيانىڭ نۇرغۇن رايونلىرىنىڭ تىنچلىقىغا ھەقىقەتەن تەھدىت سالماقتا. شۇڭا كەلگۈسىدىكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇرۇش ئۆتمۈشتىكى نەرسە ھېسابلانمايدۇ. باي دۆلەتلەر نىسبەتەن يۇقىرى تېخنىكا ئىقتىدارى ۋە ئۆز مەنپەئەتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۆز-ئۆزىنى ۋەيران قىلىشتىن ساقلىنالايدۇ، ئۇرۇش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نامراتلارلا بەھرىمان بولالايدىغان كاتتا سوۋغا ھېسابلىنىدۇ. كەلگۈسىدە، يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگەللەيدىغان نامراتلار ئېھتىمال بايلارنىڭ ئۇلارغا بولغان چەكلىمىسى بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ .

ئوخشاشلا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، خەلقئارالىق توقۇنۇش ۋە تېرورىزىملىق ھەرىكەتلىرى ھازىرغا قەدەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ھالدا كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى ئىشلىتىپ باققىنى يوق. ئۆزىنى مۇنداق تۇتۇۋېلىشنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە ئامالسىز. ھەر قايسى دۆلەتلەرلا ئەمەس، يەنە ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭمۇ يادرو قورالى ياكى باكتېرىيە قورالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك ئۆلۈم-يېتىم پەيدا قىلىش ۋاستىسىغا ئېرىشمىكى بارغانسېرى ئاسانلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بۇ قوراللارنى ئىشقا سېلىش مۇمكىنچىلىكى مۇقەررەر ئاشىدۇ .

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا دۇنيادىكى ھەممىدىن مۇھىم چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنچە كەڭرى بولمىغان تارىخىي پۇرسەت كۆزنىكىگە دۇچ كەلدى. نۆۋەتتە، نىسپىي دۇنيا تىنچلىقى قىسقا بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق كەلگۈسى ئامېرىكىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىغا قاتنىششىنى جىددىي تەلەپ قىلدى. مۇنداق قاتنىشىش ھوقۇم ئاڭلىق ھالدا مۇھىم نۇقتىنى خەلقئارالىق جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش ھەمدە غەرب دۇنياسىنىڭ تارىخىي ئۈمىدۋارلىق كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈستىگە قويۇشى كېرەك. مۇنداق ئۈمىدۋارلىق بىرلا ۋاقىتتا ئىچكى ئىجتىمائىي خىرىسقا ۋە سىرتقى جۇغراپىيىۋى سىياسەتنىڭ خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئىپادىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

بىراق، غەربنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى قايتىدىن قوزغىتىش ۋە غەربنىڭ قىممەت قارىشىنى تارقىتىش پەقەت ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغىلا تايانمايدۇ. ياپونىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ئەمەلىيتى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانىي ھوقۇق نۇقتىئىنەزىرى ۋە دېموكراتىيىلىشىش تەجرىبىسىنىڭ

مۇھىملىقى مەيلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسۇن، ئاسىياغىمۇ ماس كېلىدۇ. شۇڭا دېموكراتىيەنىڭ ياپونىيە ۋە ھىندىستاندا داۋاملىق ئوڭۇشلۇق بولىشى كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى يەر شارى سىياسىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشتا ناھايىتى مۇھىم. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ تەجرىبىسى ھەمدە جەنۇبىي كورىيەنىڭ مۇۋاپىقىيىتى، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ داۋاملىق ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يەنە سىرتقى دۇنيانىڭ جۇڭگونى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ خەلقئارالىق سىستېمىلارغا قاتناشتۇرىشى ئارقىلىق ئىسلاھات بېسىمى قىلىش ئېھتىمال جۇڭگو تۈزۈلمىسىنىڭ پەندىنپەي دېموكراتىيىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن .
بۇ خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئامېرىكىنىڭ ۋەزىپىسى ھەم ئۆزگىچە مەسئۇلىيىتى. ئامېرىكا دېموكراتىيىسىنىڭ رېئاللىقنى ئويلاشقاندا، ئۇنۇملۇك ئامال بولسا ئامىمنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ۋە مۇقىم جۇغراپىيىلىك سىياسىي ھەمكارلىق رامكىسى ھاسىل قىلىش جەھەتتە، ئۆزۈن مۇددەتلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىنى تەلەپ قىلىشتۇر. بۇ رامكا پۈتكۈل يەر شارىنى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن ساقلاش بىلەن بىرگە، يېڭى بىر چوڭ دۆلەتنىڭ خىرىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇۋاپىقىيەتلىك توساپ قالىدۇ. يەر شارىنى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن ساقلاش ۋە رەقىبىنىڭ پەيدا بولىشىنى توسۇشتىن ئىبارەت ئىككى نىشان بىلەن ئامېرىكىنىڭ تېخىمۇ يىراق نىشانىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. دەل بۇ نىشان ئۇزۇن مۇددەتلىك يەر شارى جۇغراپىيىلىك سىياسىي ھەمكارلىق رامكىسىنى بەرپا قىلىدۇ .
ئەپسۇسلىنارلىقى تاكى ھازىرغىچە، ئامېرىكا ئۇچۇن بەلگىلەنگەن سوغاق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاساسلىق يەر شارىۋى نىشان جەھەتتىكى كۆرستىلگەن تىرىشچانلىقلار ئىزچىل بىر تەرەپلىمە بولۇپ كەلدى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق شارائىتىنىڭ ئېھتىياجىنى ياخشىلاش ۋە ئامېرىكا كۈچلىرىنىڭ دۇنيا ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئورنىنىڭ زۆرۈرلىكىنى باغلىيالمىدى. يېقىندىكى بىر قىسىم ئۇرۇنۇشلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. كىلىنتون ھۆكۈمىتى تەختكە چىققان دەسلەپكى ئىككى يىلدا، «ھاكىممۇتلەق كۆپ تەرەپلىملىك» نى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، ھازىرقى زاماندىكى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئويلىنىپ كۆرمىدى. كېيىن ئورنىنى ئالغان مۇھىم نۇقتا بولسا ئامېرىكا دىققىتىنى يەر شارىدا «دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش» كە مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇ قىلىش بولدى. ئەمما بۇ يەنىلا ئامېرىكا ئۇچۇن مۇھىم بولغىنى يەر شارى مۇقىملىقىنى ساقلاش ئىكەنلىكىنى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلىق چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرمىدى، مەسلەن جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ چوڭ دۆلەتلەر يەنىلا دېموكراتىك ئەمەس .

ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى سىياستى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كۆپلىگەن قىزىق نۇقتىلىق تەشەببۇسلار مەسىلەن، يەر شارى كىرىم تەقسىماتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇۋاتقان باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىشنى تەكىتلەش، روسىيە بىلەن ئالاھىدە «پىشىپ يېتىلگەن ئىستراتىگىيىلىك شىرىكلىك مۇناسىۋەت» ئورنىتىش ياكى قوراللارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەش قاتارلىق تەشەببۇسلار كىشىنى رازى قىلالمىدى. ئامېرىكا مۇھىت ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىش ياكى تېخىمۇ تار ھالدا دىققىتىنى رايونلۇق ئۇرۇشلارنى تىزگىنلەشكە قارىتىشى كېرەك دېگەندەك بىر قىسىم تەشەببۇسلار يەر شارى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتىگە سەل قارىدى. نەتىجىدە يۇقىرىدىكى تەشەببۇسلار ئەقەللىيسى يەر شارى جۇغراپىيىۋى سىياستىنىڭ مۇقىملىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى تولۇق ئويلاشمىدى، مۇنداق مۇقىملىق دەل ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى ئۇزارتىش، ئۇنۇملۇك ھالدا يەر شارىنى ھۆكۈمەتسىز ھالەتتىن ساقلىشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى .

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىي نىشانى شەك-شۈبھىسىزكى قوش ئۆلچەملىكتۇر. بىرىنچىدىن، ئامېرىكىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ھېچ بولمىغاندا بىر ئەۋلاد ياكى تېخىمۇ ئۇزۇن ساقلاپ قېلىش. ئىككىنچىدىن، جۇغراپىيىۋى سىياسەت رامكىسى قۇرۇش. بۇ رامكا ئىجتىمائىي سىياسىي ئىسلاھات مۇقەررەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەربە ۋە زىياننى يېنىكلىتىدۇ، يەنە تىنچ ھالدا يەر شارىنى باشقۇرۇش مەسئولىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغان جۇغراپىيىۋى سىياسەت يادروسىغا ئايلىنالايدۇ. ئامېرىكىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە كېلىشتۈرۈشى ئاستىدا، نىسبەتەن ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە، ياۋروپا بىلەن ئاساسلىق شېرىكلىك ھەمكارلىقىنى پەيدىنپەي كېڭەيتىش، ئەڭ ئاخىرىدا ھازىرقى بارغانسېرى كونىراۋاتقان ب د ت تۈزۈلمىسىنى يېڭىلاشتا ئالدىنقى شەرت ھازىرلاشقا پايدىلىق. مۇنداق بولغاندا، مەسئولىيەت ۋە ھوقۇقنىڭ قايتىدىن تەقسىملىنىشىدە يەر شارى كۈچلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەمەلىيىتىنى تولۇق ئويلاشقىلى بولىدۇ. 1945-يىلدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا، يەر شارى كۈچلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى .

بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ باشقا بىر تارىخىي ئەۋزەللىكى بار، ئۇ بولسىمۇ ئەنئەنىۋى مىللىي دۆلەتلەر سىستېمىسىنىڭ سىرتىدا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان يەر شارى مۇناسىۋەتتى يېڭى تورىدۇر. دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار (نۇرغۇنلىرى دۆلەت ھالقىغان ماھىيەتكە ئىگە) ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر تەشكىللىگەن تور، ئېنتېرنېت تورى ئارقىلىق يولۋاسقا قانات چىققاندەك، ئاللاقاچان بى رەسمىي يەر شارى سىستېمىسى ئورنىتىپ بولدى. بۇ سىستېما بارلىققا كېلىشى بىلەنلا تېخىمۇ مېخانىزىملاشقان ۋە تېخىمۇ سىغدۇرۇشچانلىققا ئىگە يەر شارى ھەمكارلىقى بىلەن

بىردەك بولۇپ كەلدى .

كېيىنكى نەچچە ئون يىلدا، جۇغراپىيىۋى سىياسىي رېئاللىقنى ئاساس قىلغان ھەمدە رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان يەر شارىۋى ھەمكارلىق قۇرۇلمىسى موشۇنداق بارلىققا كېلىدۇ، دۇنيا مۇقىملىقنى ۋە تىنچلىقنى قوغداشنى ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالغان «ھۆكۈمرانلار» نىڭ مىراسىنى ئۆتكۈزىۋالىدۇ. بۇ ئىشلاردىكى جۇغراپىيىۋى ئىستراتېگىيىنىڭ مۇۋاپىقىيىتى تۈنجى، بىردىنبىر ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىي يەر شارىۋى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئامېرىكا جارى قىلدۇرغان رولىنىڭ مۇناسىپ مىراسلىرىدۇر .

ئىزاھاتلار :

①1997-يىلى 2-ئايدا، خەلقئارا ئىستراتېگىيە مەركىزى بىرىيۇسىلدا ئامېرىكا-ياۋروپا مەسىلىلىرى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقاندا، بۇ نىشان ئۈچۈن بىر قىسىم ئىجابىي تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ تەكلىپلەر ھۆكۈمەت قىزىل رەقىمنى ئازلىتىشتا قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ھەمدە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇداپىئە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ياۋروپانىڭ ش ئا ئە ت دا تېخىمۇ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك ياۋروپا مۇداپىئە سانائىتى بازىسى قۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. بىر تىزىملىكتە ياۋروپانىڭ تېخىمۇ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئالاقىدار باشقا تەكلىپلەرمۇ كۆرسىتىلگەن، David C.Gompert and F.Stephen Larrabee, eds, America and Europe: A Partnership for a New Era (Santa Monica, Calif:RAND,1997) دىن پايدىلىنىڭ

②بۇ يەردە خەلقئارا ئىستراتېگىيە تەتقىقات مەركىزىدىكى خىزمەتدىشىم ئانتونىي H كوردېسمان (Anthony H.Cordesman) نىڭ ئاقىلانە پىكرىنى نەقىل قىلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇرۇش ئىنستىتۇتىدا سۆزلىگەن نۇتۇق ئورگىنالى . «The American Threat to the United States, February 1997,p.16» ئۇ كىشلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم مەسhلەردە، ھەتتا بىر قىسىم دۆلەتلەرنى كۆپتۈرۈش خاھىشىدىن ئاگاھ بولۇشنى نەسىھەت قىلىدۇ.ئۇ:«ئىران، ئىراق ۋە لىۋىيەگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئامېرىكا ھەقىقەتەن تەھدىت پەيدا قىلغان، ئەمما تەھدىتى چەكلىك بولغان دۇشمەن ھاكىمىيەتنى كۆپتۈرۈپ تاشلىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن ھەر قانداق يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ۋەزىيەتنى يىغىشتۇرغىلى بولىدىغان لاھىيەنى تۈزۈپ چىقالمىدى، ئامېرىكىنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى بۇ دۆلەتلەرنى پۈتۈنلەي يېتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىسا بولمايدۇ، ئۇلارنى ھەممىسى ئوخشاش بولۇمسىز ياكى تېرورىزمچى دۆلەت دەپ قارىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. ....ئامېرىكا ئەخلاق چەكلىمىسى ئۈنچە ئېنىق بولمىغان دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ....» دېگەن .

③"An Emerning Consensus-A Study of American Public Attitudes on America's Role in the World" (College Park:Center for International and Security Studies at the University of Maryland, July 1996) . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ھەمدە ئىلگىرى بايان قىلغان بىلەن ئوخشىمايدىغىنى، بۇ مەركەز 1997-يىلىنىڭ بېشىدا قىلغان تەتقىقاتى [ئاساسلىق تەكشۈرگۈچى ستېۋېن كۇل (Steven Kull)] مۇ خېلى كۆپ قىسمى ش ئا ئە ت نىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى قوللىغانلىقى ئايان بولدى (62% قوللىدى، بۇنىڭدا 26% كۈچلۈك قوللىدى؛ پەقەت 29% قارشى تۇردى، بۇنىڭدا 14% كۈچلۈك قارشى تۇردى .

④. Hans Kohn, The Twentieth Century (New York:1949), p.53

مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسى 2010-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنى تاماملاندى، 2011-يىلى 10-ئايغىچە تەھرىرلەندى، 2012-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى روزى ھېيت ھارپىسىدا قايتا تەھرىرلەش ۋە ئېلان قىلىش تاماملاندى .